# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى


# گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى



گۇما ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
# 新疆维吾尔自治区
# گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى
# 皮山县地名图志

(ئىچكى ماتېرىيال)




گۇما ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

1986 ـ يىل 9 ـ ئاي



قاتار كەتكەن تېرەكلەر



بويسۇندۇرۇش



كەڭ-ئازادە ئاسفالت يول

# كىرىش سۆز

«گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» «گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى» ئاساسىدا تۈزۈلگەن يەر ناملىرىغا ئائىت مەخسۇس كىتابدۇر. بۇ كىتاب ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ تەھرىرلەپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشىر قىلىندى.

يەر ناملىرى مىللىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە، خەلقارا ئالاقىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان قوراللارنىڭ بىرى. «يەر ناملىرى تەزكىرىسى» يەر ناملىرى خىزمىتىنىڭ ئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن جايلارنىڭ «ناملىرىنى توغرىلايدۇ»، يەر نامىنى ئۆلچەملەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ، مەرىپەت بىلەن تەبىئەتنىڭ، مىللەت بىلەن تىلنىڭ، ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يەر ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى، مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ داۋاملىشىشىنى ھەمدە يەر نامىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش، ئالمىشىش قانۇنىيىتىنى خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ يەر ناملىرى ئۈچۈن «تەزكىرە» بولۇشى بىلەن بىللە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تارماقلارنى ئۆلچەملىك يەر ناملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ماتېرىيال خاراكتېرىگە، ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە قورال كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»گە: مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ ناملىرى، كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى، سۈنئىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ناملىرى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرى، مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ ناملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن قارىمىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ناملىرىدىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈردىكى يەر ناملىرى كىرگۈزۈلدى.

«گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نىڭ تۈزۈلۈشى 1985-يىلىغىچە بولىدى. خاتىرىلەنگەن يۆنىلىش ۋە ئارىلىق ناھىيە، بازار، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغىچە بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقىدىن ئىبارەت. يەر ناملىرى خەرىتىسىدىكى يېزا، مەيدان، چارۋىچىلىق رايونلارنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈش سىزىقى تېخى ئەمەلىي ئۆلچەنمىگەن بولۇپ، ئۇنى چېگرا ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت تارىختا ئادەتلەنگەن بويىچە ئايرىلدى. مىللەت، تىل ئايرىمىسىغا ئىزاھات بېرىلمىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىگە، ئۇيغۇر تىلىغا تەۋەدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچە پىنيىنى

ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلدى.

«گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نىڭ نەشىر قىلىنىشى دۆلەتنىڭ "4 نى زامانىۋىيلاشتۇرۇش" قۇرۇلۇشى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك يەر ناملىرى ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىدىن كېيىن ھەرقايىسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كەسپىي تارماقلار يەر ناملىرىنى قوللىنىشتا بىردەك «گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ يەر ناملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقى بولمايدۇ. جايلارغا نام بېرىش، نامنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە چوقۇم گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك يەر ناملىرى كومىتېتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش رەسمىيىتى ئۆتەلگەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش ھەققىدە پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

گوما ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى

1986-يىل 2-ئاي

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز
كوئنلۈن باغرىدا
گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىشارەتلىك خەرىتىسى
گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
گۇما ناھىيىسىنىڭ قاتناش ۋە سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى
گۇما ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى .................................................. 1
گۇما ناھىيىسى مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى .......................... 7

## مەمۇرىي بۆلۈنۈشى ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ ناملىرى

گۇما بازىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
گۇما ناھىيە شەھەر رايونى كوچىلىرىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى
گۇما بازىرى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى) .................................. 11
دۇۋا بازىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
دۇۋا بازىرى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 33
قوشتاغ يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
قوشتاغ يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 49
كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
كۆكتېرەك يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 75
سانجۇ يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
سانجۇ يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 97
مۇجى يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
مۇجى يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 121
موكويلا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
موكويلا يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 135
زاڭگۇي يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
زاڭگۇي يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)...................................... 153

پىشنا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
پىشنا يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)........................165
چودا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
چودا يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)........................175
پىيالما يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
پىيالما يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)........................185
باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
باشلەڭگەر يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەرناملىرى)........................191
ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى) ....................201
كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)....................217
گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)....227
گۇما ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدان (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)....................231

## كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىي مەيدانلارنىڭ ناملىرى....................233
ئىستانسا، پونكىت، داۋبەن، ئايرودروملارنىڭ ناملىرى ....................234
كارخانا، كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ناملىرى ....................240

## سۈنئىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ناملىرى

سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، زاكۇ، تاشيول، قۇدۇقلارنىڭ ناملىرى....................255

## تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرى

تاغ، تاغ ئېغىزى، ئۆڭكۈرلەرنىڭ ناملىرى ....................271
دەريا، كۆل، بۇلاق، جىلغا، سازلىقلارنىڭ ناملىرى ....................275
قۇملۇق، چۆل، يەر بۆلەكلىرىنىڭ ناملىرى ....................286

## مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ ناملىرى

خانىقا، قەدىمكى خارابە، سۈرەتتاش، قورۇ ناملىرى ....................293

ئشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ناملىرى


شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى (ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر ناملىرى)............... 301


سۈرەتلەر

قوشۇمچە


ج ك پ گۇما ناھىيىلىك كومىتېتى تەستىقلاپ چۈشۈرگەن گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ «ناھىيىمىزنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليۇرۇق سوراش دوكلاتى» ......323
گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گۇما ناھىيە شەھىرىدىكى كوچا، تاشيول، كۆۋرۈكلەرگە نام بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ..................................328
گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى......330
ئۆلچەملىك يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ......................333
مەمۇرىي رايونلارنىڭ يېڭى-كونا ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى........................384
ئاخىرقى سۆز ............................................................393

# شەرتلىك بەلگىلەر


| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆۋرۈك |  | دۆلەت چېگرىسى |  |
| ئېلېكتر ئىستانسىسى |  | ۋىلايەت چېگرىسى |  |
| كۆمۈر كان |  | ناھىيە، بازار، يېزا چېگرىسى |  |
| توغان |  | شەھەر، ناھىيە |  |
| يار |  | يېزا، بازار |  |
| ئاسارئەتىقە |  | كەنت كومىتېتى |  |
| ئوق تاشيول |  | تەبىئىي كەنت |  |
| ئادەتتىكى تاشيول |  | دەريا |  |
| چىغىر يول |  | پەسىللىك دەريا |  |
| چوققا |  | بۇلاق |  |
| تاغ ئېغىزى |  | قۇدۇق |  |
| قۇم |  | سۇ ئامبىرى |  |
| دەشت |  | زاكۇ |  |



ئۈرۈمچى شەھىرى

# گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىشارەتلىك خەرىتىسى



# گوما ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى






تزملرى
تاغ
كوئنلۇن
خوتەن
شەبدۇللا
تاشيولى
سۆگەتقورۇل
قاۋاق
قاۋاقداۋان
ناھىيسى
قاراقورۇم
قاراقورۇم تاغ ئېغىزى
1:1200000
قەشقەر
ۋىلايىتى
1:450000

# گۇما ناھىيىسىنىڭ قاتناش ۋە سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى

1:400000



# گۇما ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي مېرىدىيان 77°31′ بىلەن 79°38′ ئارىلىقىدا، شىمالىي پاراللېل 35°22′ بىلەن 39°01′ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. شەرق تەرىپى خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى تەرىپى مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىگە تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپى ھىندىستان، پاكىستان دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى 423 كىلومېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى 67.5 كىلومېتىردىن 144.5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 41368.5 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي گۇما بازىرى گۈلباغ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 1015 كىلومېتىر.

گۇما ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۆز قارمىقىدا گۇما، دۇۋادىن ئىبارەت ئىككى بازار، 12 يېزا، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىككى مەيدان بار. ناھىيە بويىچە 188 كەنت كومىتېتى، 677 تەبىئىي كەنت، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق 54 پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇن بار. 42615 ئائىلە، 166695 كىشى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 162230، خەنزۇلار 2946، تاجىكلار 796، قىرغىزلار 601، خۇيزۇلار 80، زاڭزۇلار 19، قازاق، ئۆزبېك، چاۋشيەن مىللەتلىرى بەشتىن، مياۋزۇ تۆت، شىۋە ئىككى، رۇس ئىككى نەپەر.

بۇ ناھىيىنىڭ نامى خەنزۇچىدا «皮山 (پىشەن)» دېيىلىدۇ. «皮山 (پىشەن)» دېگەن ئاتالغۇ غەربىي* خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ، تەخمىنەن 3-ئەسىردىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدا شەكىللەنگەن قۇرىغاردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. دۆلەت نامى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە خەنزۇچە «皮穴国 (پىشۆە دۆلىتى)»، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە «蒲山国 (پۇشەن دۆلىتى)» دەپ ئاتالغان. «قۇرىغار تەزكىرىسى» دە «皮什南 (پىشىنەن)» دەپ ئېلىنىپ، «皮什南 (پىشىنەن) دېگەن سۆز ئىتتىك ئوقۇلۇپ 皮山 (پىشەن) بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. «چىندىڭخۇاڭ ۋە قۇرىغار تەزكىرىسى» دە «皮什雅 (پىشيا)» دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈي-نىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) چىڭ خاندانلىقى قاغىلىقتىن گۇما، سانجۇ ئىككى چوڭ كەنتنى ئاجرىتىپ مەزكۇر ناھىيىنى تەسىس قىلغاندا، ئۇنىڭغا قەدىمكى پىشەن دۆلىتىنىڭ نامىنى ناھىيە نامى قىلىپ قوللانغان، بىراق ئۇيغۇرچە "گۇما ناھىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ.

پىشەن (皮山) — بىر ئېيتىلىشتا خەنزۇچە ئاتالغۇ ئىكەن. «غەربىي جەنۇبتىكى يىللار،

گۇاڭدۇڭ-گۇاڭشى ۋە چاۋشيەنىڭ يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىدا: «皮山 (پىشەن)— (بىشەن)نىڭ غەيرى تەرجىمىسى»، بۇنىڭ مەنىسىنى «يېرى تاغقا ياندىشىدىغان دېمەكتۇر، 蓽山 دەپ چۈشىنىش كېرەك، دەپ ئىزاھات بېرىلگەن («تارىخنامە. خەنشىن ھەققىدە قىسسە»). يەنە بىر تۈرلۈك ئېيتىلىشىتا 皮山 (پىشەن) دېگەن ئاتالغۇ 3-ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى، ئەينى زاماندىكى ساق تىلىدا ۋە قەدىمكى خوتەن تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ تىل تۈرى تۈركلەشكەن قەدىمكى خوتەن تىلى بولۇشى كېرەك، دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

گۇما ناھىيىسى ئۈرچۈق شەكلىدە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. جەنۇبىي قىسمى ئېگىز تاغلىق رايون بولۇپ، تاغلار تىك ھەم تۇتاش سوزۇلۇپ كەتكەن. ئەڭ ئېگىز چوققىسى 6386 مېتر كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسىم يەر تۈزۈلۈش سىستېمىلىرى گۇما دەريا-ئېقىنلىرى شەكىللەندۈرگەن تاشقىن لاتقىلىق تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. ئون نەچچە پارچە بوستانلىقنى شېغىل تاشلىق سايلار بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. بوستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 667 مىڭ مو بولۇپ، قۇم شورلۇق تۇپراقتىن ئىبارەت. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتردىن 1800 مېترغىچە بولغان جايلار ناھىيە ئىچىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي قىسمى قۇملۇق تۈزلەڭ ۋادە بولۇپ، يەر تۈزىلىشى سەل ئېگىز-پەس، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتر، قىسمەن رايونلاردا يۇلغۇن، چىغ، توغراق قاتارلىق ئورمان بايلىقلىرى بار.

گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. قىش ۋە ياز پەسلى ئۇزۇن، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىسقا، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8°C، ئەڭ ئىسسىق بولغان 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.3°C، ئەڭ سوغۇق بولغان 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -6.1°C، تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى كۆتىرىلگەندە 41°C قا چىقىدۇ، ئەڭ تۆۋەنلىگەندە -22.9°C قا چۈشىدۇ. يىللىق قىراۋسىز مەزگىل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 217 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي ۋاقىت 2466.8 سائەت چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 51.3mm، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2412.9mm بولۇپ، تەخمىنەن يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 40 ھەسسىسىگە باراۋەر. يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ. ھاۋا رايىدىكى ئاساسلىق ئاپەتلەر ئۈششۈك، بوران، قۇرغاقچىلىق، قاتتىق ئىسسىق، چاڭ-توزاڭلىق شامال بولۇپ، ئەڭ چوڭ بوران كۈچى تەخمىنەن 8 بالدىن يۇقىرى بولىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بوراننىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 17.2 مېترغا يېتىدۇ. 1979-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا چىققان بىر قېتىملىق ئىسسىق بوراندا 12547 مو يەرنىڭ زىرائىتى نابۇت بولغان، 432 تۇياق چارۋا مال ھالاك بولغان.

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىن باشلىنىدىغان قوشتاغ دەرياسى، سۇلىغاز دەرياسى، سانجۇ

دەرياسى، پوسكا دەرياسى، دۆۋا دەرياسى قاتارلىق بەش دەريا مۇز تاغدىكى تۆپى-تۆپىلەپ يىغىلىپ قالغان قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان تولدۇرما ئېقىنلار بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يەرلەرنى سۇغۇرىدىغان ئاساسلىق يەر ئۈستى سۇلىرىدۇر. بۇ دەريالاردىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 750 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئاقىدۇ، ئۆتىدىغان رايونلارنىڭ كۆلىمى 4064 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 647600000 كۇب مېتىر. يەر ئاستى سۇ زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىر. گۇمىنىڭ دەريا-ئېقىنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش ھەمدە ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەريانىدا تاغلىق رايونلار ۋە تۈزلەڭ-لىكلەردە بولۇپ جەمئىي ئون سۇ ئامبىرى ياسالغان. بۇ ئامبارلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 48 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر. كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى توققۇز بولۇپ، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2379 كىلوۋاتلىق. ھەر خىل سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرى 2442 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇن-لۇقى 1755 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياتقۇزۇپ ياسالغىنى 165 كىلومېتىر. كۆۋرۈك، خەندۇق، زاكۇ قاتارلىق قۇرۇلۇشلار 6381، ئومۇمىي سۇ باشلاش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 250 كۇب مېتىر، قېزىلغان ماشىنىلىق قۇدۇق 221، بۇنىڭدىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ پايدىلىنىۋاتقىنى 191، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 10 مىڭ موغا يېتىدۇ.

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 429 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىم يەر كۆلىمىنىڭ 99% نى ئىگىلەيدۇ.

گۇما ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ئۇزۇن، قەدىمكى زاماندىلا تارىم ئويمانلىقى گىرۋىكىدىكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان جايلارنىڭ بىرى بولغان. ھازىرقى ئومۇمىي تېرىم يەر كۆلىمى 429 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 70% نى ئىشغال قىلىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 294 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، مايلىق زىرائەت، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر ھەمدە قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە، پىلە، ئۈزۈمچى-لىك قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 1985-يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 109 مىليون 538 مىڭ 300 جىڭ، مايلىقدان 3 مىليون 330 مىڭ جىڭ، پاختا 25601 دەن بولدى. 4284 قۇتا پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، 21927 جىڭ پىلە غوزىسى ئېلىنىپ، بىرلىك مەھسۇ-لاتى 49.5 جىڭ بولدى. بىر يىللىق يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن ئومۇمىي كىرىم 36 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 187.48 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 730 جىڭ بولدى.

جەنۇبىي قىسىم تاغلىق رايوننىڭ ئېگىزلىكلىرىدىكى ئويمان ئوتلاقلاردا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى چۆللەردە 282 ئورۇندا تەبىئىي يايلاق ھەم پەسىل خاراكتېرلىق چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 8 مىليون 119 مىڭ مو كېلىدۇ. تاغلىق رايوندىكى ئوتلاقلاردا كۆپۈنچە ياپچان، شاپ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. قۇملۇق چۆللەردە كۆپۈنچە يۇلغۇن، توغراق، يانتاق، چىغ قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. بۇ جايلار چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەبىئىي بازا ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىق-

لارنى قوشۇمچە باقىدۇ. 1985 ـ يىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 336338 تۇياق، پۈتۈن يىللىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليون يۈەن بولدى.

ئوتتۇرا قىسىم تاغلىق رايوندىكى سۇ مەنبەلىرىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تەبىئىي ئورمانزارلىق ۋادە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرلەردە كۆئىنلۈن ئارچىسى، ئاز مىقداردا يۇلغۇن ۋە تاغ سۆگىتى بار بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 40 مىڭ مو، زاپىسى 8400 كۇب مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدە كۆپىيىۋاتقان تەخمىنەن 60 مىڭ مو كېلىدىغان ئىپتىدائىي توغراقلىق بولۇپ، زاپىسى 2300 كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئۇ، بۇ رايوننىڭ قۇمنى مۇقىملاشتۇرىدىغان تەبىئىي توسىقى ھېسابلىنىدۇ. پەس تاغلىق رايون ھەمدە تاغ ئالدىدىكى تىندۇرما تۈزلەڭلىك ۋادە سۈنئىي ئورمان ئۆستۈرۈش رايونى بولۇپ، تېرەك، سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرىنى تىكىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە قىلىپ ئاز مىقداردىكى ئاكاتسىيە، سېدە (قارىياغاچ)، ئەرمىدۇن (ياسىن) قاتارلىق قاتتىق ياغاچلىق دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. مېۋىلىك ئىقتىسادىي ئورمانچىلىقتا ياڭاق، ئۈزۈمتال، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈژمە، نەشپۈت ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چىلان، ئالۇچا، جىنەستە، ئەينۇلا، ئەنجۈر، بادام قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ. سۈنئىي ئۇسۇلدا ئەھيا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 22 مىڭ مو بولۇپ، زاپىسى 60309 كۇب مېتىر كېلىدۇ. 1985 ـ يىلى سېلىنغان ئورمان كۆلىمى 15604 موغا يېتىپ، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليون 884 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

ناھىيە دائىرىسىدە كان بايلىقى بىرقەدەر مول. دۇۋا كان رايونىدىكى كۆمۈر زاپىسى تەخمىنەن بىر مىليون توننا، باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ يۇلچۇقدىكى گۈڭگۈرت كانىنىڭ زاپىسى 47 مىڭ توننا چىقىدۇ، پوسكىدىن گەج چىقىدۇ، كىلياڭدا چىرىمتال (سىگىرتاش) بار، ھەيىنەزەردە چىرىمتال، خرۇستال كېنى قاتارلىقلار بار. تەۋەسىدىن يەنە قانتېپەر، چۇچۇكسۇيا، چاكاندا، بۆردسامسىقى، ئىت ياڭىقى (ۋاڭ) قاتارلىقلار چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن كۆكمەك، كېيىك، داۋىغان، سۇلەيسۇن، ئۇلا، بۈركۈت، قارچۇغا ھەم ئاز مىقداردىكى كەم ئۇچرايدىغان ئۇچار قاناتلاردىن ئاققوتان قاتارلىقلار بار.

گۇما ناھىيىسىنىڭ سانائەت ـ كان، يېنىك سانائەت ئىشلىرى باشلىنىش ھالىتىدە بولۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ئىشلىنىدىغان سايمانلارنى ياساش، گىلەم توقۇش، كىگىز ئېتىش، ئىپەك توقۇلما، ئاشلىق ـ مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھەمدە توك چىقىرىش، خىش پۇشۇرۇش قاتارلىق 27 كارخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق سانائەت ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 678 مىڭ 100 يۈەن. يېزىلار باشقۇرىدىغان كارخانىلاردىن كوللېكتىپنىڭ 22، شەخسلەرنىڭ 1695 ى بار بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىرقەدەر تېز بولۇپ، ھەر خىل تىپتىكى تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 452 سى بار. تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 335 ى بار. تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بويۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلاردىن 35 ى بار.

چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى (چېڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چاكۇ دېگەن يېرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىگىچە) ناھىيە چېگرىسى ئىچىدىن 171 كىلومېتىر جاينى كېسىپ ئۆتىدۇ. دۆۋا، مۇجى قاتارلىق ئالتە ئورۇنغا داۋبەن قۇرۇلغان. بۇ تاشيول بىلەن ناھىيىنىڭ ھەر قايسى يېزا-بازار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، جايلاردىكى بىۋاسىتە قاراشلىق زاۋۇت، كان ئورۇنلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغىچە ھەممە بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن-مەيدانىغىچە بارغىلى بولىدۇ. ناھىيە دائىرىسى ئىچىدە ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ھەممە ترانسپورت بىكىتى بار بولۇپ، 122 يۈك ئاپتوموبىلى، ئىككى ئاپتوبۇس بار. قەرەللىك نۆۋەتچى ماشىنىلار ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، بازار، يېزا-كەنتلەر ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسى ئىچىدە 15 ئوق تاشيول ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 196 كىلومېتىر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت ياتقۇزۇلغىنى 5 كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغىنى 76 كىلومېتىر، توپا يول 109 كىلومېتىر. يول ئۈستىدە سەككىز جايغا بېتونلۇق كۆۋرۈك، 40 سۇئۆتكۈچ ياسالغان، 26 ئورۇنغا نۇر كۆمۈلگەن، تۆت جايغا ۋاقىتلىق نۇر كۆمۈلگەن.

ناھىيىدە ئون ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 328 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 4509 نەپەر؛ 68 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 1347 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 21861 نەپەر، ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 98.1%. كىنوخانا، سەنئەت ئۆمىكى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى قاتارلىق مەدەنىيەت-مائارىپ ئەسلىھەلىرى ۋە ئورۇنلىرى قۇرۇلغان. ناھىيىگە قاراشلىق بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر تولۇق. بازار، يېزا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا جەمئىي سەككىز شىپاخانا، ئىككى داۋالاش ئورنى بار. قىسمەن كەنت كومىتېتلىرىدا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلغان. ناھىيە قارمىقىدىكى داۋالاش ئورنىدا 452 كېسەل كارىۋىتى بار، تېببىي خادىملار 234 نەپەر. ناھىيە بويىچە سودا تورلىرى نۇقتىسى 1655 بولۇپ، بۇنىڭدىن پارچە سېتىش دۇكانلىرى 1581، دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 48، كوللېكتىپنىڭ 185، شەخسلەرنىڭ 1418، دۆلەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكىسى تۆت. يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى 794 (دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى تۆت، كوللېكتىپنىڭ ئالتە، شەخسلەرنىڭ 784)، يىللىق ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليون 820 مىڭ يۈەن.

ناھىيە تەۋەسىدە «سانجۇ سۈرەتتاش»، ياغاچئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى؛ زاڭگۇيدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى، غازئالىم خوجا مازىرى ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن بۇت، بۇددا دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلىرى، گەجدىن ئىشلەنگەن نەقىش قېلىپى قاتارلىقلار بار.

ناھىيە ئىچىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى، ئاپتونوم رايونى ئەۋەتكەن ئورگان ھەممە

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار بار.

گۇما ناھىيىسى 1958 - يىلى جۇئىنلەي زۇڭلى ئۆز قەلىمى بىلەن ئىمزا قويغان گوۋۇيۈەنىنىڭ تەقدىرنامىسىگە شەرەپ بىلەن ئېرىشكەن. 1964 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىلغار ناھىيە»، 1965 - يىلى «غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.



يېشىل كارىدور

# گۇما ناھىيىسى مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى

گۇما ناھىيىسى ھەققىدە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: خەن دەۋرى، پىشەن دۆلىتى. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۇدۇن ئۆزىگە قېتىۋالغان. كېيىن ئايرىم بولغان. ئۈچ پادىشاھلىق زامانىدا 皮穴国 (پىشۆە دۆلىتى)، شىمالىي ۋى سۇلالىسى دەۋرىدە 蒲山国 (پۇشەن دۆلىتى) بولغان. غەربىي جۇ، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇدۇنغا قارىغان — دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 8-يىلى (1882-يىلى) 皮山 (پىشەن)نىڭ زېمىنى مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق يەكەن ۋىلايىتى قارىمىقىدىكى قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە ئىدى. «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار ھەققىدە خاتىرىنىڭ قوشۇمچىسى»دا: گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (1920) 9-ئايدا يەكەننىڭ پوسكام دېگەن يېرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنىپ 泽普 (زېپۇ) دەپ ئاتالدى، 29-يىلى 7-ئايدا قاغىلىقنىڭ شەرقىدىكى گۇما دېگەن يەردە ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئىسمىنى 皮山 (پىشەن) دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇلۇپ، قاغىلىقتىن سانجۇ، گۇمالاردىكى 38 كەنت ئايرىپ چىقىلىپ ناھىيە تەسىس قىلىندى. 1920-يىلى 皮山 (پىشەن) ناھىيىسى خوتەن داۋغا تەۋە قىلىندى. 1929-يىلى 皮山 (پىشەن) ناھىيىسى خوتەن مەمۇرىي رايونغا قاراشلىق قىلىندى، دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

1936-يىلى گۇما ناھىيىسىدە بازار يۇقىرى (ھازىرقى گۇما بازىرى بىلەن موكويلا يېزىسىغا تەۋە جايلار)، بازار تۆۋىنى (ھازىرقى كۆكتېرەك يېزىسى. بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەۋە جايلار)، قوشتاغ (ھازىرقى قوشتاغ يېزىسى بىلەن ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىغا تەۋە جايلار)، سانجۇ (ھازىرقى سانجۇ يېزىسى، قىرغىز مىللىي يېزىسىغا تەۋە جايلار)، مۇجى (ھازىرقى مۇجى يېزىسى، چودا يېزىسى، گۇما دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا تەۋە جايلار)، زاڭگۇي (ھازىرقى زاڭگۇي يېزىسى، پىيالما يېزىسى، دۇۋا بازىرىغا تەۋە جايلار)، پىشنا (ھازىرقى پىشنا يېزىسى، باشلەڭگەر يېزىسىغا تەۋە جايلار ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بورا دېگەن جاي) بولۇپ جەمئىي يەتتە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنغان.

1941-يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلىپ، شەھەرنىڭ شەرقى بىلەن باش ۋە ئاياغ سانجار، تۇگمەنبېشى، يۇقارقىكەنت، ئارايار، قىشلاقئالدى، بازاريار، موكويلا، ئاستاقوش كەنتلىرىدىن ئىبارەت ئون چوڭ كەنت 1-رايون؛ كۆكتاغ، كۆكيار، ئوردىيان، ئاراقۇم، قاراتاغىز،

ئاۋات كەنتلىرى 2 ـ رايون؛ مۇجى، گولا، ئۆتەك، ھاسار، يېڭىباغ، لوڭگا، سايباغ، چودا، باشبۇلاق، توقاي، چارباغ، بۇلاق كەنتلىرى 3 ـ رايون؛ ئازغان، پىشنا، باشلەڭگەر، سازام، بورا كەنتلىرى 4 ـ رايون؛ قوشتاغ، ئىسمىسالا، كىلياك، سۇلىغاز كەنتلىرى 5 ـ رايون؛ سىپىتلا، بۇ- ناق، ساۋا، باش ۋە ئاياغ پوسكا، باش ۋە ئاياغ باسقاق كەنتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سانجۇ دەپ ئاتىلىپ، 6 ـ رايون؛ زاڭگۇي، پىيالما، دۇۋا كەنتلىرى 7 ـ رايون؛ كەڭقىر، شەيدۇللا، سۆگەت، چوڭقۇرئۆتۈك، پىلتاغاچ، خالچۇشكۇن تېغى، قاراقۇرۇم داۋان قاتارلىق جايلار تاغ ئارىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، بۇلار 8 ـ رايون بولغان.

1946 ـ يىلى باۋ-جىا تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن بىر تۇتاش ئازاد بولغان. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گۇما ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزىۋالغان.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. بازار يۇقىرى رايوننى ئىككى رايونغا بۆلگەن، رەت نومۇرى بويىچە نام بېرىلگەن سەككىز مەمۇرىي رايونغا ئايرىغان. ھازىرقى گۇما بازىرى «1 ـ رايون»؛ قوشتاغ يېزىسى، تاجىك مىللىي يېزىسى «2 ـ رايون»؛ كۆك- تېرەك يېزىسى «3 ـ رايون»؛ سانجۇ يېزىسى، قىرغىز مىللىي يېزىسى «4 ـ رايون»؛ مۇجى يېزىسى، چودا يېزىسى «5 ـ رايون»؛ موكويلا يېزىسى «6 ـ رايون»؛ زاڭگۇي يېزىسى، پىيالما يېزىسى، دۇۋا بازىرى «7 ـ رايون»؛ پىشنا يېزىسى، باشلەڭگەر يېزىسى، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بورا «8 ـ رايون» دەپ ئاتالغان.

1954 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، باش، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلغان، گۇما ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلغان.

1956 ـ يىلى 8 ـ رايونلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاز قىسىم جايلىرى قاغىلىق ناھىيىسىگە قارىغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى 2 ـ رايونغا قوشۇۋېتىلگەن.

1957 ـ يىلى گۇما بازىرى تەسىس قىلىنىپ، 1 ـ رايوننىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ يېزىسى ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى گۇما ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە.

1958 ـ يىلى گۇڭشېلەشكەندە گۇما ناھىيىسى ئەسلىدىكى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئاساسىدا بىر رايون بىر گۇڭشې بولۇپ، «شۇگۇاڭ (تاڭ نۇرى)» (ھازىرقى گۇما بازىرى)، «يۇيجېن (سەكرەپ ئىلگىرىلەش)» (ھازىرقى قوشتاغ يېزىسى، باشلەڭگەر يېزىسى، پىشنا يېزىسى)، «ۋېيشىڭ (سۈنئىي ھەمراھ)» (ھازىرقى كۆكتېرەك يېزىسى)، «شىيى (1 ـ ئۆكتەبىر)» (ھازىرقى سانجۇ يېزىسى)، «بايى (1 ـ ئاۋغۇست)» (ھازىرقى مۇجى يېزىسى، چودا يېزىسى)، «خوجيەن (راكېتا)» (ھازىرقى موكويلا يېزىسى)، «شىڭفۇ (بەخت)» (ھازىرقى زاڭگۇي يېزىسى، پىيالما يېزىسى، دۇۋا بازىرى)دىن ئىبارەت يەتتە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان. 1959 ـ يىلى شۇگۇاڭ (تاڭ نۇرى) خەلق گۇڭشېسى «خۇڭگۇاڭ (قىزىلنۇر) خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1960 ـ يىلى

«شىيى (1-ئۆكتەبىر)» خەلق گۇڭشېسى «سانجۇ خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

1968-يىلى «گۇما ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلغان.


1978-يىلى يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئەسلىدە بار بولغان يەر نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوللىنىپ، «خۇڭگۇاڭ خەلق گۇڭشېسى»نى «نىشاندار خەلق گۇڭشېسى» دەپ، «يۈبجەن خەلق گۇڭشېسى»نى «قوشتاغ خەلق گۇڭشېسى» دەپ، «ۋېشىڭ خەلق گۇڭشېسى»نى «كۆكتېرەك خەلق گۇڭشېسى» دەپ، «بايى خەلق گۇڭشېسى»نى «مۇجى خەلق گۇڭشېسى» دەپ، «خوجيەن خەلق گۇڭشېسى»نى «موكويلا خەلق گۇڭشېسى» دەپ، «شىڭفۇ خەلق گۇڭشېسى»نى «زاڭگۇي خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتىغان. 1982-يىلى يەر نامىلىرىنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈشتە «نىشاندار خەلق گۇڭشېسى» «نىشاندا گۇڭشې» دەپ توغرىلانغان.

1981-يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا «گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى «پىشنا خەلق گۇڭشېسى» تۈزۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قوشتاغ خەلق گۇڭشېسىنىڭ پىشنا، باشلەڭگەر ئىككى باشقۇرۇش رايونى بىلەن سازام دادۈينى قاراشلىق قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە نىشاندار، قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكويلا، زاڭگۇي، پىشنا سەككىز گۇڭشې، ئۇرۇقچىلىق مەيدان ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىغا، 155 دادۈي، 654 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە ئايرىلغان.

1984-يىلى 10-ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې ئايرىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر تەسىس قىلىنغان. ئەسلىدىكى سەككىز گۇڭشېنى ئاساس قىلغان ھالدا 15 يېزا-بازار قۇرۇلغان. نىشاندا گۇڭشې «نىشاندا يېزا» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭدىن 9-، 10-، 11-دادۈيلەر ۋە ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن پىشەن جېن قىلىپ تەسىس قىلىنغان. قوشتاغ خەلق گۇڭشېسى «قوشتاغ يېزا» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ناۋئابات تاجىك مۇختارىيات يېزىسى «ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. كۆكتېرەك خەلق گۇڭشېسى «كۆكتېرەك يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. سانجۇ خەلق گۇڭشېسى «سانجۇ يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭدىكى 18-دادۈينى بۇ گۇڭشېدىن ئايرىتىپ «قىرغىز مىللىي يېزىسى» تەسىس قىلىنغان. مۇجى خەلق گۇڭشېسى «مۇجى يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئەسلىدىكى چودا باشقۇرۇش رايونى ھەم قىسمەن دۈيلەر ئۇنىڭدىن ئايرىتىلىپ «چودا يېزا» تەسىس قىلىنغان. موكويلاخەلق گۇڭشېسى «موكويلا يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. زاڭگۇي خەلق گۇڭشېسىدا بولسا زاڭگۇي باشقۇرۇش رايونى ئاساسىدا «زاڭگۇي يېزىسى»، پىيالما باشقۇرۇش رايونى ئاساسىدا «پىيالما يېزىسى» تەسىس قىلىنغان، دۇۋا باشقۇرۇش رايونى مەزكۇر گۇڭشېدىن ئايرىتىلىپ دۇۋا بازىرى تەسىس قىلىنغان. پىشنا خەلق گۇڭشېسى «پىشنا يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، باشلەڭگەر باشقۇرۇش رايونى بۇ گۇڭشېدىن ئايرىتىلىپ «باشلەڭگەر يېزىسى» تەسىس قىلىنغان 1985-يىلى 10-ئايدا نىشاندا يېزا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ گۇما بازىرىغا قوشۇۋېتىلگەن.


1986-يىلى پىشەن جېن دېگەن نام گۇما بازىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، ھازىرقى مەمۇرىي بۆلۈنۈش ھالىتى شەكىللەنگەن.

# مەمۇرىي بۆلۈنۈشى ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامىلىرى



گوما بازىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى


1:66000




گۇما ناھىيە شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى

# گۇما بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

گۇما بازىرى 1957 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان، 1958 ـ يىلى گۇڭشېلەشكەندە ئۆزلىكىدىن ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭغا تەۋە جايلار شۇگۇاڭ خەلق گۇڭشېسىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې ئايرىلغاندا پىشەن جېن قايتا تەسىس قىلىنغان. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نىشاندا يېزىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «پىشەن جېن» دەپ ئاتالغان. 1986 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى «گۇما بازىرى» غا ئۆزگەرتىلىپ گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان بولۇپ، ناھىيىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. قارىمىقىدا 22 كەنت كومىتېتى، 82 تەبىئىي كەنت بار. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا تۇرۇشلۇق. ئۇنىڭ دائىرىسى شەرقىي مېرىديان 77°27′ بىلەن 79°38′ ئارىلىقىدا، شىمالىي پاراللېل 35°30′ بىلەن 38°56′ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 305.6 كۋادرات كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. 6008 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 25519 (غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 9281). بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 23152، خەنزۇلار 2277، خۇيزۇلار 53، تاجىكلار يەتتە، قازاقلار بەش، چاۋشەنزۇ بەش، ئۆزبېك بەش، قىرغىز يەتتە، زاڭزۇ تۆت، مياۋزۇ تۆت نەپەر. گۇما كەنتىنىڭ نامىنى قوللانغان.



بۆك ـ باراقسان داغدام يول.

گۇما دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە «كەپـپە»، «قۇما» ۋە «گۇمانـلىق جاي» دەيدىغان ئۈچ خىل گەپ بار بولۇپ، تېخىچە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانمىدى.
گۇما بازىرىدا گۇما ناھىيىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەرقايسى كارخانا ـ كەسپىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پەن تەتقىقات، داۋالاش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش، سۇ ئىشلىرى، ئېلېكتر كۆچى قاتارلىق ئورۇن سىستېمىلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايونغا ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار تۇرۇشلۇق بولۇپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى.
گۇما بازىرى گۇما ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىق رايونغا جايلاشقان، زېمىنى گۇما دەريا ئېقىنلىرى شەكىللەندۈرگەن تاشقىن لاتقىلىق تىندۇرما تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. تۆت ئەتراپىنىڭ كۆپ قىسمى چۆل سايلىق. چېگرىسى ئىچىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سازلىق بار. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىردىن 1400 مېترگىچە كېلىدۇ. ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8°C، 7 ـ ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.3°C بولىدۇ، 1 ـ ئايدا ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.1°C- بولىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 51.3mm، قىراۋسىز مەزگىل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 217 كۈن، يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ. قۇرغاق ئىسسىق، چاڭ ـ توزانلىق بوران بۇ رايوندىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.
بازار دائىرىسىدە تۈزلەڭ بوستانلىق ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 92% نى ئىگەللەيدىغان بولۇپ، گۇما ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئومۇمىي تېرىم يەر كۆلىمى 31236 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 26667 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، ماش ـ پۇرچاق ھەمدە كەندىر، زاغون، زارائىزا قاتارلىق مايلىق زىرائەت مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. 1985 ـ يىلىدىكى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 11 مىليون 336 مىڭ جىڭ، پاختا 293 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 186 مىڭ جىڭ بولدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 356 مىڭ يۈەن بولدى.
ياپچان سۇ ئامبىرىدىن ئاجرىتىپ كېلىنىدىغان نىشاندا ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن دائىرىسى ئىچىدىكى دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەر سۇغىرىلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى ۋە قۇم ـ شورلۇق تىندۇرما تۇپراقلىق ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، بازار دائىرىسىدە ماتېرىيال ئورمىنى، ئوتۇنلۇق ئورمان، ئۈژمە ئورمىنى باغلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تىكىش تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز. 1985 ـ يىلى سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان، يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان بەلباغلىرى 1392 مو بولغان. سېلىنغان كۆچەت 93 مو بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى تېرەك، سۆگەت، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈژمە، ئالما، ياڭاق قاتارلىقلار ـ دىن ئىبارەت. بوستانلىقنىڭ گىرۋەكلىرى سايلىق چۆل بولۇپ، بۇ يەرلەردە جىگدە، يۇلغۇن، يانتاق، چىغ قاتارلىق قۇمنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. بۇ يەرلەر يەنە بازار تەۋەسىدىكى پەسىل خاراكتېرلىق چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. 1985 ـ

يەلى قوتاندىكى چوڭ-كىچىك چارۋىلارنىڭ سانى 22 مىڭ تۇياق بولدى.

ئۆز دائىرىسى ئىچىدە تەبىئىي دورا ماتېرىياللىرىدىن چۇچۇكبۇيا، بورىسادىسقى چىقىدۇ.

بازار باشقۇرىدىغان كارخانىنىڭ قارىمىقىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش، گىلەم توقۇش، تۆمۈر ۋە ياغاچ سايمانلارنى ياساش، تراكتور ترانسپورتى ۋە رېمونت قىلىش، بېلىقچىلىق، بورا توقۇش، خىش پۇشۇرۇش قاتارلىق كارخانا (مەيدان)، پونكىت (ئەترەت) تارماقلىرى بار. ئاپتوموبىلدىن ئونى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 73 ى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ھەر خىل ماشىنىلاردىن 601 ى بار بولۇپ، ماشىنىلار-نىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 3884، يىللىق سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مايون 615 مىڭ يۈەن.

بازار قارىمىقىدىكى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ۋە كوللېكتىپنىڭ سودا تور نۇقتىلىرى 237، يەككە سودىگەر 1418 ئائىلە، 1985-يىللىق سودا ئىشلىرىدىكى سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 22 مايون 678 مىڭ يۈەن بولدى.

ھازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 29 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 340 نەپەر. توققۇز باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 139 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 1304 نەپەر، ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 98.7%. بازارلىق شىپاخانا بىر بولۇپ، كېسەل كارىۋىتى 35، تېببىي خادىملىرى 22 نەپەر. ھەرقايسى كەنت كومىتېت-لىرىنىڭ ھەممىسىدە تېببىي ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. كىنوخانا، رادىئو ئۆزىكى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۈتۈپخانا قاتارلىقلار بار.

دائىرىسى ئىچىدىكى ئاسفالت يول ئۆدۈل ناھىيە شەھىرىگە بارىدۇ. ناھىيىلىك يولۇچىلارنى توشۇش بىكىتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ماشىنىلىرى قەرەللىك تۇردە مەزكۇر بازارنىڭ ھەرقايسى كەنت، كارخانا، پونكىتلىرى ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدۇ.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

**گۇما ناھىيىسى**

(«گۇما ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**گۇما بازىرى**

(«گۇما بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**شىمالىي گۇما يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرق تەرىپىدە، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا خانىقا يولىدىن جەنۇبتا گۇما بازارلىق ھۆكۈمەتكىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئاسفالت يول. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى، سودا-سانائەت بانكىسى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، تۈرلۈك ماللار، يېمەكلىك، شېكەر-تاماكۇ-ھاراق، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى، كىنو-تىياتىرخانا، ئاشلىق ئىدارىسى، شىنخۇا كىتابخانىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى، رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، گۇما تاشيول ئۇچاستكىسى قاتارلىقلار بار. گۇما بازىرىدىكى ئاساسلىق ئوق تاشيولنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**جەنۇبىي گۇما يولى**

جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا گۇما بازارلىق ھۆكۈمەتتىن جەنۇبتا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5500 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى ياقىسىدا ئورمانچىلىق پونكىتى، سېمونت زاۋۇتى، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى، رادىئو ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت، دوختۇرخانا، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق بازارغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار بار. گۇما بازىرىدىكى ئاساسلىق ئوق تاشيولنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىئۆستەڭ يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەرب تەرىپىدە، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا ئوردىيان يولىدىن جەنۇبتا سايباغ يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى ياقىسىدا گۇما ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان دۇكىنى، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرى قاتارلىقلار بار. كۆكتېرەك ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ ئۆستەڭنى "يېڭىئۆستەڭ" دەپ ئادەتلەنگەچكە، بۇ يولمۇ شۇنداق ئاتالغان.

### بوستان يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا گۈلباغ يولىدىن جەنۇبتا سايباغ يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 610 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى ياقىسىدا گۇما ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، ھاۋارايى پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا بوك-باراقسان ئاكاتسىيە دەرەخلىرى بولغاچقا، شۇنداق نام بېرىلگەن.

### جاھانباغ يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا گۈلباغ يولىدىن جەنۇبتا سايباغ يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 610 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى ياقىسىدا ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپىراتىپ پاختا-كەندىر شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ كوچىنىڭ بويلىرى بۇرۇنقى دەۋردە «جاھانباغ» دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام بېرىلگەن.

### سايباغ يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىدا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، شەرقتە ناھىيىلىك دوختۇرخانا دەرۋازىسىنىڭ شەرقى يېنىدىن غەربتە سايلىققىچە كېتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2580 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى ياقىسىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، گۇما ئۇزۇنيوللۇق تېلېگراف سىم ئۆچاستكىسى، ئورۇق شىركىتى، سوت مەھكىمىسى، سودا ئىدارىسى، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، تۇرۇبا سۈيىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. يەرلىك كىشىلەر يولنىڭ توختىغان يېرىدىكى سايلىققا سۇ باشلاپ ئورمان بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام بېرىلگەن.

### يېڭىبازار يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، شەرقتە جاۋاقۇم يولىدىن غەربتە بازارىيار يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت يول. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى، قۇدۇق كولاش ئەترىتى، سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، تەمىنات-سودا كوپىراتىپ، كۈتۈپخانا، دورا شىركىتى، خەلق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ يولدىن ئۇدۇل 1980-يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك يېزا بازار سودا مەركىزىگە بارغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام بېرىلگەن.

### گۈلباغ يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىدا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، شەرقتە جاۋاقۇم يولىدىن غەربتە يېڭىئۆستەڭ يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت

يول. ئۇنىڭ ياقىسىدا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ ياغاچچىلىق-بىناكارلىق كوپېراتىپى، كىنو فىلىم قويۇش-تارقىتىش شىركىتى، گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، گۇما ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دۇكىنى، يېزا-بازار كارخانىلىرى تەمىنات-سودا شىركىتى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، سودا-سانائەت بانكىسى گۈلباغ يولى ئامانەت پونكىتى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ كوچىنىڭ شەرقى ئۇچى يېزا-كەنتلەرنىڭ چوڭ يولىغا ئۇلىنىپ ئۇدۇل گۈلباغ كەنتىگە كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**خانىقا يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىدا. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، شەرقتە گۇما يولىدىن غەربتە خانىقاغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 730 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر، ئاسفالت يول. ئۇنىڭ ياقىسىدا ناھىيىلىك باللار باغچىسى، ئاشلىق-مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئاشلىق ئىدارە ئىسكىلاتى، تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپېراتىپ 1-گىلەم كارخانىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ كوچا ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى چوڭ مەسچىت بولغان خانىقاغا ئۇدۇل بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام بېرىلگەن.

**كونابازار يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەرب تەرىپىدە، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، جەنۇبتا گۈلباغ يولىغا ئۇلىنىدۇ، شىمالدا خانىقا يولىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئوردىيان يولىدا توختايدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 450 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر، خانىقا يولىنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمى ئاسفالت يول، شىمالدىكى قىسمى شېغىل يول. ئۇنىڭ يېقىدا ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى، بازارلىق تەمىنلەش كوپېراتىپ، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى، شەھەر پەيچۇسو، دۆلەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىن، بىكتۇەن گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ كوچا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ناھىيە شەھىرىنىڭ كونا بازىرىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام بېرىلگەن.

**ئوردىيان يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىدا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، غەربتە يېڭىئۆستەڭ يولىدىن شەرقتە جاۋاقۇم يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، شېغىل يول. ئۇنىڭ ياقىسىدا قوراللىق ساقچى گۇما ئوتتۇرا ئەترىتى، ناھىيىلىك سىياسىي مەكتەپ، ناھىيىلىك سولاقخانا قاتارلىق ئورۇنلار بار. كۆكتېرەك يېزا ئوردىيان كەنتىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا بولغاچقا، شۇنداق نام بېرىلگەن.

**بازارىيار يولى**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا يېڭىبازار

يولدىن جەنۇبتا سايباغ يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئاسفالت يول. ئىككى تەرىپى يېزا سودا بازىرى، يەنە ياغاچ شىركىتى، ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترەت قاتارلىقلار بار. بۇ كوچا 1980 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك يېزا سودا بازار مەركىزىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، شۇنداق نام بېرىلگەن.

## جاۋاقۇم يولى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىدە، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، شىمالدا ئوردىيان يولىدىن جەنۇبتا گوما يولىغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2600 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر، توپا يول، ئىككى تەرىپى ئېتىزلىق ۋە كەنت. مەنىسى «ئالا قۇم». شۇ يەرلىك ئاممىنىڭ ئاتاپ ئادەتلەنگىنى بويىچە نام بېرىلگەن.

## گوما ناھىيىلىك بازار سودا مەركىزى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 119 مو. تۇرلۇك ماللار، گۆش، ئاشلىق، چارۋا، يېمەك ـ ئىچمەك، ئوتۇن، مېۋە ـ چېۋە، كونا ماللار قاتارلىق كۆپ خىل بازارلار بار. ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بۇ سودا مەركىزى 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان. ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ يېزا سودا بازىرى بولغاچقا، شۇنداق نام بېرىلگەن.

## نىشاندا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: خارەتمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار، 220 ئائىلە، 891 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1157 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەنىسى «نىشانلانغان جاي». خارەتمەھەللە كەنتىدىكى بىر نۇقتىنىڭ نامى «نىشاندا» بولۇپ، كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى.

تەخمىنەن 1840 ـ يىللىرى ئەتراپىدا، شۇ يەرلىك ئامبال سېبەگ قاتارلىقلار مۇشۇ جايغا ناھىيە يامۇلى سېلىشنى پىلان قىلغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 1 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978 ـ يىلى نىشاندار دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن (شۇ يىلى بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ ئۆتەك دادۈي بولغان). 1982 ـ يىلى نىشاندا دادۈي دەپ توغرىلانغان. 1985 ـ يىلنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## خارەتمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 223 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 265 مو. بۇرۇندا بۇ يەردە ياغاچچىلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## جاي

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 233 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 301 مو. مەنىسى «مازار بار يەر». بۇ يەرنىڭ غەرب تەرىپىدە مازار بولغاچقا

شۇنداق ئاتالغان.

**بوياقمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 219 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 209 مو. بۇرۇن بۇ يەردە بوياقچى كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ھويلامەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 207 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 210 مو. بۇ يەردە ئاھالە كۆپ، ھويلا-ئاراملار زىچ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاتچاپما

**ئاستاقوش كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 287 ئائىلە، 1552 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2178 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممەقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش چىقىدۇ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە ئارانلا يەتتە ئائىلە بولۇپ، كېيىنچە ئاھالىسى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ بارغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 2-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى ئاستاقوش دادۇي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981-يىلى بىر قىسمى ئايرىلىپ «گۈلباغ دادۇي» بولغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئاتچاپما**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 74 ئائىلە، 352 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 580 مو. ئەسلى بۇ يەر تۈزلەڭ تاشلىق بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردىن ئات مىنىپ ئۆتكەندە قامچا ئوينىتىپ چاپتۇرۇپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆلامەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 85 ئائىلە، 399 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 555 مو. ئەڭ دەسلەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مۇسا دېگەن كىشى كۆلا ئېتىشكە ئۇستا بولغاچقا «كۆلا» (چىغ ئارغامچا) لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**ھاسار**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 65 ئائىلە، 257 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 619 مو. مەنىسى «سېپىل». بۇرۇن بۇ يەردە سېپىل بولغانىمىش، شۇڭا شۇنداق ئاتالغان.

**كويەكمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە 244 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 433 مو. بۇرۇن بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆشكە تېرىسىدە ئېتىلگەن كويەك بىلەن تۆمۈرچىلىك قىلىشتا مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: سانجار كۆلبېشى

## سانجار كەنت كومىتېتى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار، 234 ئائىلە، 974 نوپۇسى بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1953 مو، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ياڭاق ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك، ئاياغ كېيىم تىكىش بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار، سانجار كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 3-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش سانجار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982-يىلى نامى «سانجار دادۈي»گە ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### سانجار كۆلبېشى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 59 ئائىلە، 251 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 473 مو. بۇ يەر سانجار كەنتىدىكى بىر كۆلنىڭ ئەتراپى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### سانجار

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 59 ئائىلە 237 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 507 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئىسمى «سانجىرا» بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى كەنتنىڭ نامى قىلىپ قوللانغان.

### يارباغ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 571 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 227 مو. بۇ يەر ئەسلىدە چوڭقۇر يارلىق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر يارنى تىندۇرۇپ يەر ئېچىپ باغ-ئوتاق پەيدا قىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### باش سانجار

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 219 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 402 مو. بۇ يەر سانجار كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: كانايچاقا

## ئارايار كەنت كومىتېتى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 177 ئائىلە، 689 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1964 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەنىسى: «ئىككى يارنىڭ ئوتتۇرىسى». زېمىنى ئىككى چوڭ يارنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1985-يىلى 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «ئارايار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن (1981-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ 17-دادۈي بولغان)، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت

كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كانايچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 175 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 524 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان «شېكەرۋاي كاج» دېگەن كىشىنىڭ ئاۋازى ئۇنلۇك بولغاچقا ئۇنىڭغا "كاناي" لەقىمى سىڭىپ، كېيىنچە بۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**چېقىرمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 34 ئائىلە، 135 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 462 مو. بۇرۇن بۇ يەردە چېقىر كۆزلۈك ئادەملەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**بورىچىمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە 176 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 464 مو. بۇرۇندا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى بورا توقۇشنى كەسپ قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قالماقمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 203 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 514 مو. ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان يولداشۋاي دېگەن كىشىنىڭ مىجەزى كاج بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى «قالماق» دەپ ئاتاپ، كېيىن ئۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: كامارئېچىق

**قىشلاقئالدى كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 207 ئائىلە، 751 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2284 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوغۇن-تاۋۇز ۋە ئۈژمە قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. 210 مو كۆچەتلىكى بار. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. ئەڭ ئاۋۋال «بىلال خوجا» دېگەن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، گەمە كولاپ قىشنى ئۆتكۈزگەن، كېيىن ئۇ گەمىنىڭ ئالدىدا كەنت پەيدا بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى 5-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «قىشلاقئالدى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1980-يىلى بىر قىسمى ئايرىلىپ [چىقىپ 14-دادۈي بولغان)، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كامارئېچىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 200 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 570 مو. بۇ يەردە سۇ ئايرىلىدىغان بىر ئېقىن بولغان ھەمدە بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ لەقىمى «كامار» بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يۇقارقىمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتر كېلىدۇ، 48 ئائىلە 193 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 521 مو. قىشلاقئالدى كەنتىنىڭ يۇقارقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**لەڭگەرئېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار تېرىلغۇ يېرى 785 مو. تارىختا بۇ يەردە لەڭگەر بولغان ھەم ئۇنىڭ قېشىدا ئېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**كاجئېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 448 مو. ئەڭ دەسلەپتە بىر بۆلۈك مىجەزى كاج ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ ئېرىق چېپىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تۇرۇشلۇق ئورنى: ساراڭمەھەللە**

**تۆگمەنبېشى كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 151 ئائىلە، 490 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1179 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، يەنە قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش قاتارلىقلارمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. بۇرۇن بۇ يەردە سۇ تۆگمىنى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەنت پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 6-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «تۆگمەنبېشى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ساراڭمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 53 ئائىلە 177 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 382 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان «ئاخۇن ئاكام» دېگەن كىشىنى غەلە-پاراق تاپشۇرمىدىڭ، دەپ يامۇلغا ئاپارغاندا، ئۇ كىشى ئامبالغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ سالام بەرگەن، ئەمەلدارلار ئۇنى ساراڭ ئىكەن دەپ يامۇلدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق نام ئالغان.

**پاگىرمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 152 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 418 مو. بۇرۇن بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ لەقىمى «پاگىر» بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە بۇ سۆز كەنتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

**ئادىغمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 379 مۇ. بۇ يەر تۈگمەنبېشى كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان

تۇرۇشلۇق ئورنى: پاكمەھەللە

**قىرتاش كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 104 ئائىلە، 317 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 901 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قىرتاش كەنتىنىڭ نامىنى قوللانغان. 1958-يىلى 7-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «قىرتاش دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982-يىلى ئوتتۇراقاش بۆلۈنۈپ چىقىپ 19-دادۇي بولغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**پاكمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە 115 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 316 مۇ. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلە كىشىنىڭ ئالتە بالىسىنىڭ قولىقى پاك بولغانلىقى ئۈچۈن «پاك» لەقىمى سىڭگەن ۋە كېيىنچە كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**قىرتاش**

بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. بازارغا بىۋاستە قاراشلىق بولغان دوختۇرخانا، ئوتتۇرا مەكتەپ، چارۋا مال دوختۇرخانىسى، بانكا تىجارەت پونكىتى، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئورنى قاتارلىقلار بار. 623 ئائىلە، 1721 نوپۇسى بار. خەنزۇدىن بەش كىشى بار. ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقى تىجارەت ۋە قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇندا بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە كەتكەن ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدىغان تاش قىر بولغان ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئاشۇنداق ئاتالغان.

**چوڭكۆزمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 86 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 287 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە ھەسەن ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسى باي بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتقاچقا «چوڭكۆز» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغان. كېيىن ئۇ سۆز كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

**تىزقايكوچا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 126 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 302 مو. بۇ يەردە ئاھالە زىچ، قالايمىقان ئولتۇراقلاشقان، كوچىلىرى ئەگرى-بۈگرى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ۋەخپەئېرىق

**ياپچان كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى جەنۇبتىن

شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 113 ئائىلە، 457 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1687 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چۈچۈكبۇيا چىقىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەر «ياپچان» دەيدىغان ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆنىدىغان چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، كېيىنچە كەنت پەيدا بولغاندا ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان. 1958-يىلى 8-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «ياپچان دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1982-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ تۇمشۇقتالدى دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان)، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## ۋەخپەئېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 184 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 550 مو. 400 يىل ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە ئاھالىسى بۇ يەرنى مېچىتقا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن ھەمدە بىر ئېرىق چېپىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## ئۇچلۇقدۆڭ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 101 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 563 مو. بۇ يەردە بىر ئۇچلۇق دۆڭ بولغان، كېيىن كەنت ھاسىل بولغاندا كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

## جاڭگالمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 25 ئائىلە، 96 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 341 مو. ئىلگىرى بۇ يەر جاڭگال بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## قاراجىلغا

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 16 ئائىلە، 76 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 227 مو. بۇ يەردە بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان جىلغا بولۇپ، كىشىلەر بۇلاق سۈيىنى «قارا سۇ» دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

## يېڭىبازار كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمئېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 270 ئائىلە، 1014 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1025 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش، بېدە قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرىمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. 1980-يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك يېزا سودا بازار مەركىزى بۇ كەنتنىڭ دائىرىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## قۇمئېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 193 مو. بۇ يەردە بىر ئېرىق بولۇپ، دائىم قۇم لاتقىلىرىنى ئېقىتىپ كېلىدىكەن. كېيىنچە ئېرىق بويىدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## قارامەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 234 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 251 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە ئەملا ھاجى ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ رەڭگى قارا بولغاچقا ئۇلارغا «قارا» لەقەم سىڭىپ قالغان. كېيىن بۇ لەقەم كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

## دانجىغمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 280 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 270 مو، مەنىسى «دان جىق». ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە قۇربان دېگەن كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ دېھقانچىلىقتا ماھىر بولۇپ، ھەر يىلى ئاشلىقتىن نۇرغۇن ھوسۇل ئالغان. كىشىلەر ئۇنى «دانى جىق» دەپ ئاتاپ، ئۇ سۆزنى كەنتكە نام قىلىۋالغان ۋە كېيىن ئۇ سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ «دانجىغ» بولۇپ قالغان.

## پاچاقمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 308 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 311 مو. ئەڭ دەسلەپتە «مەمەت ھاجى» دەيدىغان ئۇزۇن پاچاق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە «پاچاق» دەپ لەقەم قويۇلۇپ قالغان. كېيىن ئۇ كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: سېيىتئېرىق

## سېيىتئېرىق كەنت كومىتېتى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 152 ئائىلە 657 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 925 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تەكە شاپتۇل ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 10 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «سېيىتئېرىق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1985 ـ يىلنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## سېيىتئېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە 240 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 350 مو. دەسلەپتە سېيىت دېگەن كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا بۇ يەردىن ئېرىق چېپىلىپ يەر ئېچىلىپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان ۋە "سېيىت ئېرىق" دەپ ئاتىلىپ كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**يالاڭمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 319 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 335 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تۇردى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ لەقىمى «يالاڭ» بولغاچقا، كېيىن ئۇ سۆز كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

**دوراقمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 25 ئائىلە، 98 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 240 مو. «دوراق» لەقەملىك بىر كىشى تۆت ئائىلىلىكنى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭىبازار

**سەيچەمەھەللە كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 163 ئائىلە، 980 نوپۇسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك ئالتە، خەنزۇ بىر نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1154 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، ئوتياش، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قول سانائەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. كەنتتە گىلەم كارخانىسى بار. ئاپتوموبىل، تراكتوردىن بىردىن بار. 1958-يىلى 11-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «يېڭىبازار دادۈي» دەپ ئاتالغان، 1982-يىلى «سەيچەمەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

**يېڭىبازار**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 343 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ بىر ئائىلە بىر نوپۇس. تېرىلغۇ يېرى 520 مو. 1970-يىلى ناھىيىنىڭ شەھەر رايونى كېڭەيتىلگەندە ناھىيىنىڭ ئاساسلىق سودا ئورۇنلىرى مۇشۇ مەھەللە تەۋەسىگە يۆتكىلىپ يېڭى بازار پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پەتەكمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 358 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك ئالتە نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 304 مو. بۇرۇن بۇ يەردىكىلەرنىڭ لەقىمى پەتەك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆنچىمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 273 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 330 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە داڭلىق بىر كۆنچى بولغان ئىكەن. كېيىن ئۇ سۆز كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: تۇمشۇقچاقا

**ساغان كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 136 ئائىلە، 604 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ

يېرى 1450 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، بېدە، قوغۇن-تاۋۇز، ئۈتياش چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئۇن تارتىش قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بۇ كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. گوما ترانسپورت باشقۇرۇش بىكىتى، ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى، ساغان داۋبەن، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. مەنىسى: «سارغايغان». ئېيتىلىشىچە ئەڭ دەسلەپتە بارات غوجا قاتارلىق ئىككى كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپتىكەن. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ پىشماي تۇرۇپ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن كېتىشكە دەۋەت قىلىپ: «زىرائەتلىرىڭلار سارغىيىپ قاپتۇ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماڭلار، بولمىسا سلەرمۇ سارغىيىپ قالىسىلەر، بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سارغىيىپ قالىدۇ» دەپتىكەنمىش. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق نام ئالغان. 1958-يىلى 12-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «ساغان دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**تۇمشۇقچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 150 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 280 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئادەم تۇمشۇقچاقالىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئازمابېشى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 147 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 236 مو. بۇرۇن شاكىر ھاجى ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە يېقىن جايدا بىر ئازما ياساغان، شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قارىچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 162 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 360 مو. بۇرۇن بۇ يەرگە ئىككى نەپەر قارى كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قاغاتوغراق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 9 ئائىلە، 35 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 288 مو. بۇ يەر ئەسلىدە توغراقلىق بولۇپ، قاغا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**كويلاچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 110 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 286 مو. تۈگمەننىڭ چاقى تۇرىدىغان ئورەكنى «كويلا» دەيدۇ. بۇرۇن خالى ئاخۇن قاتارلىق ئىككى كىشى بۇ يەرگە تۈگمەن قۇرماقچى بولۇپ بىر كويلا كولىغان، ئەمما تۈگمەننى قۇرۇپ بولالمىغان، كېيىن بۇ يەر كەنت بولۇپ كويلا نامى بىلەن ئاتالغان.

**بوستانتوغراق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: بوستانتوغراق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 283 ئائىلە، 1163 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2632 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چىلگە، خۆندەك، تەكە قاتارلىق بالدۇر پىشىدىغان مېۋىلەر بۇ جاينىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. كۆنچىلىك قول سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 13-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «بوستانتوغراق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**بوستانتوغراق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 260 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 614 مو. بۇرۇن بۇ يەر قويۇق توغراقلىق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**مەنسەپپى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 78 ئائىلە، 312 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 723 مو. بۇرۇن بۇ يەرگە مەنسەپدارلار تولا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**مازارخوجام**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 91 ئائىلە، 406 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 806 مو. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇنقى زاماندا «سانجىرا خوجام» دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ بىنەم ئاچقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تاماق توشۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قىپيالىڭاچ ئەمگەك قىلىۋاتقاندا ئانىسى تاماق ئېلىپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئىزا تارتىپ ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي زېمىندىن پانا تىلەپتۇ. بۇ چاغدا يەر يېرىلىپ، ئۇ كىشى يەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىنكىلەر بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئۈچۈن مازار ياساپ قويۇپتىكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق ئاتالغان.

**قورۇل**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 185 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 489 مو. تارىختا بۇ يەر خوتەنگە بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ، چېرىك تۇرغۇزۇلۇپ ساقلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**بوستانئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: مەھەللەئېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 221 ئائىلە، 884 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2225 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان ئىشلەپچىقىرىدۇ. قوغۇن-تاۋۇز، ئۇتياش قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەنتتە چوڭ ۋە كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. بۇ يەر بىر ئېرىق بويىغا جايلاشقان، ئىككى تەرىپىدە قاتار كەتكەن تېرەك، سۆگەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1980 ــ يىلى قىشلاقتىن ئالدى دادۇيدىن ئايرىلىپ چىقىپ 14 ــ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982 ــ يىلى "بوستانئېرىق دادۇي" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985 ــ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**مەھەللەئېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 196 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 491 مو. كەنت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەر بىر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمئېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 85 ئائىلە، 331 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 817 مو. بۇ يەر ئەسلىدە قۇملۇق بولۇپ، كىشىلەر ئېرىق چېپىپ بىنام ئېچىپ مەھەللە پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**توغرائېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 200 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 465 مو. بۇ يەردە ئەسلىدە جەنۇبتىن شىمالغا كەتكەن بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كېيىن كىشىلەر يەنە بۇ يەردىن شەرقتىن غەربكە بىر ئېرىق چاپقان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 157 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 452 مو. بۇ يەر قىشلاقتىن ئالدى دېگەن جاينىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**توغرائېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: خەلپەچاقا

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 138 ئائىلە، 520 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1412 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇندا كەلكۈن سۈيى كېلىپ بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە كەتكەن بىر چوڭ جىلغا ھاسىل قىلىپ قويغان ۋە بۇ جىلغا تەبىئىي يوسۇندا ئېرىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1981 ــ يىلى تۆگمەنبېشى دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 15 ــ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982 ــ يىلى توغرائېرىق دادۇي دېيىلگەن. 1985 ــ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

**خەلپەچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 29 ئائىلە، 115 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 373 مو. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر خەلپە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا شۇنداق

ئاتالغان.

كوزامەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 172 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 352 مو. ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھوشۇر ئاخۇن دېگەن كىشى مال باققان جايدىن بىر كوزا تېپىۋېلىپ بېشىدا كۆتىرىپ ئۆيىگە قايتقاندا، كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىنى «كوزا» دەۋالغان. كېيىنچە بۇ سۆز كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

سوقاباش مەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 137 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 359 مو. ئەڭ دەسلەپتە ھوشۇر ئاخۇن ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ بېشى سوقا بولغانلىقى ئۈچۈن «سوقاباش» دېگەن لەقەم قويۇلغان ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ لەقىمى كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

باش توغرائېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 96 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 328 مو. بۇ يەر توغرائېرىق كەنتىنىڭ باش قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

تۈرۈشلۇق ئورنى: جىلغائېرىق

گۈلباغ كەنت كومىتېتى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا بەش كەنت بار. 201 ئائىلە، 976 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2243 مو. ئاساسلىقى بوغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئۈتياش قاتارلىقلار چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. باغۋەنچىلىك، پىلە بېقىش ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. ئۈزۈم ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. گۈلباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى ئاستاقوش داداۋىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ گۈلباغ دادۋىي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

جىلغائېرىق

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 215 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 490 مو. بۇ يەر ئەسلىدە چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، كېيىن تۈزلەپ يەر ئېچىپ ئېرىق چېپىپ تېرىلغۇ قىلىپ كەنت پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

گۈلباغ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 27 ئائىلە، 131 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 384 مو. بۇرۇن سىبەگ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ پەيدا قىلغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

سالپۇمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 255 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 451 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇن سالى خوجا دېگەن كىشى ئوغلىنى گوللاپ

چۆچۇرە ئىچىمىز دەپ قويۇپ ئېتىپ بەرمىگەچكە، بالىسى سىرتقا چىقىپ بىزنىڭ ئۆيدە نەزىرە بولىدۇ، دەپ يالغان سۆزلەپ كىشلەرنى باشلاپ كىرگەندە، ئۇ كىشى روھسىزلىنىپ سالپىيىپ قالغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق نام قالغان.

**توغرائېرىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 37 ئائىلە، 187 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 458 مو. بۇ يەردىن يېگىدىن ئېلىنغان ئېرىق ئەسلىدىكى شەرقتىن غەربكە ئېلىنغان غول ئېرىقتىن توغرىسىغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چاڭگامەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 37 ئائىلە، 188 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 460 مو. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تۇردى ھاجى چاڭگا ساقال كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن «چاڭگا» لەقىمى قويۇلغان ئىكەن. كېيىن بۇ سۆز كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: گۈگۈتچاقا

**كىچىكيار كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 158 ئائىلە، 595 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2070 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بوغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىق دان. قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ. ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. كۆنچىلىك قول سانائېتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان.

بۇرۇن بۇ يەر قومۇشلۇق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك يار بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1981-يىلى ئارايار دادۈيىدىن بۆلۈنۈپ 17-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «كىچىكيار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

**گۈگۈتچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 158 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 628 مو. بۇ كەنتنىڭ تارىدىشا گۈگۈت ياساش تارىخى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**شېيىخمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 177 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 570 مو. ئەڭ دەسلەپ مازار خەۋەر ئالىدىغان بىرشېيىخ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چىمگەرمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 34 ئائىلە، 128 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 473 مو. بۇ يەردىكى كىشلەردىن كۆن-تېرە ئىشلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### پاكارجاي

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 132 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 399 مو. ئېيتىلىشىچە بۇرۇندا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ بويى پاكار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان ئىكەن.

### تۇمشۇقئالدى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇقارقىمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 112 ئائىلە، 425 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1450 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن-تاۋۇز مېۋە، ئۇتياش ۋە بېدە تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چۈچۈكبۇيا چىقىدۇ. بۇ يەر قۇش تۇمشۇقى شەكىلدىكى دۆڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1982-يىلى ياپچان داۋىيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ تۇمشۇقئالدى داۋىي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن

### يۇقارقىمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 212 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 730 مو. بۇ مەھەللە ياپچان كەنتىنىڭ يۇقارقى تەرىپىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### تۆۋەنمەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 213 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 720 مو. بۇ مەھەللە ياپچان كەنت كومىتېتىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### ئوتتۇراقاش كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: پومەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 105 ئائىلە، 401 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 942 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بوغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياشلارمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر ئىككى يارنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خۇددى بىر چوڭ تۇغانغا ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1982-يىلى قىرتاش داۋىيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «ئوتتۇراقاش داۋىي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### پومەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە 160 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 336 مو. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئابدۇۋېلى دېگەن كىشى لاپ ئۇرۇشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن «پو» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

**لەڭگەر**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 20 ئائىلە، 80 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 313 مو. ئىلگىرى بۇ يەرگە لەڭگەر قۇرۇلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**گۈگۈتمەھەللە**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 364 مو. ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى تارىشا گۈگۈت ياساشنى كەسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆتەڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆتەڭ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 153 ئائىلە، 515 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1136 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى نىشاندا دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆتەڭ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئۆتەڭ**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 334 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە ئۆتەڭ ھەم لەڭگەر قۇرۇلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئويسانجار**


بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 345 مو. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان بولۇپ، «سانجىرا مازار»نىڭ قېشىغا جايلاشقانلىقتىن «ئوي سانجىرا» دېيىلگەن، كېيىن «ئويسانجار»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

**تۇخۇمەكاملىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 217 مو. بۇ يەردە تۇخۇمەك دەرىخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چىغانلىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. گوما بازىرىغا قارايدۇ. 35 ئائىلە، 145 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 660 مو. 1972-يىلى خوڭگۇاڭ گۈڭشېدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ كەنت پەيدا قىلىنغان. بۇ يەردە چىغان كۆپ بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.


دۆۋا بازىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:100000
شورلۇق
قىزىلدۆۋە
شورلۇق (شەنبەبازار)
قىزىلباغ
دۆۋا دەرياسى
دۆۋا
خوجا ئوبۇلقاسىم مازىرى
قىزىلسېغىزلىق
تاشبېرىق
سانجۇ ئېغىزى
نورباش
كالتاساي
كالتاساي سۇرايى پونكىتى
كوستا ئېغىزى
كوناداۋان
يايلاقئېغىل
قىزىلداش
قورامئېغىل
سوناق
1:200000
بۇرهان
سوما
قوشقاجۇلاق

# دوۋا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 105 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرق تەرەپتە قاراقاش ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە سانجۇ يېزىسى بىلەن، شىمالدا چاكۇ ــ قاغىلىق تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا خوتەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 35 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 4900 كۋادرات كىلومېتىر. گۇما ناھىيىسىگە تەۋە بولۇپ قارىمىقىدا ئالتە كەنت كومىتېتى، 28 تەبىئىي كەنت بار. 1232 ئائىلە، 4854 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇرلار.

1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېزا بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ تەسىس قىلغاندا زاڭگۇي خەلق گۇڭشېسىدىن دوۋا باشقۇرۇش رايونىنى ئايرىپ چىقىپ دوۋا بازىرى تەسىس قىلىنغان. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى جايباغ كەنتىدە.

بازار پەس تاغ دەريا ئېقىنىنىڭ دوۋا دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ـ پەس. دوۋا دەرياسى بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ شىمالدا شورلۇق سۇ ئامبىرىغا ئېقىپ كىرىپ، پىيالما ئۆستەڭ ئارقىلىق قوملۇققا قۇيۇلىدۇ. دوۋا دەرياسىنىڭ سۇغۇرۇش كۆلىمى 21 مىڭ 800 مو بولۇپ، بۇ دەريا سىستېمىسى رايونىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.



شورلۇق سۇ ئامبىرى

ھاۋاكلىماتى سانجۇ يېزىسى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

بازار بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 8448 مو. يېرى قۇم تۇپراق. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىقى بوغداي، كۆممىقوناق، ئارپا، مايلىقدان ۋە پۇرچاق، بېدە ئىشلەپچىقىرىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 7304 مو. 1985 ـ يىللىق ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 439 مىڭ جىڭ، مايلىق 100 مىڭ جىڭ بولۇپ، دۆلەتكە 200 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى.

چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلارمۇ بار. ئۆز دائىرىسى ئىچىدە 51 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇ يەرلەردە ياپچان، سېرىق، كەلەپ، سىردىتئوت، سېرىقئوت قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. 1985 ـ يىلى بازار بويىچە قوتاندىكى چارۋا سانى 16 مىڭ تۇياق بولدى.

ئورمانچىلىقتا سۈنئىي ئورمان يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك دەرەخلىرىنى ھەم ئاز ساندا ياڭاق دەرەخلىرىنى تىكىدۇ. 1985 ـ يىلى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىك كۆلىمى 52 مو. ھازىر بار بولغان ئورمان كۆلىمى 516 مو. تارقاق ئورمان 181 مىڭ تۈپ.

بازار دائىرىسىدە كۆمۈر، گەج كانلىرى بار. تىببىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قانتېپەر، يەر مەدىكى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ۋاڭ قاتارلىقلار بار. تۈلكە، كېيىك، داۋىغان، توشقان، ئۇلا، كەكلىك، قارچۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار بار.

1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 795 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 123.58 يۈەن بولدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 272 مىڭ يۈەن بولدى.

بازار تەۋەسىدە توققۇز باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرى 29 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 593 نەپەر. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، 15 كېسەل كارىۋىتى بار، تىببىي خادىملار بەش نەپەر، كەنت كومىتېتلىرىدا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرىدىن بەش جايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بەش نەپەر.

دائىرىسى ئىچىدىكى تاشيول شىمالدا چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىدىكى قارايار كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ جەنۇبتا دۈۋا كان رايونىغىچە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، شېغىل يول. كەنتلەر ئارىسىدىكى يوللار بۇ تاشيولغا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، قاتناش قولاي.

ئۆز دائىرىسى ئىچىدە خوتەن سېمونت زاۋۇتى، خوتەن ۋىلايەتلىك دۈۋا كۆمۈر كان، خوتەن ۋىلايەتلىك دۈۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار بار.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

## دۇۋا بازىرى

(«دۇۋا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

### دۇۋا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: جايباغ

تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 352 ئائىلە، 1252 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1663 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۆمۈر كانىدىن بىردىن بار. بىر ئاپتوموبىل، ئىككى تراكتور، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. دۇۋا كەنتىنىڭ نامىنى قوللانغان.

1958-يىلى دۇۋا باشقۇرۇش رايونىنىڭ 3-دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان. 1968-يىلى زاڭگۈي گۇڭشې 10-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1978-يىلى دۇۋا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### جايباغ

بازارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. 59 ئائىلە، 223 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 290 مو، مەنىسى: «مازار بار يەردىكى باغ»، بۇرۇنراق كەنت پەيدا بولغان. بۇ يەر ئويمان بولۇپ باغقا ئوخشىغانلىقى، قېشىدا مازار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### ئۆرۈكلۈك

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 197 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 290 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك. بۇ كەنتتە ئۆرۈكلۈك باغلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### دۇۋا

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ، 85 ئائىلە، 285 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 333 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئېيتىلىشىچە خېلى بۇرۇندا ئىسلام ئاچقىلى كەلگەن خوجاﷲمەلىكىشا ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتىكەن. ئۇ كىشى كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، يەتتە يىلغىچە ساقايماپتۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ كېسەلىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ھەر كۈنى دۇئا قىلىدىكەن، شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتىلىپ قاپتىكەن.

### دۆڭباغ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 75 ئائىلە، 250 نوپۇسى

بار. تېرىلغۇ يېرى 349 مو. بۇ كەنت دۆكلۈك ئېدىرغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆرۈك باغلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### كونامەھەللە

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 82 ئائىلە، 297 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 396 مو. بۇ كەنت ئەتراپتىكى باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### دۆ كەنت كومىتېتى
تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئالتە كەنت بار. 257 ئائىلە، 1056 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1775 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يايلاق كۆلىمى 2100 مو. بىر كىچىك كۆمۈر كان، بىر ئاپتوموبىل، چوڭ-كىچىك تۆت تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى دۆۋا باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1-دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان. 1968-يىلى زاڭگۇي گۇڭشې 8-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978-يىلى دۆ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### دۆ

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 290 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 416 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. مەنىسى «دىۋە». بۇرۇن بۇ يەر يۇلغۇنلۇق ئوتلاق بولۇپ، تەخمىنەن 700 يىللار ئىلگىرى كەنت پەيدا بولغان. كىشىلەر سىرتتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، كۈچلۈك بولۇۋالغانلىقى ئۈچۈن «دۆ» دەپ ئاتالغان.

### يارقىر

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 208 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 244 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، داۋاملىق كەلكۈن كېلىپ چوڭقۇر بىر يار پەيدا بولغاچقا، يارنىڭ بويىدا قىر كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئاتالغان.

### كالتاساي

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 15 كىشى بار. تېرىلغۇ يېرى 150 مو. كەنتنىڭ قېشىدا بىر كىچىك سايلىق بار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### سانجۇئېغىزى

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 77 ئائىلە، 298 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 554 مو. بۇ يەر سانجۇغا بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق

ئاتالـغان.

**نورباش**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 220 نوپۇسى بار تېرىـلغۇ يېـرى 341 مو. بۇ يەر سۇ ئۆتـكۈزىدىـغان بىر نورنىڭ قېشـىدا بولغاچـقا شۇنـداق ئاتالـغان.

**قىزىلسېـغىزلىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىـغا 5 كىلومېـتىر كېـلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 25 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 70 مو. بۇ كەنتنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر قىزىل سېغىزلىق يەر بولۇپ، يامغۇر ياغقان چاغلاردا سەل سـۇيى بۇ يەرنىڭ لېيىنى ئېـقىتىپ كېـلىپ ، ئەتراپـىنى قىزىـل سـېغىزلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالـغان.

**لامۇس كەنت كومىتېتى** تۇرۇشـلۇق ئورنى: شەنبەبازار

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېدىرلىق جاي. قارىـمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 245 ئائىـلە، 814 نوپۇسى بار. دېھـقانچىلىـقنى ئاساس قىلىـدۇ. تېرىلغـۇ يېرى 1492 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بوغداي، كۆممىقوناق، مايـلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇل- لىنىدۇ. بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. چوڭ- كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. مەنىسى «سۇ ئۇلانـغان جاي». بۇ يەردە بۇلاق كـۆپ بولۇپ، نۇرغۇن بۇلاقلارنىڭ سۇيى مۇشۇ يەردە قېتىلىپ ئاققاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى دۆۋا باشقۇرۇش رايونىنىڭ 4-دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان. 1968-يىلى زاڭـگوي گوڭـشې 11-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى لامۇس دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلى كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**شورلۇق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: شەنبەبازار

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېدىرلىق جاي، قارىمىقىدا ئۈچ كەنـت بار. 156 ئائىلە، 630 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 968 مو، ئاساس- لىق مەھسۇلاتى بوغداي، كۆممىقوناق، مايـلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇلـلىنىـدۇ. شورلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى لامۇس دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، شورلۇق دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**شەنبەبازار**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 94 ئائىـلە، 327 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 545 مو، بۇ يەردە خېلى بۇرۇن كەنت پەيدا بولغان بولۇپ، شەنـبە كۈنلىكى بازار بولۇپ ئادەتلەنگەچكە شۇنداق ئاتالـغان.

**قىزىلباغ**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىـلە، 237 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 463 مو. بۇ يەر تاغلىق رايونغا جايلاشقان، تۆت تەرىپى ئېگىز قىزىل تاشلىق تاغ بولۇپ، شەكلى باغقا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سايباغ**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 5.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 79 ئائىلە، 250 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 484 مو، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەردە بۇرۇنراق كەنت پەيدا بولغان. ئويمان تاشلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ساي بىلەن تورالغان باغقا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**لايقا**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 313 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 474 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر دەريا بويىدا بولۇپ، ئەسلىدە تاشلىق ئىكەن، كىشىلەر بۇ يەرنى لايلىتىپ كەنت پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**شورلۇق**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 8.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 175 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 250 مو. بۇ جايدا شورلۇق جايلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قىزىلدۆۋە**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 142 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 244 مو. بۇرۇن بۇ يەردە كەنت پەيدا بولغاندا ئۇنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرىپىدە قىزىل دۆڭلەر بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**تاشئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئورنا

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، دۆۋا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار، 174 ئائىلە، 615 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1216 مو، ئاساسلىق مەهسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «تاشئېرىق» كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى دۆۋا باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 ـ دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان. 1968 ـ يىلى زاڭگۈي گۇڭشې 9 ـ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى تاشئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1984 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ كۆتەكلىك دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 ـ يىلى كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئورنا**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 95 ئائىلە، 341 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 602 مو. ئېيتىلىشچە تەخمىنەن 700 يىل ئىلگىرى كەنت پەيدا بولغان. كىشىلەر بۇ يەرنىڭ يەرتۈزۈلۈشى تۈزلەڭ، تۆپىرىقى مۇنبەتلىكىگە قاراپ، ئولتۇراقلىشىپ هايات كەچۈرۈشكە ئەپلىك جاي ئىكەن دەپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق نام ئالغان.

**تاشئېرىق**

بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 158 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 325 مو. تەخمىنەن 7 ــ 6 يۈز يىللار بۇرۇن كىشىلەر سۇ ئەكىلىپ يەر سۇغۇرۇش

ئۈچۈن تاش تىزىپ ئېرىق ياسىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پايكا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 34 ئائىلە، 116 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 289 مو. مەنىسى: «تاماكۇ چېكىدىغان جاي». بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى يىغىم-تېرىم مەۋسۇملىرىدا دەم ئالغان چاغلاردا داۋاملىق مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ تاماكۇ چېكىشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆتەكلىك

**كۆتەكلىك كەنت كومىتېتى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 18.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قاردىمىقىدا سەككىز كەنت، 88 ئائىلە، 342 نوپۇسى بار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1660 مو. ئاساسەن بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان چىقىدۇ. يايلاق كۆلىمى 3000 مو، مال سىغىمچانلىقى 3000 قويلۇق. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1984-يىلى تاشقۇرغان ناھىيىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

**كۆتەكلىك**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 18.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئون ئائىلە، 34 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 110 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. كەنت پەيدا بولغان دەسلەپكى چاغلاردا كەنت ئاھالىسى ئىسسىنىش ۋە تاماق پۇشۇرۇشتا چىغ كۆتىكىنى قالايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ماگسا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. توققۇز ئائىلە 45 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 720 مو. بۇ كەنتنىڭ باشقا كەنتلەر بىلەن ئارىلىقى يىراق، يولى ئەگرى-توقاي بولغانلىقى ئۈچۈن، توختىماي مېڭىپ يۈرەرسە، دەپ شۇنداق ئاتالغان.

**لاڭقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 17.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 19 ئائىلە، 61 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 200 مو. مەنىسى: «ئېگىز». كەنتنىڭ تۆت تەرىپى ئېگىز قورام تاغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سۇناق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 12 ئائىلە، 44 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 250 مو. مەنىسى: «قونالغۇ». تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى كەنت بولغان. بۇ يەر تاققا چىقىش ۋە چۈشۈشتە ئۆتىدىغان يولغا جايلاشقان بولۇپ، يولۇچىلارنىڭ كۆپۈنچىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قونۇپ ئۆتكەچكە «قوناق» دەپ ئاتالغان ۋە كېيىنچە «سۇناق»قا ئۆزگىرىپ قالغان.

**كوستائېغىزى**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 13 ئائىلە، 55 نوپۇسى بار.
تېرىلغۇ يېرى 133 مو. مەنىسى: «ئوت ئۈنمەس تاغ ئېغىزى». بۇ يەر ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئوت
ئۈنمەيدىغان قاقاس تاغلىق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**تومان**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 40.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 11 ئائىلە، 35 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ
يېرى 100 مو. مەنىسى: «ئىسسىقراق جاي». تەخمىنەن 500 يىل بۇرۇن كەنت پەيدا بولغان.
كەنت سەل ئىسسىقراق جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قىزىلتاش**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆت ئائىلە، 20 ئادەم بار.
تېرىلغۇ يېرى 40 مو. بۇ يەرنىڭ تاش ۋە تۇپرىقى قىزغۇچ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق
ئاتالغان.

**بۇرھان**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالتە ئائىلە، 25 ئادەم بار.
تېرىلغۇ يېرى 90 مو. مەنىسى: «ئۇلۇغ زات». بۇرۇندا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان
ئەخمىدى زەمچى دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە
قىلىنغان بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**ياماسئارپىلىق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 41.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان.
تېرىلغۇ يېرى 20 مو. ئارپا تېرىلىدۇ. ئەتىيازدا تېرىپ كۈزدە يىغىۋېلىنىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ.
بۇ يەر ياماس تېغىنىڭ ئېتىكىدە شۇنداقلا ئارپىلا تېرىلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.
كۆتەكلىك كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**چۇكۇلاڭئېغىز**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان.
تېرىلغۇ يېرى 20 مو. ئارپا، پۇرچاق، بېدە تېرىلىدۇ. بىر ئائىلىلىك ئالتە ئادەم ئولتۇرۇشلۇق.
1980 - يىلدىن باشلاپ بىنەم ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىنغان. بۇ يەر چۇكۇلاڭ يايلىقىغا بارىدىغان
يول ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كۆتەكلىك كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**ياماسئېغىز**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.9 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان.
تېرىلغۇ يېرى 15 مو، ئارپا، بېدە تېرىلىدۇ. تەخمىنەن 100 يىل بۇرۇن ئادەم كېلىپ بىنەم ئاچقان.
بۇ يەر ياماس يايلىقىغا بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كۆتەكلىك
كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**ياريۇت**

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 30 مو. ئارپا، پۇرچاق تېرىلىدۇ. بۇ يەردە خېلى بۇرۇن ئادەم ئولتۇرغان. كېيىن كەلگەن كېلىپ بۇ يەرنى يار پىچىۋېتىپ ئاھالىسى كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

قۇرامكۆچكەن

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 35 مو. ئارپا، پۇرچاق تېرىلىدۇ. ئەتىيازدا تېرىپ قويۇپ كۈزدە يىغىۋالىدۇ. بىر ئائىلىلىك ئالتە كىشى ئولتۇرۇشلۇق. بۇ يەر شامال ئېغىزى بولۇپ، قاتتىق بوران چىققاندا تاش-شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

قۇشقاچبۇلاق

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 39.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. 15 مو تېرىلغۇ يېرى بار. ئارپا تېرىلىدۇ. ئەتىيازدا تېرىپ قويۇپ كۈزدە يىغىۋالىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. بۇ يەردە بىر بۇلاق بار، قۇشقاچ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

سېمىزخوتۇن

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك سەككىز ئادەم ئولتۇرۇشلۇق، 20 مو تېرىلغۇ يېرى بار. 1950-يىللىرى بىر سېمىز خوتۇن باللىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

تۆپىتۈۋى

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 41.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىر ئائىلىلىك بەش ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 20 مو. بۇ يەردە بوران ھاسىل قىلغان بىر توپا دۆۋىلىك بولۇپ، كىشىلەر بىنەم ئېچىپ يەر قىلىپ كۆكەرتكەن.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

ئاۋاستىئۆڭكۈر

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 20 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەردە چوڭقۇر ھەم قورقۇنچلۇق بىر ئۆڭكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئۇزۇنئارا

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34.5 كېلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 700 مو. مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. دۆۋا بازىرىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

قۇلۇنتۈز

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 53.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 250 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزلىكى تۈزلەڭ، قۇلۇن-تايلارنى بېقىشقا ئەپلىك بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سوقچاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 53.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يايلاق جايلاشقان تاغنىڭ شەكلى سوقا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يەريۇت قارائېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە بولۇپ، يەر يۇتۇپ كەتكەندەك تۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**چوكلا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى: «چۆكمەك». بۇ يايلاقنىڭ كۆلىمى چوڭراق، ئوت-چۆپلىرى ياخشى ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە مال باقسا ماللار يايلاقتا چۆكۈپلا كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**سېرىقئۆرۈك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 39.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 250 مو، مال سىغىمچانلىقى 250 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئوت-چۆپلىرى سارغايغان ئۆرۈكتەك بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئېرىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇرۇن بۇ يەرگە بىر ئېرىق كولانغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ياماسئارپىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يەر ياماس جىلغىسىنىڭ بويىدا بولغانلىقى، بۇرۇن ئارپا تېرىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تۈزلۇق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 43.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە چۆپلىرىدە تۇز مىقدارى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى دۆ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**شاخباسقان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 41.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇرۇندا بىر ئادەم

جىلغىدىكى كەلكۈن سۈنى شاخ بېسىپ توختىتالىلىقى سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**يايلاقئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21.6 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ يايلاقتا مال ئېغىلى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**تۆزقوشلاغ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 17.2 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى: «تۈزلەڭ قىشلىق يايلاق». بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ، قىشتا قوي بېقىلىدىغان ياخشى يايلاق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**قۇرامئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.1 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىغى 1000 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر قۇرام تاش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئايكۆنەس** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 17.7 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق، بۇ يايلاق بىر قەدەر ئېگىزدە بولۇپ، ئاي نۇرى ئاسان چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى شورلۇق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سىرتقەكلە** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 43.4 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق.

**كۆكيۇرت** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.6 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت-چۆپلىرى مول، ياپ-يېشىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى دۆۋا كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كالتاداۋان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 42 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر قىسقا داۋاننىڭ ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قوغاچئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.5 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق

رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا قوغاچ-يەنى سۇ ئۆتكۈزىدىغان نور بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قارايايپچان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ جايدا قارايايپچان ئۆسۈملۈكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سوما** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.8 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 350 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق.

**قوشقارتۈز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 43.3 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 350 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ، قوشقارلارنى بېقىشقا قولاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئۈرۈشقاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 42.1 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى باشقا يايلاقلار بىلەن تۇتاش بولغىنى ئۈچۈن، قوي پادىلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ، مالچىلار داۋاملىق قوي ئايرىشىپ بولالماي ئۈرۈشۈپ قالىدىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قارلىق ئاتقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.5 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يايلاق بىر قىرنىڭ تۆپىسىدە بولۇپ، قار كۆپ يېغىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات بېقىشقا ئەپلىك جاي بولغان سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. تاشبېرىق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قاراگغاز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 49.3 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. مەنىسى: «قاراگغۇ جىلغا»، بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئېگىز تاغنىڭ چوڭقۇر جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان، جىلغا ئىچىگە يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. لامۇس كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاقمۇنار** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.2 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان بىر ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭ باغرىغا جايلاشقان، يىراقتىن قارىسا

ئاق مۇنارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى كۆتەكلىك كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سۇناققۇز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31.6 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سۇناق كەنتىنىڭ قۇز تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ەومۇنلۇق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.3 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىچىدە خادىغا ئوخشايدىغان ئۈچلۇق تاغ تاشلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ يار كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئۆڭكۈركەش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 39.6 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 450 قويلۇق. بۇ جايدا بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولۇپ، مالچىلار كۆپىنچە مۇشۇ ئۆڭكۈردە قونىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ تاتىراڭ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**يارغان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.2 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىچىدە سەل پېچىپ كەتكەن يارلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ساڭلىسئىشەنچى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45.7 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. «ساڭلىس» بىر تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ساڭلىس تېغىدىكى ئىشەنچلىك يايلاق بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ ياربويى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ساڭلىسئۆڭكۈر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45.6 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو. مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ساڭلىس تېغىدىكى بىر ئۆڭكۈرنىڭ قېشىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ يار بويى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سانغۇ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37.9 كىلومېتر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق

رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 250 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تار تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، قويلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈشكە ئاسان بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى زاڭگوي يېزىسىنىڭ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دوساڭئۆڭكۈر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. «دوساڭ»نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ باغرىدىكى 30 ئادەم سىغىدىغان بىر ئۆڭكۈرنىڭ قېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**مىلكەش تۈزقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 450 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىرقەدەر تۈزلەڭ، مىلكەش دەيدىغان ياۋا ئوت كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**دوساڭ تۆرئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى دوساڭ تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**كىچىكساڭلىس** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 42.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1200 مو، مال سىغىمچانلىقى 1200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ساڭلىس تېغىنىڭ بىر يېقىدىكى كىچىك تاغدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى زاڭگوي يېزىسىنىڭ ئىنچىكەئېرىق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**يازاغۇ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ ئىسىم «ياز ئالغۇ» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەنىسى «يازنى كۈتۈش». بۇ يەر چارۋا پادىلىرىنى يايلاققا كۆچۈرۈشتە ۋاقىتىنچە يازنى كۈتۈپ تۇرىدىغان جاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ساڭلىس تۆرئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ساڭلىس تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگوي يېزىسىنىڭ گۈندىلىق لەڭگەر كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ساڭلىسياۋىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 44.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق

رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ساكلىس تېغىغا جايلاشقان، ئەڭ بالدۇر قاراقاش ناھىيىسى ياۋا كەنتىنىڭ ئادەملىرى مال باققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چاۋار ئاتقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 42.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ئىلگىرى چاۋار ئاتلىق بىر كىشى يىلقا باققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. پىيالما يېزىسىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كوستاتەكلە** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 28.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. جايتاش كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**يارلىققىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 39.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 550 قويلۇق. بۇ يەردە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، يامغۇر سۈيى سەل بولۇپ ئېقىپ نۇرغۇنلىغان يارلارنى ھاسىل قىلغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى لەڭگەركۆل كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئارقا تۆزئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئايكۆنەس داۋاننىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان، يەر تۈزلۈلۈشى تۈزلەڭ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پەرۋا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 41.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. مەنىسى «ئېھتىيات». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى لەيلچوق چوققىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، تاغ چوققىلىرى تىك، يوللىرى خەتەرلىك بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ياپچانقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 52 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ياپچان دېگەن ئوت كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**قارلىق ئاقتاش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 39.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق

رايونغاجايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. تۆۋەندىكىلەرنى قاراقاش ناھىيىسىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**توگباش**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سوغۇق تاغ بېشىدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**قوتازچالغۇ ئۆگكۈر**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇندا بۇ يەردە ياپچان دېگەن ئوت كۆپ بولۇپ، قوتازلار يېگەندىن كېيىن ھەزىم بولماي ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**باشئېغىل**


بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو. مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى توگباش داۋاننىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولۇپ، ئېغىللىرى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**ئۇلۇغيايلاق**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 51.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 9000 مو، مال سىغىمچانلىقى 10000 قويلۇق. يايلاقنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىنى بۈتۈن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 47-تۇەندىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**دارئېغىز**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 46.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر تار تاغ ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.


قوشتاغ يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:134000
1:1340000
1:200000
قوشتاغ
بوستان
چىغانلىق
جاي
ماندارلىق
ئۇلۇغ باغ
ئاقچىغ
قارامان
كېپەكچى
قاراسۇ
قىشلاق
يارېغىل
باش سۇئېغىز
سۇئېغىز
ماندار يار
سۇ ئايرىش راكوبى
يولغۇنچاقى
تاختاكۆۋرۈك
بۇزتاغ دەرياسى
ئاماباغ ئۆستەڭ
دوقچاقا
ئاقچىغ راكوب
قارامان دەرياسى

# قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرىپى سانجۇ يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى پىشنا ۋە باشلەڭگەر يېزىلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدان بىلەن، جەنۇب تەرىپى ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 31.3 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 49.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 1543 كۋادرات كىلومېتىر. قارىمىقىدا 23 كەنت كومىتېتى، 70 تەبىئىي كەنت بار. جەمئىي 4564 ئائىلە، 17097 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 16293، قىرغىزلار 66، خەنزۇ بەش، خۇيزۇ بىر نەپەر.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى شاپچاقا كەنتىدە. ئېيتىلىشىچە، مىلادى 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرلەردە ئادەم ئولتۇراقلاشقان. ئىسلام ئاچقۇچى ئىماملاردىن ھەممەل شېرىپ ۋە ئوبۇل يۈسۈپ ھەممەدانى دېگەنلەر بۇ جايغا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ خۇش ھاۋالىق، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «خۇش ئوتاغ» دەپ ماختىغان ئىكەن. شۇ يەرلىك كىشىلەر بۇنى مۇقەددەس سۆز بىلىپ بۇ يەرگە نام قىلىۋالغان ئىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز «قوشتاغ»قا ئۆزگىرىپ، ھازىرغىچە داۋاملاشقان.

چىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈينىڭ 9-يىلى (1983-يىلى) ئۆلكە ۋە ناھىيىلەرنى تەسىس قىلغاندا، قوشتاغ قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە گوما 36 كەنتنىڭ بىرى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (1902-يىل) گوما، سانجۇ ئىككى چوڭ كەنتنى قاغىلىقتىن ئاجرىتىپ گوما ناھىيىسىنى تەسىس قىلغاندا ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان. كېيىن قوشتاغ رايونى دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى «گوما ناھىيە 2-رايون» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1956-يىلى 8-رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بورا قاغىلىق ناھىيىسىگە قارىغاندىن باشقا، قالغان قىسىملىرىنى 2-رايونغا قوشۇۋەتكەن. 1958-يىلى «يۈپېجىن خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «قوشتاغ خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981-يىلى ئۇنىڭ پىشنا ۋە باشلەڭگەر باشقۇرۇش رايونلىرى بىلەن سازام دادۇيى ئايرىپ چىقىلىپ «پىشنا خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1984-يىلى «قوشتاغ يېزا» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان.

يېزىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى تەرەپلىرىنى قاتمۇ-قات تاغلار توسۇپ تۇرىدۇ. تاغ جىلغىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن. يەر تۈزۈلۈشى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. دەريا-ئېقىنلىرى ۋە كەلكۈن لاتقىلىرىنىڭ تىندۇرمىلىرىدىن ھاسىل بولغان شىمالى قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500~3000 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتىدىكى پەرق بىرقەدەر چوڭ بولسىمۇ، يەنىلا قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 9.3°C. ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) 22°C بولىدۇ. ئەڭ سوغۇق بولغاندا (1-ئايدا) -8°C بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ. قىراۋسىز مەزگىلى 210 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ھاۋا رايى جەھەتتىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈششۈك ۋە بوراندىن ئىبارەت.

يېزا بويىچە 62712 مو تېرىلغۇ يەر بار. قوشتاغ دەريا سىستېمىسى ئاساسىي سۇغۇرۇش مەنبەئىي بولۇپ، بۇ دەريا قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، پۈتۈن يېزىنى قىيپاچ كېسىپ ئۆتۈپ، گوما بازىرى تەۋەسىدىكى ياپچان سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. يۇقىرى ئېقىمىدا ئاقشور ۋە كەكەز سۇ ئامبارلىرى بولۇپ، ئۇلاردا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلغان. تۆۋەن ئېقىمىدا قوشتاغ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. بۇ دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر. كىلياڭ، قوشتاغ ئۆستەڭلىرى ئارقىلىق ئۆز ئېقىنى دائىرىسىدىكى غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، ئورەك قاتارلىق 135 تاناپ تۆت دەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 95.4 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياتقۇزۇپ ياسالغىنى 36.3 كىلومېتىر.



چۆلدىكى يېڭى ئۆستەڭ

پۈتۈن يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان.

يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان ۋە پۇرچاق ئىشلەپچىقىرىدۇ. قوشۇمچە ئارپا، بېدە، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 44742 مو. 1985-يىلى يېزا بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون 218 مىڭ جىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 714 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. شۇ يىلى دۆلەتكە 2 مىليون 50 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى، 73 مىڭ جىڭ مايلىق تاپشۇردى.

چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتاز قاتارلىقلارمۇ بار. ئۈز دائىرىسى ئىچىدە 119 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، يايلاقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 40855 مو، كەلەپ، شاپ، سېرىقئوت ۋە قومۇش قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، 80 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال سىغىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 53 مىڭ تۇياق بولدى.

بۇچۇڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا قىسىم جىلغىلىرىدا كونىلۇن ئارچىسى، قىزىل قېيىن قاتارلىق سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان تەبىئىي ئورمانلىقلار بار. ئەڭ جەنۇبىي قىسىمدىكى ئېگىز تاغلىق ۋادە ئېگىز تاغدىكى ئويمان ئوتلاقلىق رايون ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي قىسىمدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما لاتقىلىق تۈزلەڭلىكلەر سۈنئىي يېتىشتۈرۈلىدىغان ئورمان رايونى بولۇپ، ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، ئۈژمە، نەشپۈت قاتارلىقلار بار. 1985-يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1768 مو، كۆچەتلىك 110 مو، تارقاق ئورمان 808 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق. باغۋەنچىلىكتە ياڭاق، ئۈسۈملۈكلىرى ياخشى.

يېزا تەۋەسىدىن قانتېپەر، رەۋەن قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ. جەنۇبىي قىسىم تاغلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا كېيىك، قوتاز، داۋىغان، تۈلكە، توشقان، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇلار، كەكلىك، قاغا، قارچۇغا، كۇرۇشكەل (ياۋا كەپتەر) قاتارلىق ياۋايى ئۇچار-قاناتلار بار. تاغلىق رايوندىكى گۈڭگۈرت كېنى، تاش تۇز زاپىسى بىر قەدەر مول.


1985-يىلى يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن ئومۇمىي كىرىم 3 مىليون 356 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 162.85 يۈەندىن توغرا كەلدى.

يېزا تەۋەسىدە ئاشلىق-مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، تراكتور پونكىتى، گىلەم كارخانىسى ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. ئاپتوموبىلدىن يەتتىسى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 35 ى، قول تراكتوردىن 12 سى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى بار، ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 2633. يەنە سەيپۇجى، ئۇن تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلار بار بولۇپ، 1985-يىلىدىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 395 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 31 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، جەمئىي ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 172 نەپەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 32 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 127 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 2897 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ-

تىكى ئوقۇغۇچىلار 416 نەپەر). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98% كە يەتكەن. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، كېسەل كارىۋىتى 40، خىزمەتچىلىرى 20 نەپەر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تىببىي تېخنىكا خادىملىرى 19 نەپەر. كەنت كومىتېتلىرىدا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى بار بولۇپ، يېزا بويىچە جەمئىي 20 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. يېزىدا كىنوخانا، كىنو قويۇش ئەترىتى، رادىئو ئۇزېلى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، دۇكان قاتارلىق سودا تورلىرى نۇقتىسى پۈتۈن يېزىغا تارالغان.

يېزىنىڭ شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان تاشيولىدىن ھەممە كەنتلەرگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول ئۇدۇل كېلىپ ساغان كۆۋرۈكىدە چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىغا تۇتىشىدۇ، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىغا قاتناشقا بولىدۇ، قاتناش قولايلىق.



ئاقشور دەرياسى

ئىزاھات:

1986 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى شىخ (86) 146 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق چۈشۈرگەن تەستىقىدە كىلياڭ يېزىسى قۇرۇشقا قوشۇلدى. قوشتاغ يېزىنىڭ ئاقچىغ، تاختاكۆۋرۈك، تۆۋەنچاقا، كىلياڭ، دۆڭكۆل، يۇلغۇنجاي، ئىسپاھان، قارامانىدىن ئىبارەت سەككىز كەنت كومىتېتى (يەنى ئەسلىدىكى كىلياڭ باشقۇرۇش رايونىغا قاراشلىق 12 ـ 19 دادۈي، 1381 ئائىلە، 5097 نوپۇس) ئايرىپ چىقىلىپ كىلياڭ يېزىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى قىلىندى، كىلياڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يېزىنىڭ ئورنى قىلىندى.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

**قوشتاغ يېزىسى**

(«قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**شاپچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. 475 ئائىلە، 1651 نوپۇسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاجىك سەككىز نەپەر، قىرغىز ئالتە نەپەر، خەنزۇ بىر نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 808 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەر شاپىلىق بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قوشتاغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: بايكوچا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈڭشى تۆزلەڭ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 773 ئائىلە، 2486 نوپۇسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاجىك سەككىز، قىرغىز ئالتە، خەنزۇ بىر نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3034 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1958-يىلى 2-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «شاپچاقا داديۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982-يىلى «قوشتاغ داديۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**بايكوچا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 78 ئائىلە، 268 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 760 مو. ئېيتىلىشىچە ئەڭ دەسلەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سايىم ھاجى قاتارلىقلارنىڭ كۈنى ناھايىتى باي ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ماندار كوچا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 135 ئائىلە، 305 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1516 مو. ئىلگىرى بۇ يەر ماندارلىق بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**سۆگەتلىك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تورغايچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۆزلەڭ. قارىمىقىدا ئالتە كەنت بار. 337 ئائىلە، 1212 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4400 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بوغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق،

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل بار. «سۆگەتلىك» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 1 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «سۆگەتلىك دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**تورغايچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 37 ئائىلە، 100 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 420 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۆجەكـۋەكام دېگەن كىشى تورغايغا ئوخشاش ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىلا تۇرۇپ كېتىدىغان بولغاچقا «تورغاي» لەقىمى سىڭىپ، كېيىنچە مەھەللە نامى بولۇپ قالغان.

**ئازماباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 150 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 430 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە ئازما بولۇپ، كېيىن ئازمىنىڭ ئەتراپىدا كەنت پەيدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**سۆگەتلىك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 177 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 430 مو، ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىسلام ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ، سۆگەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**سايتۆگمەن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 84 ئائىلە، 350 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 950 مو، بۇندىن 200 نەچچە يىل ئىلگىرى توختى ھاجىم دېگەن كىشى بۇ يەردىكى سايلىقتا ئولتۇرغان ۋە بىر تاش سۇ تۆگمىنى قۇرغان، كېيىنچە بارا-بارا كەنت ھاسىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**خالتاچاقا**

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 41 ئائىلە، 160 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 420 مو. بۇرۇن بۇ كەنت كېيىكچىگە بارىدىغان كىچىك يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان خالتا كوچا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چوناقچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 95 ئائىلە، 375 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 950 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەيساھاجى دېگەن كىشىنىڭ قولىقى چوناق بولغاچقا، «چوناق» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**بوستان كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جىررىمچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 154 ئائىلە، 500 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى

2202 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «بوستان» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 3-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان (1973-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ 25-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان). 1978-يىلى «چوناقمەھەللە دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982-يىلى «بوستان دادۇي»دەپ توغرىلانغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### جىرىمچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 164 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 360 مو. بۇ يەر ئەسلىدە چىغلىق بولۇپ، كېيىن ئادەم كېلىپ ئېرىق چېپىپ دەرەخ تىكىپ كەنت پەيدا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### بوستان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 0.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 165 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 452 مو، دەسلەپتە بۇ يەر قاقاسلىق بولۇپ، كېيىن ئادەم كېلىپ دەرەخ سېلىپ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، بارا-بارا كەنت شەكىللەنگەن. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان.

### چوناقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 173 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 390 مو. ئەڭ دەسلەپتە بىر قۇلىقى كىچىكرەك بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «چوناق» دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز بۇ يەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

### ئازغانئالدى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئازغانئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 240 ئائىلە، 945 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4451 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 4-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «ئازغانئالدى دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئازغانئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 216 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 739 مو. بۇ يەر ئىككى قېشىدا ئازغان كۆپ ئۆسىدىغان بىر ئېرىقنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### كالتەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 214 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 650 مو. بۇرۇن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پاكار بويلۇق ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «كالتەك» دەپ ئاتاشقان، كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**سايبوستان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 218 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 840 مو. بۇ يەر ئەسلىدە سايلىق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ بىنەم ئېچىپ ئورمان قىلىپ، بارا ــ بارا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**پىشناتېرىدم**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 219 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 855 مو. ئەڭ دەسلەپتە بىر بۆلۈك پىشنىلىق بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**دازغۇنبويى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 27 ئائىلە، 76 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1247 مو. مەنىسى: «دەريا بويى»، بۇ كەنت ئىتتىپاق ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**جايناغۇت كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارمىقىدا بەش كەنت بار. 335 ئائىلە، 1120 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4817 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان، بېدە. چارۋىچىلىقمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. "جاي" نىڭ مەنىسى «يەر»، «ناغۇت»نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. «جاي» ھەم «ناغۇت» ئىككى كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ــ يىلى 5 ــ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ــ يىلى «قوشتاغ داد‌ۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982 ــ يىلى نامىنى «جايناغۇت داد‌ۈي» گە ئۆزگەرتكەن. 1985 ــ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**جاي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 208 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 718 مو. مەنىسى: «يەر». رىۋايەت قىلىنىشچە 800 نەچچە يىل بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىدىن ئوبۇل يۈسۈپ ھەمەدانى بۇ يەردە توختاپ ئۆتكەن ئىكەن. كىشىلەر بۇ يەرنى «ئۇلۇغىمىز تۇرغان جاي» دېگەن. كېيىنچە كەنت نامى بولۇپ قالغان ۋە قىسقارتىلىپ «جاي» دەپ ئاتالغان.

**ئاچىماق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 82 ئائىلە، 194 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 603 مو. بۇ يەر ناغۇت كەنتىگە سۇ بارىدىغان ئېرىقنىڭ سۇ ئايرىلىدىغان جايىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ناغۇت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 78 ئائىلە، 300 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 764 مو. نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**دۆڭمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 785 مو. بۇ كەنتنىڭ ئورنى ئېگىزرەك بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**توكۇرپېيىك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 179 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 930 مو. مەنىسى: «توكۇر كېيىك». ئېيتىلىشچە ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى «سايىل مىگبېشى» دېيىلغان بىر ئادەم بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ بېدە تېرىغان ئىكەن. بېدە ئۈنۈپ چىققاندا بىر توكۇر كېيىك بۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ بېدە يېگىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «توكۇر كېيىك» دەپ ئاتىلىپ قېلىپ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان ھەمدە بۇ سۆز ئۆزگىرىپ «توكۇر پېيىك» بولۇپ قالغان ئىكەن.

**سۇلغاز كەنت كومىتېتى**　　　　تۇرۇشلۇق ئورنى: سۇلغاز

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 105 ئائىلە، 425 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1260 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1973 ـ يىلى 3 ـ دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 25 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «سۇلغاز دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**سۇلغاز**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 351 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1010 مو. مەنىسى: «سۇلغىي ئاز». ئىلگىرى بۇ يەردە بىر بۇلاق سۈيى بولغان بولۇپ، كېيىن قۇربانبەگ دېگەن كىشى ئادەم باشلاپ كېلىپ توغان سېلىپ ئۆستەڭ چېپىپ، سۈيىنى گۇمىغا باشلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ يەرنى «سۇلغاز» دەپ ئاتىغان، كېيىنچە كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**باش سۇلغاز**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 24 ئائىلە، 60 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 200 مو. بۇ يەر «سۇلغاز» كەنتىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يارئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 15.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 5 ئائىلە، 15 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 50 مو. بۇ يەر يار ئىچىگە جايلاشقانلىقى، قوي قوتىنى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چىغلىق كەنت كومىتېتى**　　　　تۇرۇشلۇق ئورنى: پوستەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 90 ئائىلە، 333 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 6000 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىق دان، پۇرچاق. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتور-دىن ئۈچى بار. بۇ يەردە كەنت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى چىغ تولا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1980-يىلى كۆكشى سۆگەتلىك، قوشتاغ ۋە ئازغانئالدى ئۈچ داۋىنىڭ ھەر-بىرىدىن بىردىن شياۋدۈينى ئاجرىتىپ 7-داۋۇي قىلىپ قۇرغان. 1982-يىلى «چىغلىق داۋۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## پوستەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 163 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 3200 مو. بۇرۇندا سايىم ئاخۇن قاتارلىق ئىككى كىشى تۇرمۇش مۇھتاجلىقىدىن ساغاندىن بۇ يەرگە كېلىپ باشقىلار ئۈچۈن تۈگمەنگە قارىشىپ بەرگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى «پوس-تەك» دەپ ئاتىغان، كېيىنچە بۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ قالغان.

## پىيالماچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 44 ئائىلە، 171 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 2800 مو. ئېيتىلىشىچە بۇ يەردە ھەممىدىن بۇرۇن پىيالمىلىقلار ئولتۇراقلىشىپ، كېيىن كەنت پەيدا بولۇپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## بومۇغا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقئۆستەڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭرەك. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 128 ئائىلە، 488 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2659 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئازاد ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل بار. ئەسلى «بوم ئۆرۈگ» بولۇپ، مەنىسى «قوڭغۇراق». بۇ يەر قاغىلىق بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى ئالاقىلىشىش ئورنى بولۇپ، چوڭ بىر قوڭغۇراق ئېسىلىپ، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 15-داۋۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «بومۇغا داۋۇي» دەپ ئۆز-گەرتىپ ئاتالغان. 1958-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## ئاقئۆستەڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 13 ئائىلە، 48 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 150 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ياقىسى ئاق-بىكار ئىكەن. كېيىنچە ئادەم ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان.

## دۆڭمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 106 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 729 مو. مەھەللىنىڭ ئورنى ئېگىزرەك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### جىنچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 186 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 890 مو. دەسلەپتە بىر بويتاق ئادەم بۇ يەردە يالغۇز تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن ئالغان، ئىشقا بالدۇر بېرىپ كەچ قايتقان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى ئەرۋاھتەك كۆرگەن. كېيىنچە بۇ جايدا كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

### پاكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 34 ئائىلە، 148 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 890 مو. قۇلىقى پاك بىر مىسكەر ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن، ئۇنىڭ لەقىمى «پاك» ئىكەن. كېيىن بۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ قالغان.

### تۆگمەنبويى كەنت كومىتېتى     تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆگمەنبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 198 ئائىلە، 614 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2905 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1982-يىلى تېرەكئالدى دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، تۆگمەنبويى دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### تۆگمەنبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 86 ئائىلە، 258 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1205 مو. بۇ كەنت بىر تۆگمەننىڭ قېشىدا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ماندارلىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 254 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1145 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە ماندار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### يالغۇزجىگدە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 124 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 555 مو. بۇرۇندا كىشىلەر بۇ يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جىگدە دەرىخى تىككەن بولسىمۇ، پەقەت بىر تۈپلا جىگدە ئەي بولغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئاتالغان.

### تېرەكئالدى كەنت كومىتېتى     تۇرۇشلۇق ئورنى: تېرەكئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 180 ئائىلە، 672 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2300 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1960-يىلى 2-دادۈيگە قوشۇۋېتىلگەن.

1968 ـ يىلى يەنە بۆلۈنۈپ چىقىپ 14 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «تېرەكئالدى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1982 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ تۇگمەنبويى دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### تېرەكئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 275 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 900 مو. بۇندىن 300 يىل ئىلگىرى بۇ يەر تېرەكلىك بولۇپ، تېرەكلىكنىڭ ئالدى تەرىپىدە كەنت پەيدا بولۇپتىكەن، شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### چىغانباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 260 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 900 مو. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپۈنچىسى باغلىرىنىڭ چۆرىسىگە چىغان سېلىپ تۇتتۇرۇپ قاشا قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### توقايجىگدە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 137 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ يەرگە جىگدە سېلىپ ئورمان قىلغان بولۇپ، بۇ جىگدىلەرنىڭ تولىسى ئۇيان ـ بۇيانغا دوناي ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### قىشلاق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قىشلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 180 ئائىلە، 587 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2666 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىق دان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1985 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىسمىسالا كەنت كومىتېتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئايرىم كەنت كومىتېتى بولغان.

### قىشلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. 85 ئائىلە، 292 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 731 مو. ئەڭ ئاۋۋال ئىسمايىل ھاجىنىڭ چوڭ بوۋىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دەسلەپتە گەمە كولاپ ئولتۇرۇپ قىشلىغان. كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەم كېلىپ بۇ گەمىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ، بارا ـ بارا كەنت شەكىللەنگەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچما

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 89 ئائىلە، 274 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1335 مو. مەنىسى «ئاچمىغىن» بولۇپ، كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

### بۇجىگدە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 6 ئائىلە، 21 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 600 مو. بۇرۇندا كىشىلەر بۇ يەرگە نۇرغۇن قېتىم جىگدە دەرىخى سالغان بولسىمۇ،

پەقەت بىر تۇپلا جىگدە كۆكلەپ ئەي بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاقچىغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: مسكەرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.5 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 87 ئائىلە، 383 نوپۇسى بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1355 مو. چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ بارىدۇ. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. بۇ جايدا ئاق چىغلاركۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1975 ـ يىلى 18 ـ دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 26 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «ئاقچىغ دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

### مسكەرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 6 ئائىلە، 23 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 401 مو. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ يەردە بىر مسكەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### باشچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21 كىلومېتر كېلىدۇ. 26 ئائىلە، 121 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 402 مو. بۇ كەنت باشقا كەنتلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### كۇتام

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21.7 كىلومېتر كېلىدۇ. 21 ئائىلە، 121 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك ئۈچ نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 882مو. مەنىسى: «قۇرۇق تام». ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇندىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى مەشھۇر ئالىم ھۇسەيىن تەجەللى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئادەم ئولتۇرمايدىغان قۇرۇق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «قۇرۇق تام» دەپتىكەن. كېيىن بۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «كۇتام» دېيىلگەن. يەنە «كوھتام» (تاغ ـ تام) دېگەن قاراشمۇ بار.

### لەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 19.1 كىلومېتر كېلىدو. 34 ئائىلە، 137 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 812 مو. ئىلگىرى غوجا دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە لەڭگەر قۇرغان، كېيىن كەنت پەيدا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

### تاختاكۆۋرۈك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: پاڭقىر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربى جەنۇبىغا 24.4 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 161 ئائىلە، 611 نوپۇسى بار. يېرىم دېھقانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2206 مو. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار بار. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. بۇرۇن بۇ جايدا بىر تاختا كۆۋرۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1975 ـ يىلى ئاقچىغ دادۇينىڭ بىر قىسمى بىلەن

كىلياڭ دادۇيىنىڭ ئىككى شياۋدۇيى بىرلەشتۈرۈلۈپ 26 ـ دادۇي قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1978 ـ يىلى «پاڭقىر دادۇي» دەپ ئاتالغان. 1986 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تاختاكۆۋرۈك كەنت كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**پاڭقىر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 764 مو. بۇ يەردە بىر قىر بار، ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان روزى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قۇلىقى پاڭ ئىكەن. كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا شۇنداق ئاتالغان.

**ئارقاچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 256 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 718 مو. دەسلەپتە بۇ يەر بىر مىڭبېشى ئائىلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئىشتاچى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 22.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 200 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 771 مو. ئېيتىلىشچە ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان توختى دېگەن ئادەم ئىچى تار كىشى بولغاچقا «ئىشتاچى» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**تۆۋەنچاقا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆۋەنچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارمىقىدا تۆت كەنت بار. 186 ئائىلە، 726 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3463 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 17 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «تۆۋەنچاقا دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**تۆۋەنچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 245 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1105 مو. بۇ كەنت ئەسلىدىكى كىلياڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**كەنتئىچى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 177 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 870 مو. بۇ كەنت ئەسلىدىكى كىلياڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**نورلاق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 178 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 601 مو. بۇرۇن بۇ يەرگە سۇ ئۆتكۈزىدىغان بىر نور قويۇلغان بولغاچقا، شۇن-

داق ئاتالغان.

### قىزداتاغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 23 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 134 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 720 مو. بۇ كەنت قىزىل تاشلىق بىر تاغنىڭ قېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### كىلياڭ كەنت كومىتېتى　　تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇراچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 27.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 195 ئائىلە، 556 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك بىر نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2643 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىق ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار(بۇ جاينىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس). 1958-يىلى 1-دادۈي بولۇپ قۇرۇلۇپ، يۈبجىن گوڭشې 3-باشقۇرۇش رايونىغا قارىغان. كېيىن يۈبجىن گوڭشې 16-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى كىلياڭ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئوتتۇراچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 27.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 115 ئائىلە، 251 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك بىر نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 1459 مو. بۇ يەر ئەسلىدىكى كىلياڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچچىقئالما

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. 81 ئائىلە، 306 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1184 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تارىختا يەكەن دۆلىتىنىڭ پادىشاھىسىنىڭ ئوغلى بۇ يەرگە بىر تۈپ ئاچچىق ئالما تىكىپتىكەن. كېيىن بۇ جاينىڭ ئەتراپىدا كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

### دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى　　تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭكۆل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 184 ئائىلە، 765 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3111 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىق ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1982-يىلى كىلياڭ دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ دۆڭكۆل دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### دۆڭكۆل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29 كىلومېتىر كېلىدۇ. 88 ئائىلە، 403 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1373 مو. كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرى ۋە سۇ ئىچىدىغان كۆلى دۆڭلۈك ئۈستىدە

بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پىننى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 215 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 868 مو. بۇرۇن بۇ يەرلەردە پىننە كۆپ ئۆسىدىغان بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئىلىشباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 41 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 443 مو. بۇ كەنت كىلىياڭ ئۆستەڭ ئازمىسىنىڭ قېشىغا جايلاشقان، ئىلگىرى سۇ ئايرىلىدىغان ئىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇلغۇنجاي

**يۇلغۇنجاي كەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.7 كېلىدۇ. يەرتۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا 3 كەنت بار. 124 ئائىلە، 558 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2902 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى تۆۋەنچاقا دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 17-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «يۇلغۇنجاي دادۈي» دەپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**يۇلغۇنجاي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 205 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 889 مو. مەنىسى: «يۇلغۇنلۇق مازار». رىۋايەت قىلىنىشىچە، تارىختا يەكەن دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى لېتىپ ئاتاخان تىبەتكە ئۇرۇش قىلغىلى بېرىپ، قايتىپ كېلىشىدە ۋاپات بولۇپ، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، كېيىن ئۇنىڭ مازىرىدا يۇلغۇن ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پوخۇندا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 23.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 144 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 900 مو. بۇ يەردە ئۆرۈك كۆپ بولۇپ، باھاردا ھەممە ياقتا ئۆرۈك چېچەكلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ياندۇرما**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 209 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 952 مو، بۇرۇندا «تۇردى غوجا» ئاتلىق بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى قايتىپ كەتكىن، بولمىسا ئىسسىقتىن ئۆلۈپ كېتىسەن، دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ يېنىپ كەتمەي بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ تۇرىۋەرگەن ۋە كېيىنچە كەنت ھاسىل بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئىسپاھان

**ئىسپاھان كەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 22.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرتۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمەقىدا بىر كەنت بار. 119 ئائىلە، 516 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2271 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 19 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «ئاقتاش دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى «ئىسپاھان» دادۈي دەپ تۈزىتىلگەن. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن (شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ «ياركېچىك» كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان).

### ئىسپاھان

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتى بىلەن ئوخشاش. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىنىڭ ئىسمى «يۈسۈپ ئىسپاھانى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى كەنت نامى قىلىپ قوللانغان.

### قارامان كەنت كومىتېتى

تۈرۈشلۈق ئورنى: قارامان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا بىركەنت بار. 96 ئائىلە، 386 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1306 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 20 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «قارىمان دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى نامى «قارامان دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن. 1958 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### قارامان

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ. مەنىسى: «قارا يامان». بۇرۇندا «مۇقەررەپ» دەيدىغان بىر مىڭبېشى بۇ يەرگە زىندان سېلىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى سولاپ قويۇپ، مەجبۇرىي بىنەم ئاچقىلى سالغاندا، پۇقرالار قارشىلىق بىلدۈرۈپ «قارا يامان» دەپ دادلىغان. كېيىنچە بۇ يەردە كەنت پەيدا بولغان ۋە «قارامان» بولۇپ قالغان.

### قاراسۇ كەنت كومىتېتى

تۈرۈشلۈق ئورنى: بايدۆۋە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 17.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 165 ئائىلە، 667 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 51 نەپەر، تاجىك 17 نەپەر. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2043 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋىسى 3172 تۇياق. چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. يەككە ئائىلە قۇرغان بىر كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، ماشىنا قۇراشتۇرۇلىشى 27 كىلوۋاتلىق. بۇ يەردە بۇلاق سۈيى بىلەن يەر سۇغۇرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1958 ـ يىلى

21 ـ دادۇي بولـۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «قاراسۇ دادۇي دەپ ئۆزگەرتـىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**بايدۆۋە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 17.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 221 نوپۇسى بار بولـۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 36 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 630 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كىلىپ ئۆلىق بىر نەچچە باي كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**باشتوگمەن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غـەربىي جەنۇبـىغا 17.2 كىلومېتىر كېلـىدۇ. 58 ئائـىلە، 243 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك 17 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 760 مو. بۇ كەنت بىر سۇ تۈگمىنىنىڭ قېشىدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**جاپپارقۇم**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 203 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 15 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 713 مو. بۇ يەر ئىلگىرى قۇملۇق بولۇپ، خوتەنـلىك جاپـپار دېـگەن كىشى ئەڭ ئاۋۋال كۆچـۈپ كېـلـىپ ئولـتۇراقلاشـقانـلىقـى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كېپىكچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: سوقاباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمـىقىدا ئىككى كەنت بار. 77 ئائـىلە، 353 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچـىدە قىرغىز 21 نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1236 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. ئورمانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللـىنىدۇ. چارۋىـچىلـىقى بىرقەدەر راۋاجـلانغان. ئىلگىرى بۇ يەر ئوتلاق بولۇپ كېپەك تولا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1958 ـ يىـلى 22 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىـلى «كېپىكچى دادۇي» دەپ ئاتالـغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**سوقاباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 36 ئائـىلە، 153 نوپۇسى بار بولوپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 21 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 618 مو. بۇ يەر ئىككى يارنىڭ قوشۇلغان جايى، شەكلى سوقا بولۇپ، كېيىن كىشىلەر باغ ـ قورا قىلىپ كەنت پەيدا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.8 كىلومېتىر كېلـىدۇ. 41 ئائـىلە، 200 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 618 مو. بۇ كەنت دۆڭگە جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئۈلباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ياڭاقلىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمـ

قىدا ئۈچ كەنت بار. 185 ئائىلە، 675 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2666 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 - يىلى 13 - دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «ئىسمىسالا دادۇي» دەپ ئاتالغان. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىككى كەنت كومىتېتىغا بۆلۈنگەن (بۇ يەر ئۇلباغ كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان).

## ياغاقلىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.7 كىلومېتر كېلىدۇ. 69 ئائىلە، 242 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 990 مو. بۇ يەردە ياغاق كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## ئۇلباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 98 ئائىلە، 356 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1280 مو. مەنىسى: «باغ ئۇلى». بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى زىچ، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بېغى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## هاراپ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 18 ئائىلە، 77 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 512 مو.

## ياركېچىك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياركېچىك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.8 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 78 ئائىلە، 384 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1408 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1985 - يىلى ئىسپاھان دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

## ياركېچىك

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ يەر بىر چوڭ يارنىڭ قېشىدا بولۇپ، ئىلگىرى ئۆتىدىغان كېچىك بولغان، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## كېيىكتۈز

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 29.4 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. جىلغىسىنىڭ تېگى تۈزلەڭ. تېرىلغۇ يېرى 1500 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پۇرچاق. شاپچاقا، سۆگەتلىك ۋە قوشتاغ ئۈچ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى ئادەم بېرىپ خەۋەر ئالىدۇ. ئاۋۋالدا بۇ ئوتلاقلىقتا كېيىك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## يېڭىبىنام

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. تېرىلغۇ يېرى

120 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، بېدە. بۇ يەرگە بىر ئادەم قارايدۇ. 1959 ـ يىلى سۆگەتلىك دادۇيدىن ئادەم كۆچـى تەشكىللەپ لاي ئېقىتىپ بىنەم ئاچقانلىقتىن شۇنـداق ئاتالغان.

**قارلاغ** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىـلىق ھۆكـۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىـغا 28.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تېـرىلغۇ يېرى 150 مو. بۇغداي، بېدە تېرىلىدۇ. پەسىلگە قاراپ ئادەم كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىـدۇ ۋە يىغىۋالىـدۇ. مەنە-سى: «تار جاي». بۇ يەر بىر تار تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىدە بولغاچـقا شۇنـداق ئاتالـغان. قاراسۇ كەنـت كومىتېتىـدىن باشقۇرىدۇ.

**قارامان** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرتۈزۈلـۈشى تۈزلەڭ. توققۇز ئائىلە، 42 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ بىر ئائىلە، ئۈچ نوپۇس. تېرىلغۇ يېرى 506 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىـدۇ. ئاساسلىق مەھـسۇلاتى بۇغـداي، كۆممىقوناق، مايلىقـدان، پۇرچاق. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر قارامان كەنتى تەۋەسىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. يېزا كارخانىسىغا قاراشلىق.

**قىزىلئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 18.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغـلىق رايونـغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 100 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇ يەرنىڭ تاشلىرىنىڭ كۆپۈن-چىسى قىزىل، مال قوندۇرىدىغان جاي بولغاچقا شۇنـداق ئاتالـغان. تۆۋەندىكىلەرنى جايناغۇت كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**توشقانامق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 32.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايـلاشـقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويـلۇق. بۇ چارۋىچـىلىق نۇقتىسـىدا ياۋا توشقان كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**شېيىخھاجىم تۆرئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 39.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ياز-لىق يايـلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. ئەڭ ئاۋۋال «شېيىـخ ھاجىم» دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ مال باققان بولۇپ، كېيىن مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالغان ئىكەن. بۇ نام شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**ئارچىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 39.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايـلاشـقان. يازلىـق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ يەردە ئارچا ئورمىنى بولغاچقا شۇن-داق ئاتالغان. يېزىدىن باشقۇرىدۇ.

**ئۈچئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغنىڭ ئۇچىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. سۆگەتلىك كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قوشتاغ ماندارلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 37.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆپ جىلغىلىق. يايلاق كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ماندار كۆپ، قوشتاغ يېزىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى سۆگەتلىك كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**تەڭلىچۇك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 37.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 80 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان ھەم ئۇزۇنچاق، تەڭلە شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**زەيتۈز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 35.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. سازلىققا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى زەي-سازلىق ھەممىدە تۈزلەڭ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**جىگدىلىكقۇز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغنىڭ قۇز تەرىپىدە بولۇپ، جىگدە كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى كېيىكچى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئارادۆڭ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 11.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 100 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى كېيىكچى بىلەن سۇلغازنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پوسەكياۋىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 21.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. مەنىسى: «ياۋا پىيازلىق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ياۋا پىياز كۆپ بولۇپ، قۇرۇپ پىچان بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكمەكلىك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق

يايلاق، كۆلىمى 900 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ جايدا كۆكمەك دەيدىغان بىر خىل كۆك كېپەك تولا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى ئازغانئالدى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**قوشتاغ كۆكئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 39.6 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى قوشتاغ يېزىغا قاراشلىق بولغانلىقى، ئەتراپىدىكى تاشلار كۆك بولغانلىقى ۋە ئېغىل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**جەۋەلتە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. نامىنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**سۆزگەنئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 20.6 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا سۆزگەن كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**قوشتاغ يائئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاق يانتۇلۇققا جايلاشقان شۇنداقلا قوشتاغ يېزىغا قاراشلىق بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**ياپچانئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 21.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق، بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ياپچان كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**چوقاباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.1 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر تاغ چوققىسىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى تۆۋەنچاقا كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)
**قاراقىر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر قارا قىرنىڭ يېنىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**قالماتېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 28.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى: «تاش ئېغىل». بۇ يەردىكى ئېغىللارنىڭ تولىسى تاش تىزىپ ياسالغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى كېلىياڭ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئېچىماتېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى: «جان ساقلا ئېغىل». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا يىل بويى قار-مۇزلار توپلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئاسانلا خەتەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**مازارقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى جايلاشقان قىرنىڭ ئۈستىدە بىر مازار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئاقچىغ، قىشلاق ئىككى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**بەشتوغراق** (چارۋىچىلىق نوقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 27.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ يەردە بەش تۈپ توغراق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۇگمەنبويى ۋە تېرەكئالدى ئىككى كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كېسەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 28.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا قىستا-قىستا جىلغىلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئىسپاھان كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**داشئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ يەر قاراقىر چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۇگمەنبويى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاچچىق بويۇنئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى

تۆگىننىڭ بويىنغا ئوخشايدىغان كىچىك جىلغىسىنىڭ ئىچىگە جايلاشقانلىقى، بۇ يەردە سۇيى ئاچچىق بىر بۇلاق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قىشلاق، ئۇلباغ ئىككى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**تۆگەبويۇن** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلاق يايلاق، كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ ئىككى يېقىدىكى يارنىڭ شەكلى تۆگىننىڭ بويىنغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قاراسۇ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**پۇتاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى جايلاشقان جىلغىنىڭ ئىككى ياقىسى كۆپ جىلغىلىق بولۇپ، دەرەخنىڭ پۇتاقلىرىغا ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قارامان كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كىچىك ئاتقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. چارۋىچىلىق نۇقتىسى تايچاق شەكلىگە ئوخشايدىغان بىر كىچىك تاغنىڭ يېنىدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قارامان، كەگەز ئىككى كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاتقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ بولۇپ، ئات بېقىشقا قولاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كەگەز كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سۇتقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.1 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. بۇچۇڭ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قوشئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ئىككى ئېغىل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كىلياڭ ۋە تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى بۇچۇڭ كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئەسىرلىك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربى جەنۇبىغا 38.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇرۇندا بۇ يەردە ئەسىر (يىلپىز) كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئاقشور كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئۆڭكۈرئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربى جەنۇبىغا 38.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولۇپ، قىشتا مال ئېغىلى قىلىنىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يارئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربى جەنۇبىغا 30.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 255 مو، مال سىغىمچانلىقى 540 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چاكاندىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان، چاكاندا كۆپ ئۆسىدىغان يەر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**توغراتاش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ ئالدىدا توغرا ياتقان يوغان بىر تاش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ناھىيىلىك يېمەكلىك-لەر شىركىتىدىن مال باقىدۇ.

**قوشقۇنلۇق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ياز-لىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى قوشقۇنغا ئوخشايدىغان تار جىلغا ئىچىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. موكويلا يېزىسىنىڭ مازار-دۆڭ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.


تۆكتىرەك يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:66000
1:200000
1335
تۇغراقتار
ھاڭگىتلىق
تاللىق
بەلقۇم
باشيار
قۇمئېرىق
قارايانتاق كۆل
چاقما
سايام
لەڭگەلچاق
قارىقۇم
تارمەھەللە
قارافۇم تۈگىمەنلىق
قارافۇم سۇ ئامبىرى
چاڭگال
شورلۇق
ئاقئۆتۈن
كۆكتىرەك
لايقا
بېگىكەنت
ئاتوڭلۇق
بادالا كۆلبېشى
ياغاقلىق
قۇمۆل
كۆكتاغ
كۆكيار
بازاريار
يېڭىبازار
ئاستانقوش
تۇغراقئېرىق
سايباغ كۆۋرۈك
سايباغ
كۆلباغ
چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغا 5.5 كىلومېتىر

# كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدىغان تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى گۇما بازىرىغا تۇتىشىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى 40 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 3410 كۋادرات كىلومېتىر. قارمىقىدا 23 كەنت كومىتېتى، 80 تەبىئىي كەنت بار. يېزا باشقۇرغان بىر دېھقانچىلىق مەيدان، بىر چارۋىچىلىق مەيدان، بىر دېھقانچىلىق نۇقتىسى، ئىككى ئورمانچىلىق نۇقتىسى بار. 5612 ئائىلە، 22634 نوپۇسلۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تۇماقمەھەللىدە. ئەسلىدە بۇ يەرلەر قۇملۇق، سازلىق بولۇپ توغراق، يۇلغۇن، قومۇشلار ئۆسىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «شاۋاز غوجا» ئاتلىق بىر كىشى ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىر كۆل كولاپ، ئەتراپىغا تېرەك سالغان ئىكەن، كېيىنچە كەنت شەكىللىنىپ «كۆكتېرەك» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەر بازارتۆۋەن رايون دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن 3-رايون دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتىلىپ قارمىقىدا 5 يېزا: ھازىرقى ياڭاقلىق، ئارامەھەللە، لايقا 1-يېزا؛ كۆكتېرەك بىلەن قۇمئېرىق 2-يېزا؛ ئودىيان 3-يېزا؛ بازاريار، كۆكيار، ئاياغيار 4-يېزا؛ ئاراقۇم 5-يېزا بولغان. كېيىن ھەمكارلىق گۇرۇپپا، باشلانغۇچ كوپېراتىپ، ئالىي كوپېراتىپلار قۇرۇلغان. 1958-يىلى «ۋىشىڭ خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «كۆكتېرەك خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984-يىلى 10-ئايدا يېزا بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ تەسىس قىلغاندا «كۆكتېرەك يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ يېزا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمالىي قىسمىنىڭ كۆپىنچىسى قۇملۇق، سازلىق؛ غەربىي قىسمى سايلىق دەشت؛ جەنۇبىي قىسمى دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان تېرىقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ بولۇپ، شىمال تەرەپكە سەل پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400~1200 مېتىر، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8°C، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا (7-ئايدا) 25.3°C، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1-ئايدا) 6.1°C-بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 217

كۆن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر. ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە ئۈششۈكتىن ئىبارەت.



تالسۆگەت سايىسىدا.

دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىدىم يەر كۆلىمى 49330 مو. ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى سۇ باشلاپ كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 328.75 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ 20 كىلومېتىرلىق قىسمىغا تاش ياتقۇزۇپ ياسالغان، 6.75 كىلومېتىر قىسمى سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان. غول ئۆستەڭ گوما بازىرى تەۋەسىدىكى ساغان سۇ ئايرىش زاكوسىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر. ئۇنىڭغا قوشتاغ دەرياسى سىستېمىسىدىكى ياپچان سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى باشلاپ كېلىنىدىغان بولۇپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى 50 مىڭ مو. ئۇنىڭدىن باشقا ماشىنىلىق قۇدۇقلارنىڭ سۈيى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 48922 مو بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىق-دان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش ۋە بېدە قاتارلىقلار بار. 1985-يىلى يېزا بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىليون 653 مىڭ جىڭ، پاختا 743 مىڭ جىڭ، مايلىق-دان بىر مىليون 600 مىڭ جىڭ، چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 35 مىڭ تۇياق بولدى. ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈزۈم، ئۆرۈك، ياڭاق ۋە قوغۇن قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا تېرىگە ئىش قوشۇش، ياغاچ سايمانلارنى ياساش، كېيىم تىكىش ۋە پىلە بېقىش قاتارلىق ئائىلە قوشۇمچە

كەسپلىرى بىرقەدەر راۋاجلانغان. 1985-يىلى يېزا بويىچە 862 قۇتا پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، هەر بىر قۇتىسىدىن 55 جىڭدىن پىلە ئېلىپ، دۆلەتكە 48 مىڭ جىڭ پىلە غوزىسى سېتىپ بەردى. ئۈزۈمدىن 2 مىليون 693 مىڭ جىڭ هوسۇل ئېلىندى. 1985-يىلى ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئاشلىق 647 جىڭ، ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 199.55 يۈەن بولدى.

ئورمانچىلىقتا: سۈنئىي ئورمان يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما هەم ئاز ساندا ياڭاق دەرەخلىرى بار. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بەرپا قىلىنغان ئورمان 2383 مو، كۆچەتلىك 424 مو، تارقاق ئورمان 932 مىڭ تۈپ. مۇمىي دائىرىسى ئىچىدىكى سازلىقلاردا قومۇش ۋە ياۋا ئۆدەكلەر كۆپ.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش، چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. يۈك ئاپتوموبىلىدىن سەككىزى، چوڭ-كىچىك تراكتوردىن 28 ى، قول تراكتورىدىن 17 سى، سەييوجەمدىن 96 سى بار بولۇپ، هەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئوت-ئات كۈچى 1380.

هازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 18 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، جەمئىي ئوقۇتقۇچىسى 204 نەپەر. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 22 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 2840 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 252 نەپەر). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.5% گە يەتكەن. مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا، كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى بار.

يېزىدا بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، خىزمەتچى ۋە تېببىي خادىملىرى 18 نەپەر، 12 ئېغىز كېسەل ياتىقى، 50 كېسەل كارىۋىتى بار. كەنت كومىتېتلىرىدا 22 ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بار.

يېزىغا ياسالغان ئاسفالت يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن يېزىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ناهىيە شەهىرىگە ئۇلىشىدۇ، ئۇنىڭغا هەرقايسى كەنتلەر ئارىسىدىكى ئاددىي تاشيوللار تۇتاشتۇرۇلغان.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

**كۆكتېرەك يېزىسى**

(«كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**تۇماق مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 362 ئائىلە، 1226 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 938. تېرىلغۇ يېرى 340 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. يەنە مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. تېرە ماللارغا ئىش قوشۇش قول سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. بۇ كەنتتىكىلەر تۇماق تىكىش بىلەن مەشھۇر بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكتېرەك كەنت كومىتېتى** — تۇرۇشلۇق ئورنى: قوغاچئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 556 ئائىلە، 1966 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 938. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1775 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. يەنە مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدىلەرمۇ بار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىلادى 1430-يىللىرى ئەتراپىدا شاۋازغوجا ئاتلىق بىر كىشى ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۆل كولاپ، ئەتراپىغا تېرەك سېلىپ بوستان قىلغاچقا، «تېرەكلىك» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە بۇ يەرلەر كەنت بولۇپ، «كۆكتېرەك» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. 1958-يىلى 8-داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى كۆكتېرەك داداۋي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**قوغاچئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 0.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 60 ئائىلە، 270 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 338 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. يەرلىك كىشىلەر ئېتىزلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى ئېرىققا ياغاچ نور قويۇپ سۇ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قاغادان مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 252 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 315 مو. ئىلگىرى بۇ يەر توپ-توپ قاغىلار كېلىپ دانلايدىغان يەر بولغاچقا

شۇنداق ئاتالغان.

**جاما لقىز**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 218 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 782 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھېيىت چوقا دېگەن كىشىنىڭ 10 قىزى بولۇپ، ئۇلار بىر-بىردىن چىرايلىق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئوردىيان كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: خەلپەمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.75 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 378 ئائىلە، 1470 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1730 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياشلارمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. مەنىسى: «ئوردا يان». بۇ كەنت ئىلى غوجام ئاتلىق مىكبېشى ئوردىسىنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 1-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "ئوردىيان دادۈي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**خەلپەمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.75 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 280 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 349 مو. دەسلەپتە ئىشان كاتتىبېشى «موللا نىياز خەلپە» دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇرغان بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا ئۇ كىشىنىڭ دىنىي ئۇنۋانى بولغان «خەلپە» سۆزى بۇ كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**قازانچىمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 270 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 308 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ئەڭ دەسلەپتە يەكەنلىك بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ قازانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا «قازانچى مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

**ئاقزاراڭلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 353 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ئىلگىرى بۇ يەر ئوت-چۆپ ئۈنمەيدىغان ئاق قۇملۇق بولۇپ، قەۋرىستانلىق قىلىنىپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**پۇچقاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 369 مو. ھازىر بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق «قاۋۇز ئاخۇن» دېگەن كىشىنىڭ بوۋىسى ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ كالپۇكى پۇچۇق بولغاچقا «پۇچقاق» لەقىمى سىڭگەن

بولۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**چەكسمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 280 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 351 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. مەنىسى: «جىلك چېكىتى». بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى جىلك چوكىسى ياساشقا ئۇستا بولۇپ، جىگىنىڭ چېكىتلىرى رەتلىك، توغرا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمۇل كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ۋالاقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 135 ئائىلە، 561 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1100 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەنىسى: «قۇملۇق». بۇ يەر كەنت بولۇشتىن ئىلگىرى قۇملۇق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 2 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «قۇمۇل دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ۋالاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 187 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 370 مو. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ۋالاقلاپراق گەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**پاتاڭمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 37 ئائىلە، 171 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 330 مو. ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغان «روزى ئاخۇن» دېگەن كىشى ئورۇق، ئېگىز ھەم كۈچلۈك بولغاچقا «پاتاڭ» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**ئابدالمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 203 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 400 مو. مەنىسى: «تىلەمچى». ئەڭ دەسلەپتە ئۆيمۇ ـ ئۆي تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىر ئادەم بۇ يەردە ئولتۇرغان، كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

**توقماقمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: توقماقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 203 ئائىلە، 880 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2019 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا بولۇپ، مايلىقدان، قوغۇن ـ تاۋۇزلارمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 3 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى

«توقماقمەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**توقماقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 97 ئائىلە، 404 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى سەككىز. تېرىلغۇ يېرى 1002 مو. ئەڭ ئاۋۋال بىر ئائىلىلىك يەتتە كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەممىسى پاكار ھەم سېمىز بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

**چارەكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 3.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 97 ئائىلە، 404 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى بەش. تېرىلغۇ يېرى 1002 مو. 200 يىلنىڭ ئالدىدا «ئەيسا ئاخۇن» دېگەن كىشى دەسلەپ قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تارازا ياساپ كۈن ئالىدىغان بولغاچقا «چارەك» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**ياڭاقلىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ياڭاقلىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 188 ئائىلە، 893 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1224 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئوتياش، بېدىمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى 4 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1966 ـ يىلى گۇڭشې باشقۇرغان ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى "ياڭاقلىق دادۈي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1980 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ 21 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ياڭاقلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 94 ئائىلە، 471 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 609 مو. كەنتتە ياڭاق دەرەخلىرى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پاگىرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 216 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 308 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان موكويلىلىق مەتنىياز، مەمەت توختى دېگەنلەر ناۋايچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال پاگىر ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا «پاگىر» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**ئاخماقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 210 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 307 مو. رىۋايەت قىلىنىشىچە 300 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلىك سوپۇركە غوجا دېگەن

كىشى ئېشەككە مىنىپ ياغ سېتىۋالغىلى بېرىپ، قايتىش يولدا چوڭ تەرەت قىلماقچى بولۇپ ئېشەكنى ياغ قاپقىنىڭ بويىنغا باغلاپ قويۇپتۇ، ئېشەك ئارغامچىنى تارتىپ قاپاقنى ئۈزۈۋېتىپ، ياغنىڭ ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى «ئاخماق» دەپ مەسخىرە قىلىپتۇ. كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان ئىكەن.

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاسقانمەھەللە

**يېڭىكەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 374 ئائىلە، 1330 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3730 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، قوغۇن-تاۋۇزمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بۇ يەر ئەسلىدە قاقاسلىق بولۇپ، 1968-يىلى گۇڭشېدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ كەنت قىلغان. 1968-يىلى 5-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «يېڭىكەنت دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**قاسقانمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 198 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 475 مو. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز رەك، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، قاسقانغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چاتاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 96 ئائىلە، 370 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 446 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بىر ئېرىق بۇ يەرگە كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلىپ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**ئەمبەركەپىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 31 ئائىلە، 126 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 466 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بۇرۇندا ئەمبەرغوجا دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە بىر كۆز قۇدۇق كولاپ، ئۆتكەن-كەچكەن ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچكەن. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەت بۇ قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە كەپە تىككەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئامۇتلۇق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 79 ئائىلە، 339 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1063 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. تەخمىنەن 100 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چوڭ پومېشچىك ساۋۇت بەگ بۇ يەرنى ئىگەللىۋېلىپ بىنام ئېچىپ ئامۇت سالغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئالۋاستىدۆڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 91 ئائىلە، 297 نوپۇسى بار. تېرىلغۇيېرى 930 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ئىلگىرى بۇ يەردە شامال يالتۇەتكەن بىر قۇم

دۆكى بار بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچچىقمەھەللە

### لايقا كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمە-قىدا ئالتە كەنت بار. 321 ئائىلە، 1397 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3262 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. يەنە قوغۇن-تاۋۇزمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تەخمىنەن 500 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەر ئويمانلىق بولۇپ، كېيىن كەلكۈن كېلىپ لاي تىندىپ تۈزلەڭ يەرگە ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا كەنت پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 6-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «لايقا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### ئاچچىقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 253 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 470 مو. ئەڭ دەسلەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۆمەر غوجا دېگەن كىشى نۇرغۇن چارۋا مال باققان بولۇپ، ئۇنىڭ ماللىرى باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن تىل-ئاھانەت ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا چارۋىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئاچچىق» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### قۇممەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.25 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 184 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 573 مو. بۇ يەرلەر كەنت بولۇشتىن ئاۋۋال قۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### دۆمبەمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 209 نوپۇسى بار. تېرىل-غۇ يېرى 430 مو. ئىسمايىل دېگەن دۆمچەك كىشى ھەممىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراق-لاشقان بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### كوچائېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 207 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 457 مو. بۇ يەردە بىر ئېرىق بولۇپ، كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت بولغان، ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىغا ئۆي سېلىنىپ كوچا شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### سىيەمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 211 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 549 مو. مەنىسى: «سىياھ». 200 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سادىق ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەردە سىياھ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### چۇلۇكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 77 ئائىلە، 333 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 783 مو. بۇ يەرلىك ھاپىز ھاجى دېگەن كىشىنىڭ بوۋىسى ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تۆگىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىدىغان چۇلۇك ياساش بىلەن داڭقى چىققانلىقى ئۈچۈن «چۇلۇك» لەقىمى قويۇلغان. كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### توپمەھەللە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: پاراڭمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 355 ئائىلە، 1478 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2466 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. بېدە، قوغۇن-تاۋۇزمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «توپمەھەللە» كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 7-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "توپمەھەللە دادۈي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### پاراڭمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 249 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 264 مو. بۇرۇندا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھوشۇر غوجا بىلەن ئوسمان غوجا داۋاملىق ئۇرۇشۇپ قېلىپ دەۋا قىلىشىدىكەن. ئۇلار سوراقخانىدا شىكايەت قىلغاندا گەپنى تولا قىلىپ ئەزمىلىك قىلغاچقا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇنى «پاراڭچى كۆپىكەن» دەپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە «پاراڭمەھەللە» دېگەن نام قالغان ئىكەن.

### توپمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 223 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 233 مو. بۇ كەنتنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، زىچ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، «توپلاش مەھەللە» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە "توپمەھەللە" گە ئۆزگىرىپ قالغان.

### كۆمۈرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 101 ئائىلە، 377 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 501 مو. دەسلەپتە كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان بىر نەچچە كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### بەشئوتاغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 153 ئائىلە، 629 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1018 مو. بۇرۇن بۇ يەرلەر قومۇشلۇق چۆل بولۇپ، ئېلى ھاجى قاتارلىق بەش كىشى بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چۆلنى بەش پارچىغا بۆلۈپ ئۆلۈشۈپ، بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كېيىن تەدرىجىي كەنت پەيدا بولغانلىق سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆتەكباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 184 ئائىلە، 737 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1378 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوت-ياش قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل. بىر تىراكتور بار. بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان 3 ئائىلىلىك كىشى قۇملۇقتىن ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلاپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 9-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «قۇمئېرىق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كۆتەكباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 287 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 372 مو. بۇ جاي ئىلگىرى كەڭ يۇلغۇنلۇق بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى يۇلغۇنلار كېسىۋېتىلىپ كۆتەكلىرى قالغان، ئەتراپىنى يۇلغۇنلار ئوراپ چوڭ باغقا ئوخشاپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**چەكمەنەمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 111 ئائىلە، 450 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 725 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدۇللا غوجا دېگەن كىشى چەكمەن توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قوچاقئۆژمىلىك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 147 ئائىلە، 602 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 835 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى-ئۈزۈم. بۇرۇندا دۆلەتيار دېگەن كىشى بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ ئۈژمە دەرىخى تىكىپ باغ قىلغان ئىكەن. مەھەممەت ئېزىز دەيدىغان قونچاق ئوينىتىدىغان بىر كىشى بۇ ئۈژمىلىكتە ئادەم جۇغلاپ ئويۇن كۆرسىتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 10-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى نامىنى «قۇمكۆل دادۈي» دەپ ئۆزگەرتكەن (1981-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ 23-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1982-يىلى «قوچاقئۆژمىلىك دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**جاي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 94 ئائىلە، 382 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 565 مو. مەنىسى «مۇقەددەس جاي». بۇ يەردە بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ بويىدا بىر تۈپ تېرەك

بار. كىشىلەر بۇ يەرگە كەلگەندە تېرەككە دۇئا قىلىپ، بۇ يەرنى مۇقەددەس جاي دەپ بىلگەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

**ئەمەنمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 220 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 270 مو. بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئېزىز ئاخۇن دېگەن كىشى بىر كۆل كولىغان بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئەمەن ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكتاغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: كاككۇكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 203 ئائىلە، 854 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1610 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم.

دەسلەپكى يىللاردا ئاخۇن غوجا ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىنەم ئېچىپ ئۈزۈمتال سالغان بولۇپ، باراڭ-باراڭ ئۈزۈمتاللار خۇددى يېشىل تاغقا ئوخشاش تۇرغان. شۇ سەۋەبىدىن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 11-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "كۆكئۇتاغ دادۈي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1982-يىلى «كۆكتاغ دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كاككۇكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 140 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 205 مو. دەسلەپتە بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەممەت شېرىپ دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر گەپ قىلسا ئۈنلۈك ھەم سوزۇپ، كاككۇك سايرىغاندەك سۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، "كاككۇك" لەقىمى سىڭىپ قالغان. كېيىن ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**پايتىمامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 23 ئائىلە، 96 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 180 مو. ئاھالىسىنىڭ كۆپۈنچىسى كۆرپە-تۇماقچىلىق ۋە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەسلىپىدە بۇ يەردە ئاخۇن غوجا دېگەن كىشى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ كىشى ئىش قىلسا كەينىگە سۆرەپ ئاستا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭغا «پايتىما» دېگەن لەقەمنى قويۇۋالغان ئىكەن. كېيىن ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**زىۋامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 209 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 387 مو. مەنىسى: «زېھنى بار». بۇرۇن ئەيسا ئاخۇن دېگەن بىر مىسكەر ئائىلە بويىچە كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇ كىشى مىسكەرلىك ھۈنىرىگە ئۇستا بولۇپ، ياسىغان نەرسىلىرى بەك چىرايلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «زېھنى بار» دەپ ماختاشقان ۋە بۇ سۆزنى

كەنتكە نام قىلىنۋالغان، كېيىنچە بۇ نام ئۆزگىرىپ «زىنۋامەھەللە» بولۇپ قالغان.

مايماقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 177 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 344 مو. بۇرۇندا بۇ كەنت بىر ئەگرى-دوناي قۇم دۆڭنىڭ قېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

خالتامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 232 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 492 مو. بۇ كەنت كۆكتاغ چوڭ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يولنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

بازاريار كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قازاقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 205 ئائىلە، 864 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1570 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتنىڭ شەرقى تەرىپىدە چوڭ بىر قۇرۇق يار بار بولۇپ، 1980-يىلى يارنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك يېزا سودا بازار مەركىزى قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى «باشيار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982-يىلى نامى «بازاريار دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

قازاقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 117 ئائىلە، 471 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 907 مو. «قازاق» — ئاچماق قۇيرۇقلۇق بىر خىل قوي سورتى. ئەڭ بۇرۇن ئەخمەت ئىسىملىك بىركىشى بىرنەچچە تۇياق قازاق قوي ئېلىپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

دۇۋۇلامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 238 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 368 مو. ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان نىياز ئاخۇن دېگەن كىشى يامان گەپتىن قورقىدىغان ئادەم بولغاچقا، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ داۋىسىنى يەپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، «دۇۋۇلا» لەقىمى سىڭىپ قالغان بولۇپ، كېيىنچە بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

سايباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 295 مو. ئىلگىرى بۇ يەرلەر تاشلىق ساي بولۇپ، 150 يىل بۇرۇن ساۋۇتبەگ ھاجى بۇ يەرنى بىنەم ئېچىپ، دەرەخ سېلىپ باغ قىلىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

كۆكيار كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كولدارمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارد-

مقدا ئۈچ كەنت بار. 213 ئائىلە، 913 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1963 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئۇتىياش، بېدە قاتارلىقلار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بۇرۇندا بۇ يەرلەر بىر پارچە قومۇشلۇق بولۇپ، ئۈچ ئائىلىلىك ئادەم كېلىپ بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئىكەن. كېيىن كەلگۈن كېلىپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى يار پىچىۋېتىپ، زىرائەتلەر يارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 13-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «بازاريار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن (1982-يىلى نامى «كۆكيار دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### كولدارمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 287 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 550 مو. مەنىسى «قوڭغۇراق». كەنت ئاھالىسى ئۆزۈمنى قۇشقاچلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ھەممە ئائىلىلەر تال بارىڭىغا كولدۇرما ئېسىپ قويغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### شۈمەكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 71 ئائىلە، 286 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 583 مو. بۇ يەردە بۇرۇنراق ئولتۇراقلاشقان مەمتىلى غوجا دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسى باي بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەك ئىچى تار، پىششىق ھەم ئوروق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «شۈمەكتەك ئوروق ئادەم» دەيدىكەن. كېيىن بۇ كەنتنىڭ نامى «شۈمەكمەھەللە» بولۇپ قالغان ئىكەن.

### چوناقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 340 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 560 مو. بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال ئولتۇراقلاشقان مەمەت ھاجى دېگەن كىشىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا بىر قۇلىقى بەك كىچىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «چوناق» لەقىمى قويۇپ قويغان. كېيىنچە ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: چىلاقمەھەللە

### ئاياغيار كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقدا ئۈچ كەنت بار. 224 ئائىلە، 915 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2245 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ كەنت كۆكيار كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1965-يىلى 14-دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، گوڭشې باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «ئاياغيار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**چىلاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 285 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 529 مو. «چىلاق»-بىر خىل كىچىك قۇشنىڭ نامى بولۇپ، بۇرۇن بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان مۇسا غوجا دېگەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاكار بولغانلىقى ئۈچۈن «چىلاق» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**شېھىتامىك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 107 ئائىلە، 438 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1059 مو. بۇرۇندا مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىستلار بۇ جايدا قاتتىق جەڭ قىلغان بولۇپ، جەڭدە شېھىت بولغان مۇسۇلمانلار مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**شورلۇق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 657 مو. بۇ جاينىڭ ئەتراپلىرى شورلۇق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاراقۇم كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارامقىدا ئۈچ كەنت بار. 166 ئائىلە، 621 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1186 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوت-ياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. مەنىسى: «قۇم ئارىسى». بۇ يەردە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق بار بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 15-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى «ئاراقۇم داداۋي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1981-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ 22-داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان)، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئارامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 87 ئائىلە، 245 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 464 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بۇ كەنت ئاراقۇم كەنت كومىتېتىغا تەۋە باشقا كەنتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 9.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 224 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 398 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ جاي شورلۇق ھەم زەي بولۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئېگىز يەرلەرگە سېلىنغاچقا، يىراقتىن قارىسا دۆڭلۈكتەك كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**تازمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 152 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 324 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان نارىز ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ بىر بالىسىنىڭ لەقىمى «تاز» ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ مەھەللە پەيدا بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**توغراقتار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: كاسامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 11.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 238 ئائىلە، 973 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4046 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «توغراقتار» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 16-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «توغراقتار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كاسامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 11.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 58 ئائىلە، 233 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 899 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان لەندەرغوجا دېگەن كىشى داۋاملىق يول ماڭسا ھاسا تايىنىپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن «ھاسا» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن ئۇ سۆز "كاسا"غا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**چۇغدەكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 10.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 258 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 899 مو. چۇغدەك-مۈشۈك ياپىلاققا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر خىل جانىۋارنىڭ نامى بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئابدىغاپپار دېگەن كىشى ئېغىر بېسىق، كەمسۆز مىجەزلىك ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا «چۇغدەك» لەقىمى سىڭىپ قالغان ۋە كېيىنچە مەھەللىگە نام بولۇپ قالغان.

**توغراقتار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 11.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 899 مو. بۇ جاي ئەسلىدە قۇملۇق بولۇپ، بىر بۇلاقنىڭ سۈيى شىمال تەرەپكە ئېقىپ يار ھاسىل قىلغان، يارنىڭ ئىككى ياقىسىدا توغراق كۆكلەپ تار ھەم ئۇزۇنچاق توغراقلىق پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پوسەكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 10.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 243 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 899 مو. ئەڭ بالدۇر گۇملۇق مەمەت ياقۇپ ھاجى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۈزۈمە قوۋزىقى سېتىۋېلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «پوسەك» دەپ ئاتىۋالغان. كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**يۇقۇرى قۇمكۆل كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: مۈشۈكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمى-

قىدا تۆت كەنت بار. 232 ئائىلە، 874 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1138 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جايدا بىر چوڭقۇر يار بولۇپ، بۇرۇندا سېيىت ئابدۇللا دېگەن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يارنى توغلاپ كۆل قىلغان، كۆلنىڭ بېشىدا تەدرىجىي ھالدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى 11-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان (1973-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ، 11-دادۇينىڭ بىر قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ، 17-دادۇي بولۇپ تەشكىللەنگەن). 1978-يىلى «يۇقۇرى قۇمكۆل داۋۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**مۇشۇكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 205 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 281 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قاسىم ئاخۇن دېگەن بىر كىشى ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى مۇشۇككە ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، "مۇشۇك" دېگەن لەقەم سىڭىپ قېلىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**چېقىرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 205 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 267 مو. بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئېلى غوجا دېگەن كىشى چېقىر كۆز ئادەم بولغىنى ئۈچۈن «چېقىر» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**غازمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 149 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 251 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەمەت غوجا دېگەن كىشى داۋاملىق غازلىق كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ مال باقىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «غاز» دەۋالغان، كېيىنچە بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**باداڭ كۆلبېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 273 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 339 مو. 200 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خېلىل غوجا ئىسىملىك قورسقى ناھايىتى يوغان بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر كۆل كولىغان. كېيىن بۇ يەردە كەنت ھاسىل بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**دولانمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: شىمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 174 ئائىلە، 711 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1828 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «دولانمەھەللە» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 6-داۋۇي بولۇپ

قۇرۇلغان. 1970 ـ يىلى 18 ـ دادۋي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى «دولانىمەھەللە دادۋي» دەپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

**شىمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 41 ئائىلە، 176 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 319 مو. «شى» ـ شالاڭ توقۇلغان بىر خىل خام. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپۈنچىسى خام توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دولانەمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 228 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 339 مو. بۇرۇن مەكىتلىك ھەمدۇللا غوجا دېگەن كىشى ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**شالدىرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 78 ئائىلە، 307 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 870 مو، مەنىسى: «ئالدىراڭغۇ». ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردىكى ئەجداتلارنىڭ كۆپۈنچىسى گەپنى ئىتتىك قىلىدىغان ۋە مىجەزى چۇس ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياڭاقباغ

**بەلقۇم كەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 148 ئائىلە، 562 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1290 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلار مۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە بىر چوڭ تراكتور، ئۈچ سەييوجى بار. بۇ يەر ئەسلىدە قۇملۇق دۆڭ بولۇپ، دەسلەپتە ھاجى ئاخۇن قاتارلىق كىشلەر بۇ يەرگە كېلىپ قۇمنى تەڭ بۆلۈپ، بىنەم ئىچىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا قىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1972 ـ يىلى 9 ـ دادۋيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 19 ـ دادۋي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «بەلقۇم دادۋي» دەپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ياڭاقباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 220 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 427 مو. بۇرۇندا ئاخۇن ھاجى قاتارلىق كىشلەر بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ياڭاق دەرىخى تىكىپ باغ قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**بۇغامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 210 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 417 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان مۇسا ئىسىملىك بوۋاي بىر بۇغا باقىقان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

ئاتقۇچمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 132 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 357 مو. ئەڭ ئاۋۋال ھېيت ئاخۇن دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەۋلادى پاختا ئېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «ئاتقۇچى» دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

قاغامەھەللە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاغامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 124 ئائىلە، 541 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1330 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1978 ـ يىلى قومۇل دادۈيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، جاۋاقۇم دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982 ـ يىلى نامىنى «قاغامەھەللە دادۈي» دەپ تۈزەتكەن. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

قاغامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 206 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 420 مو. ئىلگىرى بۇ جايدا تېرەك، توغراق دەرەخلىرى قويۇق بولۇپ، ئورمانلىقتا قاغىلار كۆپ ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

جالامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 216 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 410 مو. مەنىسى: «ئۇرۇشقاق». ئەڭ دەسلەپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىسمايىل ئاخۇن دېگەن كىشى داۋاملىق ئوغۇللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنى «جالا» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

شۇمەكبىنام

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 23 ئائىلە، 119 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سادىق ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ لەقىمى «شۇمەك» بولۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: بوياقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 230 ئائىلە، 1036 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1624 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ كەنت باشقا كەنتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1980 ـ يىلى ياكاقلىق دادۈيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 21 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982 ـ يىلى «ئارامەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت

كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**دوياقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 58 ئائىلە، 262 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 278 مو. بۇ يەرگە ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار رەخت بوياش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**قاشقامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 191 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 264 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تۇردى غوجىكام دېگەن كىشىنىڭ يۈزىدە مەڭ بولغاچقا «قاشقا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**تەتۈرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 203 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 289 مو. بۇرۇندا بۇ يەرلىك مەمتىكام دېگەن كىشى ئۇلاغلارنى تەتۈر قوشۇپ خامان تەپكەنلىكى ئۈچۈن «تەتۈر» لەقىمى سىڭىپ قېلىپ، كېيىن بۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**سۆگەتلىك كۆلبېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 82 ئائىلە، 380 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 563 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 50 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كىشىلەر بۇ يەرگە مەسچىت سېلىپ، كۆل كولاپ، كۆلنىڭ ئەتراپىغا سۆگەت سېلىپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**پاتمانلىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: پاتمانلىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 203 ئائىلە، 1709 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2110 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، قوغۇن-تاۋۇز، بېدىمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى ئاراقۇم دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 22-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «پاتمانلىق دادۈي» دەپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**پاتمانلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 238 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 641 مو. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇندىن 400 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى پاتماننى بىرلىك قىلىپ يەر كۆلىمىنى ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن ئىكەن. 200 جىڭ ئاشلىق چىقىدىغان يەر كۆلىمىنى بىر پاتمان دەيدىكەن. كېيىن بۇ ئاتالغۇ كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**خەلپەمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 65 ئائىلە، 240 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 602 مو. ئىلگىرى ئىشان مەزھىپىنىڭ خەلپىسى «باۋۇدۇن قارى» دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇرغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### جىگدەكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 65 ئائىلە، 231 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 656 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سەيدى ئاخۇن دېگەن كىشى جىگدە دەرىخى تىككىش بىلەن مەشھۇر بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «جىگدەك» دەپ ئاتاپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### تۆۋەن قۇمكۆل كەنت كومىتېتى    تۇرۇشلۇق ئورنى: قېچىرمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 172 ئائىلە، 735 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 845 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن-تاۋۇز، بېدىمۇ بار. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە قۇملۇق بولۇپ، سۇ ئاقىدىغان بىر يار بولغان. سېيىت ئابدۇللا ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، تۇغان سېلىپ كۆل قىلغان. كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1981-يىلى قۇمكۆل دادۇيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 23 دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «تۆۋەن قۇمكۆل دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### قېچىرمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 205 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 232 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئايۇپ غوجا دېگەن كىشى ئۆزەمچى، كاج بولغاچقا «قېچىر» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### بەشلىك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 230 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 300 مو. بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان ناسىر ئابدۇللا دېگەن كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 5 ئوغلى مىراسنى تەڭ ئۈلۈشۈپ ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

### چاپاقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 300 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 298 مو. بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان ئەخمەت سوپى ۋە ئۇنىڭ 7 ئوغلىنىڭ كۆز كېسىلى بولغاچقا «چاپاق» لەقىمى سىڭىپ قالغان ۋە كېيىنچە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### ئاقئۆتۈن دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 105 ئائىلە، 359 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1208 مو. ئاساسلىق مەھ-

سۇلاتى بۇغداي، كۆممقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش. [قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇندا بۇ يەردە توغراق كۆپ بولۇپ، كىشىلەر داۋاملىق بۇ يەرگە كېلىپ ئوتۇن كېسىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى «ئاق ئوتان دېھقانچىلىق مەيدانى» دېيىلگەن. 1985-يىلى «ئاقئوتۇن دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ تۈزىتىلگەن (يېزا باشقۇرغان مەيدان).

### ئاراقۇم تۇغبېشى چارۋىچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 45 ئائىلە، 200 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 720 مو، ئوتلاق كۆلىمى 1000 مو، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىردىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 641 تۇياق. ئاراقۇم سۇ ئامبىرى تۇغبېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1963-يىلى قۇرۇلغان، 1978-يىلى «تۇغبېشى چارۋىچىلىق مەيدان» دەپ نام بېرىلگەن، 1982-يىلى نامىنى «ئاراقۇم تۇغبېشى چارۋىچىلىق مەيدان» دەپ ئۆزگەرتكەن (يېزا باشقۇرغان مەيدان).

### قاتيار (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆت ئائىلە، 16 نوپۇسى بار. ئورنى تەخمىنەن 500 مو كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 230 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممقوناق، پاختا. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر يار بۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى يارغا بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، شۇنداق ئاتالغان. يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا قاراشلىق.

### غولتوغراق (ئورمانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 16.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 120 مو. 135 مىڭ تۈپ توغراق، 150 مىڭ تۈپ جىگدە بار، ئۆزگەرتىپ يېتىشتۈرۈلگەن توغراق 130 تۈپ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىلگىرى بۇ جايدا توغراق كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### چاقما (ئورمانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىر ئائىلىلىك تۆت ئادەم ئولتۇرۇشلۇق. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 150 مو. تېرەك، جىگدە، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. بۇرۇندا بۇ يەرنى كەلكۈن سۇ چېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى ئېچىلىپ ئورمانچىلىق نۇقتىسى قىلىنغان. گوما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىغا قارايدۇ.


سانجۇ يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:200000
سانجۇ تاغ تېزمىلىرى
تاغ تېزمىلىرى
چوناقتاش
باسقاق
قاراقوز
قىزىلچىمەن

# سانجۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پەس دەريا ئېقىننىڭ ئىچىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى زاڭگۇي يېزىسى، دۇۋا بازىرى بىلەن، غەرب تەرىپى قوشتاغ يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى مۇجى يېزىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 45 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 61.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 2767.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. گۇما ناھىيىسىگە تەۋە بولۇپ، قارىمىقىدا 20 كەنت كومىتېتى، يېزا باشقۇرغان بەش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، 101 تەبىئىي كەنت بار. 12 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. جەمئىي 5268 ئائىلە، 20974 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 20828، قىرغىز 145، زاڭزۇ بىر نەپەر.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى سانجۇ كەنتىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەردە ئاھالە شالاڭ بولۇپ، كېيىنچە كىشىلەر سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ، تېرىلغۇ يەر ئىزلەپ ئارقا-ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، سانجۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئولتۇراقلىشىپ، كەنت ھاسىل بولغان ئىكەن. تەخمىنەن 13-ئەسىرلەردە يەرلىك كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن «سانسىز جوھۇت» دەپ قارىلىپ، كېيىن «سانجۇ» دېگەنگە ئۆزگىرىپ قالغان ئىكەن. بىر ئېيتىلىشتا: «سانجۇ» زاڭزۇچە سۆز بولۇپ، «سائادەتلىك» دېگەن مەنىدە ئىكەن. يەنە «قۇرىغارنىڭ بىر تىللىق تەپسىلاتى»دا: «بۇ جاي ھەرقايسى مىللەت سودىگەرلىرى ئۆتىدىغان چېگرا بولۇپ، بۇرۇندا مۇسۇلمانلار بۇ يەردە تۇرۇپ چېگرىدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ باج ئالغان، شۇ سەۋەبتىن "ساناغۇ" دەپ ئاتالغان. "سانا"-ئادەملەرنى سانىغاننى بىلدۈرىدۇ، كېيىن بۇ سۆز "سانجۇ" دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەن»، دەپ ئىزاھلانغان.

«سانجۇ» ئەسلىدە قاغىلىق تەۋەلىكىدىكى بىر چوڭ كەنت بولۇپ، مىلادىي 1902-يىلى گۇما ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن گۇما ناھىيىسىگە قارىغان. «شىنجاڭدىكى تۆت داۋ تەزكىرىسى»دە: «قاغىلىق ناھىيىسى قارىمىقىدىكى مۇسۇلمانلار كەنتى 14 جايدا. گۇما كەنتى شەھەرنىڭ شەرقىدىن 230 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، سانجۇ كەنتى شەھەرنىڭ شەرقىدىن 280 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا......». «چىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈينىڭ 9-يىلى ئۆلكە-ناھىيىلەر تەسىس قىلىنىپ، قاغىلىقنىڭ گۇما، سانجۇ ئىككى چوڭ كەنتى ئايرىپ چىقىلىپ گۇمىغا تەۋە قىلىنغان» دەپ خاتىرد-

لەنگەن (خۇاڭ ۋېنبى يازغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»دىن ئېلىندى). ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەر «سانجۇ رايونى» دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى «گوما ناھىيە 4-رايون» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى «1-ئۆكتەبىر خەلق گوڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1960-يىلى «سانجۇ خەلق گوڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى 10-ئايدا سانجۇ يېزىسى قىلىپ تەسىس قىلىنغان.



سانجۇ دەرياسىدا.

بۇ يېزىنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب ئۈچ تەرىپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، تاغلىق جايلار ۋە دەريا-ئېقىنلار كۆپ، ھەمدە ئاز ساندا شورلۇق، سازلىق بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700~5500 مېتر. ئۆز دائىرىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5500 مېتر كېلىدۇ. ئىقلىمى قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.1°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) 37°C، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1-ئايدا) 22.9°C-بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 180 كۈن، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بوران، ئۆششۈك ۋە سۇ ئاپىتىدىن ئىبارەت.

يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 55086 مو بولۇپ، سانجۇ دەرياسى ۋە پوسكا دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. سانجۇ دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ سانجۇ سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ سانجۇ ئارقىلىق چاسكام زاكۇغىچە كېلىپ موجى، زاڭگۇي ئۆستەڭلىرىگە چۈشىدۇ. پوسكا دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ بۇ يېزىنىڭ پوسكا ۋە دۆڭباغ كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ زاڭگۇي يېزىسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ ئىككى دەريا پۈتۈن يېزىدىكى 107 غول ئۆستەڭ، تارماق

ئۆستەڭ، ئوقئېرىق، ئورەك قاتارلىق 4 دەريىچىلىك دېھقانچىلىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىگە تۇتاش ـ
تۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 202 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياتقۇزۇپ ياسالغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71 كىلومېتىر. 351 زاكۇ، كۆۋرۈكلۈك سۇگۇچ، شاقىراتما قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلغان ئىنشائاتلار بار. غول ئۆستەڭگە سېلىنغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار.

بۇ يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قىسمەن جايلىرى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پۇرچاق. ئىقتىسادىي زىرائەتـلەردىن مايلىقدان، بېدە ھەمدە ئاز مىقداردا قوغۇن ـ تاۋۇز بار. تېرىلغۇ كۆلىمى 46 مىڭ 900 مو. 1985 ـ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 22 مىليون 517 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 721 مىڭ جىڭ بولۇپ، دۆلەتكە 3 مىليون 500 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق، 170 مىڭ جىڭ مايلىقدان يەتكۈزۈپ بەردى.

چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئات، تۆگە، قوتاز، ئېشەك قاتارـلىقلارمۇ بار. دائىرىسىدىكى يايلاق كۆلىمى 132 مىڭ مو بولۇپ، بۇ جايلاردا ياپچان، سېرىغ، كەلەپ، سېرىقئوت ھەم چىغ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، مال سىغىمچانلىقى 30 نەچچە مىڭ قويلۇق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 65 مىڭ تۇياق بولۇپ، 4 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تاۋار چارۋا ۋە ھەرخىل تېرە، يۇڭ ـ تىۋىت قاتارلىق كۆپخىل چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

1985 ـ يىلى پۈتۈن يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 131 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 231.96 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 1182 جىڭ بولدى.

ئورمانچىلىقتا: شىمالىي قىسمىدىكى دەريا ئېقىنى، تۈزلەڭلىكلەر سۇنئىي ئورمان رايونى بولۇپ، ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، ياڭاق، جىگدە، ئۆرۈك قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ، ياڭىقى ئەڭ ياخشى بولۇپ، «ياڭاق يۇرتى» دېگەن نامى بار. ئۇندىن قالسا ئۆرۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ. 1985 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1393 مو، كۆچەتلىك 1196 مو، تارقاق ئورمان 896 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق، تىكىلگەن ئۆرۈك 436 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق. جەنۇبىي قىسىم تاغ قاپتاللىرىدا ۋە جىلغىلاردا كونىلون ئارچىسى تەبىئىي ئورمانزارلىقلىرى بار.

تاغدىكى ئورمانلىقلاردا كىيىك، داۋىغان، تۈلكە، سۈلەيسۈن قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار ھەم ئۈلا، كەكلىك، قارچۇغا، ئۈدەك، ياۋاغاز ۋە ياۋاكەپتەر قاتارلىق ياۋا ئۇچار قاناتلار بار.

ئۈز دائىرىسىدىن قانتېپەر، چۇچۇكبۇيا، يەرمەدىكى، رەۋەن، ياۋا زىرە، بىنەپشە ۋە يۇرەك ئوت چىقىدۇ. ھەيۋەزەردە چىرىمتال، خىرۇستال بار، قىزىلئېغىلدا كۆمۈر، گەج، گۈڭگۈرت قاتارلىق كانلار بار.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاشلىق ۋە ماينى پىششىقلاپ ئىشلەش

زاۋۇتى، قۇرۇلۇش ئەترەت، گىلەم كارخانىسى ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار. ئاپتوموبىلدىن 14 ى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 30 ى، قول تراكتوردىن 15 ى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرى بار. يەنە ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، سەييوجى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئات كۈچى 2421. بۇلارنىڭ 1985-يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 723 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 24 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، جەمئىي ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 182 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 18 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 131 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 3112 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 213 نەپەر). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99%. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، 20 كېسەل كارىۋىتى، 15 نەپەر خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تىببىي خادىملار 13 نەپەر. كەنت كومىتېتلىرىدىكى ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 25 نەپەر. يېزا رادىئو ئۇزېلى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۈتۈپخانا، كىنوخانا ۋە مال دوختۇرلۇق پونكىتى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى بار. كەنت كومىتېتى ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسى، دۇكانلىرى پۈتۈن يېزىغا تارالغان.

يېزىنىڭ شىمال ياتقۇزۇپ ياسالغان تاش-يولى ساي-باغ تاش-يول كۆۋرۈك-دە چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىغا قاتناشقا بولىدۇ.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

**سانجۇ يېزىسى**
(«سانجۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن )
**سانجۇ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: سانجۇ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 301 ئائىلە، 1134 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئىككى ئائىلە، يەتتە كىشى. يېرىم دېھقانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2771 مو. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئېشەك، ئات، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنى باقىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 11 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «كىچىككخانىقا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى نامىنى «سانجۇ دادۈي»گە ئۆزگەرتكەن. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**سانجۇ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرتۈزلۈشى ئۇزۇنچاق، ئېگىز ـ پەس، كۆپۈنچە يەرلىرى شورلۇق. 118 ئائىلە، 465 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز يەتتە نەپەر. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1026 مو. مەنىسى: «سانسىز جوھۇت». دەسلەپتە بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ «سانسىز جوھۇت» دەپ قارالغان. كېيىنچە بۇ سۆز تەدرىجىي ھالدا «سانجۇ»غا ئۆزگىرىپ قالغان. يەنە بىر تۈرلۈك ئېيتىلىشتا «سانجۇ» زاڭزۇچە سۆز بولۇپ، «سائادەتلىك» دېگەن مەنىدە ئىكەن. «سانجۇ» زادى قايسى تىل تۈرىگە كىرىدىغانلىقى تېخىچە ئېنىق ئەمەس.

**ئازمابېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى شورلۇق. 56 ئائىلە، 207 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 545 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئازما ياساپ زەيكەش چاپقان، كېيىن ئازمىنىڭ باش تەرىپىدە كەنت ھاسىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئويچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى سەل ئويمان. 124 ئائىلە، 449 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1130 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. بۇ

يەر ئويمان بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قاراقچىئۆڭكۈر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭرەك. ئۈچ ئائىلە، 13 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 70 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. رىۋايەتتىن قارىغاندا، بۇرۇندا بۇ يەردە قاراقچىلار ئولتۇرغان بىر ئۆڭكۈر بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### باش ساۋا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قىيىغئازما

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 8.5 كىلومېتر كېلىدۇ. سانجۇ دەريا ساھىلىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 250 ئائىلە، 1115 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 10 ئائىلىلىك 78 قىرغىز بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3500 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق بولۇپ، مايلىقدانمۇ بار. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇن ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 1500 مو، ئاساسلىقى قوي باقىدۇ. قوشۇمچە ئېشەك، ئات، كالا، تۆگە قاتارلىقلارمۇ بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. «باش ساۋا» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ كەنت ساۋا دېگەن يۇرتنىڭ باش يېرىمى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىل 1-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش ساۋا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### قىيىغئازما

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 8.5 كىلومېتر كېلىدۇ. يەرتۈزلۈكى جەھەتتە شىمالىغا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. 47 ئائىلە، 220 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز بىر ئائىلە، بەش كىشى. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 475 مو. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار بار. بۇ كەنتنىڭ ئورنى سەل ئېگىز بولۇپ، سۇ ئەكەلمەك قىيىن. كىشىلەر بۇ يەردە ئازما ياساپ، كېيىنچە ئازمىنىڭ ئەتراپىدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### باش ساۋا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 8.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان. 87 ئائىلە، 373 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئائىلىلىك 12 نەپەر قىرغىز بار. تېرىلغۇ يېرى 1230 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. بۇ كەنت ساۋا دېگەن يۇرتنىڭ باش يېرىم قىسمىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### تاشئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 10.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. 48 ئائىلە، 191 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە 13 نەپەر قىرغىز بار. تېرىلغۇ يېرى 455 مو. تەخمىنەن 250 نەچچە يىل بۇرۇن خوتەن ئەمەلدارى پۇقرالارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆزى ئادەم باشلاپ بۇ يەردىكى

تاشلىقتىن بىر ئۆستەڭ چاپقوزغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قاچىلا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان. 59 ئائىلە، 269 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 515 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. تەخمىنەن 300 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كەنت بولغان. ئاشلىق بەك چىقىپ، يىلدىن-يىلغا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، تاغارغا قاچىلاپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام قويۇلغان.

**ئاياغ ساۋا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ ساۋا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. سانجۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 311 ئائىلە، 1268 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئالتە نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2708 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 11 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1962-يىلى 2-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى «ئاياغ ساۋا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ئاياغ ساۋا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 265 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئالتە نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 475 مو. بۇ كەنت ساۋا دېگەن يۇرتنىڭ ئاياغ قىسمىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**يارامچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 226 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 465 مو. بو كەنتنىڭ قېشىدا كەلكۈن سۈيى پىچچۇەتكەن چوڭقۇر بىر يار بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

**قورغان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى ئويمان. 57 ئائىلە، 237 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 430 مو. بۇرۇندا كەنتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، كەنت ئاغزىغا قورغان قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كورلەڭگەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 82 ئائىلە، 301 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 924 مو. ئىلگىرىدە بۇ جاي گۇما ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يول ئېغىزى بولۇپ، بىر قارىغۇ ئادەم لەڭگەر سالغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**لەڭگەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپىنچە يەرلىرى ئويمانلىق. 57 ئائىلە،

257 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 414 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە لەڭگەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭچاقا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى تاغقا ياندىشقان، يەر تۈزلۈكى ئېگىزرەك. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 211 ئائىلە، 911 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1873 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەتتە ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 - يىلى 3 - دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «دۆڭچاقا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**دۆڭچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 198 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 346 مو. بۇ كەنت كەڭرەك دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆژمەئالدى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 5.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 111 ئائىلە، 495 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 866 مو. بۇ كەنتنىڭ بېشىدا چوڭ بىر تۈپ ئۆژمە دەرىخى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**تۆگەداتا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 218 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 376 مو. دەسلەپ كەنت شەكىللەنگەن چاغلاردا كەنت ئىچىدىكى يوللار بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ، خۇددى قاتار ماڭغان تۆگىلەرنىڭ لوكىسىدەك كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**جايتېرەك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جىرىمتېرەك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى ئېگىز - پەس. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 129 ئائىلە، 518 نوپۇسى بار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1220 مو. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 1064 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 233 تۇياق. «جايتېرەك» كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 - يىلى 4 - دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «بۇناق دادۈي» دەپ ئاتالغان، 1982 - يىلى «جايتېرەك دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**جىرىمتېرەك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 153 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 431 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر كىچىك ئېقىن بولۇپ،

ئۇنىڭ بويلىرىدا تېرەك ئۇبدان ئۆسكەنلىكتىن شۇنداق ئاتالغان.

### جىلغا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ، 46 ئائىلە، 178 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 437 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يەرنى ئىلگىرىكى زامانلاردا كەلكۈن پېچىپ جىلغا قىلىۋەتكەن بولۇپ، كېيىن كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان.

### جايتېرەك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئويمانلىق. 38 ئائىلە، 157 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 352 مو، يايلىقى 1500 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەنىسى: «مازار تېرەك». تەخمىنەن 250 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە ئۇلۇغ بىر كىشىنىڭ مازىرى بولۇپ، مازارنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر تۈپ تېرەك بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### سېيىتلا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: سېيىتلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتر كېلىدۇ، سانجۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. يەر شارائىتى بىرقەدەر تۈزلەڭ. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 194 ئائىلە، 753 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1336 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە-قوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تۆت ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 9500 مو كېلىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بەشى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 5-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش سېيىتلا دادۈي» دەپ ئاتالغان، 1982-يىلى نامىنى «سېيىتلا دادۈي»گە ئۆزگەرتكەن، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتى بولغان.

### سېيىتلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 59 ئائىلە، 230 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 328 مو. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### چېكەچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 181 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 312 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. بۇرۇندا باشقا يەرلىك بىر كىشى بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ھەممىسى چېكىسىنى تۈرۈپ تۇرۇۋاپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق نام قالغان.

### كالتەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 171 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 386 مو. بۇرۇندا خوتەنلىك مەتتوختى غوجا دېگەن بويى پاكار بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇ-

راقلاشقان بولۇپ، ئۇ كىشىگە «كالتەك» دەپ لەقەم قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### بىنام

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ كەتكەن. 45 ئائىلە، 171 نوپۇسى بار. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 310 مو. بۇنىڭ ئىچىدە 230 مو ئورمانلىقى بار. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە قاقاسلىق بولۇپ، 1968 ـ يىلى بىنەم ئېچىلىپ كەنت بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### تېرەكچاقا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: تېرەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس. كۆپۈنچە يەرلىرى شورلۇق. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 210 ئائىلە، 850 نوپۇسى بار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1669 مو. ئوتلىقى 1200 مو. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان چىقىدۇ. ئون ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چوڭ ـ كىچىك چارۋا سانى 3178 تۇياق. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق. كەنتتە چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 6 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «ئاياغ سېپىتلا دادۈي" دەپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى نامىنى «تېرەكچاقا دادۈي»گە ئۆزگەرتكەن. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### تېرەكچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرتۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. 103 ئائىلە، 416 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 797 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ كەينى تەرىپى تېرەكلىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### دوكانچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ـ پەس. 42 ئائىلە، 167 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 324 مو. بۇ سۆز كەنت ئادەملىرىنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### كوناقورغان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 255 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 536 مو. بۇ جاي ھىندىستانغا بارىدىغان مۇھىم يول ئۈستىدە بولۇپ، تارىختا بۇ جايغا قورغان قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قىزىلچىمەن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 12 كىشى بار. تېرىلغۇ يېرى 12 مو. بۇ كەنت تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇندا جىلغا ئىچىدە ياۋا گىيالار بولۇق ئۆسىدىغان، جىلغىنىڭ شەرقىدىكى تاغ تاشلىرى قىزغۇچ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئېرىغىل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئېرىغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. سانجى دەرياسىنىڭ ساھىلىغا جاي-لاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 288 ئائىلە، 1280 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئىككى نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2165 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 7-دادۇي بولۇپ قۇرۇل-غان. 1978-يىلى «ئېرىغىل دادۈي» دەپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئېرىغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 270 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئىككى نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 417 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. مەنىسى: «ئەقلىلىق، ئېرىغ». بۇ كەنتنىڭ ئاھالىلىرى ئەقلىلىق، زېھنى ئېرىغ بولۇشى بىلەن داڭلىق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**سوپىتېرەك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 322 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 547 مو. ئېيتىلىشچە ئىلگىرى سوپى ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ جىق تېرەك سالغان ئىكەن، كېيىن كەنت بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

**تاشلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 324 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 522 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. كەنتتە تاشلىق يەرلەر كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كونابازار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 364 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 635 مو. بۇرۇندا بۇ جاي سانجىنىڭ ئاساسلىق بازىرى بولىدىغان يەر بولۇپ، كېيىنچە بازار يۆتكىلىپ كېتىپ، شۇنداق ئاتالغان.

**خانىقا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: خانىقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 210 ئائىلە، 817 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1785 مو. ئالتە ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، 1000 مو يايلىقى بار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممقوناق، مايلىقدان چىقىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك، نەشپۈت، تاماكا. ئاپتوموبىلدىن بىرى، چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 8-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى «چوڭ خانىقا دادۈي»دەپ ئاتالغان. 1982-يىلى «خانىغا دادۈي» دەپ ئۆزگەر-تىلگەن، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**خانىقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 230 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 401 مو. بۇ يەردە بىر خانىقا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چاكاندا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 196 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 471 مو. بۇ يەر ئەسلىدە چاكاندا كۆپ ئۆسىدىغان جاي بولۇپ، كېيىن لاي تىندۇرۇپ يەر قىلىپ، كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**مەدرىس**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 5 كىلومېتر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 520 مو. بۇرۇن بۇ جايدا بىر مەدرىس بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چامغۇرتاغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 4.5 كىلومېتر كېلىدۇ، 53 ئائىلە، 225 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 393 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 200 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، ھەممە يەرنى جەسەت قاپلاپ كەتكەچكە، كىشىلەر ئاخىرى چامغۇر كۆمگەندەك جەسەتلەرنى چوڭ ئورا كولاپ كۆمگەن بولۇپ، قەبرە خۇددى كىچىك تاغدەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**باش پوسكا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: باش پوسكا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 200 ئائىلە، 861 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1587 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 14 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، تەخمىنەن 2500 مو كېلىدۇ. 28 تېپلىق تراكتور ۋە قول تراكتورىدىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 9-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش پوسكا دادۈي» دەپ ئاتالغان(1984-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ قوغباغ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**باش پوسكا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 165 ئائىلە، 701 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1227 مو. «پوسكا» سۆزىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بۇ يەر پوسكا دېگەن يۇرتنىڭ باش قىسمى بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تاغچى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 9.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 25 ئائىلە، 110 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 225 مو. بۇ جايدا كىچىك تاغلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### كۆكباش

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 32.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، ئىككى ئائىلە، 15 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 20 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى ئارپا، پۇرچاق. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى سوغۇق، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان بولغاچقا، بۇغداي پىشالماي، يىل بويى كۆكباش تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قىزىلئېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. پوسكا دەرياسىنىڭ ساھىلىغا جايلاشقان. تۆت ئائىلە، 23 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 35 مو. بۇ جايدىكى ئېغىللارنىڭ كۆپۈنچىسى قىزىل تاشلاردىن قوپۇرۇلغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

### دۇمباق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 24.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئائىلە، 12 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 29 مو. ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تېرەكچاقالىق ھاشىم دۇمباق دېگەن كىشىنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن كۈچى يوق، لاپ ئۇرۇشقا ئامراق بولۇپ، داۋاملىق كىشىلەردىن تاياق يەيدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنى «دۇمباق» دەيدىكەن. ئۇ كىشى بۇنىڭغا چىدىيالماي بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. كېيىنچە كەنت پەيدا بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### ئاياغ پوسكا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: شېيىخلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 231 ئائىلە، 966 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1900 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 14 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. 55 تېپلىق تراكتوردىن بىرى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۈرۈك. بۇ يەر پوسكا دېگەن يۇرتنىڭ ئاياغ قىسمىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 7-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1960-يىلى 10-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى «ئاياغ پوسكا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلى كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### شېيىخلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 293 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 411 مو. 300 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «رېھىمباي» ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەردە مازارغا شەيخلىق قىلىدىكەن. كېيىن بۇ جايلار ئېچىلىپ كەنت بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

### مومولەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 98 ئائىلە، 404 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 987 مو. مەنىسى: "ماۋۇمۇ لەڭگەر». بۇ يەر سانجۇدىن خوتەن، دۇۋاغا بارىدىغان يولنىڭ ئاچىلىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇندا نىياز كىچىكۋاي دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار داۋاملىق ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن

شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

### قاغاتۇغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 261 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 380 مو. بۇ جاي پوسكا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. يېقىن ئەتراپىدا بىر تۇغ بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە پاقىلار كۆپ بولغاچقا، قاغىلار داۋاملىق بۇ يەرگە كېلىپ دانلايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### دۆڭباغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى: جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 267 ئائىلە، 956 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز تۆت نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2347 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق بولۇپ، مايلىقدان، پۇرچاقلارمۇ بار. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 11 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 6000 مو، مال سىغىمچانلىقى 5000 قويلۇق چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «دۆڭباغ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### دۆڭباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 163 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 398 مو. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك، كېيىن ئېچىلىپ كەنت بولغان، مېۋىلىك باغلار كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### جايتۈز

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 113 ئائىلە، 407 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز تۆت نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 986 مو. مەنىسى: «مازار تۈز». بۇ يەرنىڭ يەرلىرى تۈزلەڭ، بىر تۈپ قېرى تېرەك بولۇپ، تۈۋىدە بىر مازار بولغان. كېيىن بۇ يەرلەر ئېچىلىپ كەنت پەيدا قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### بەشخامان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 67 ئائىلە، 242 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 608 مو. بۇرۇندا بەش ئائىلىلىك كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەربىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا بۇغداي خامىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قىزىلجاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 144 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 355 مو. مەنىسى: «قىزىل مازار». بۇ يەرنىڭ توپىسى قىزىل بولۇپ، بىر مازار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### مۇغاللا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: مۇغاللا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 263 ئائىلە، 909 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2405 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇن ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، تەخمىنەن 6000 مو كېلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق. بىر قول تىراكتورى بار. 1958-يىلى 13-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «مۇغاللا دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**مۇغاللا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 113 ئائىلە، 415 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1129 مو. «مۇغا»نىڭ مەنىسى «ئېتىز چاشقىنى»، بۇ جايدا مۇغا كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**شوركۆل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈشى پەس. 150 ئائىلە، 494 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1276 مو. بۇ جاي شورلۇق ھەم پەس بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**باسقاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: باسقاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 268 ئائىلە، 989 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئون نەپەر. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3500 مو. 12 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، تەخمىنەن 8000 مو كېلىدۇ. دېھقانچىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتاز قاتارلىقلار بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، نەشپۈت. 55 تىپلىق ۋە قول تراكتورىدىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 14-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باسقاق دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**باسقاق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 143 ئائىلە، 574 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1840 مو. رىۋايەتتىن قارىغاندا 300 يىلنىڭ ئالدىدا يەرلىك ئەمەلدار ئەخمەت بەگ ۋە مۇساخان باي دېگەن ئىككى كىشىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۇ يەردە ئولتۇرۇشۇپتىلگەن. كېيىن بۇ جاي كەنت بولۇپ، شۇنداق نام ئالغان.

**ئاقتىكەنجى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 75 ئائىلە، 258 نوپۇسى بار، قىرغىز توققۇز نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 801 مو. بۇ يەر ئەسلىدە ئاقتىكەنلىك بولغاچقا «ئاقتىكەن

جاي» دەپ ئاتالغان، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان ۋە «ئاقتىكەنجى»گە ئۆزگىرىپ قالغان.

**داۋۇغاز**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 183 نوپۇسى بار، بۇنىڭدىن قىرغىز بىر نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 859 مو. مەنىسى: «تار ئېغىز». بۇ جاي پوسكىغا بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزى، يولى تار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چاسكام كەنت كومىتېتى** تۈرۈشلۈق ئورنى: چاسكام

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 220 ئائىلە، 773 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 3210 مو. يايلىقى 2000 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، بېھى. 55 تېپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 15 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978 ـ يىلى «چاسكام دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**چاسكام**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 124 ئائىلە، 440 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1660 مو. مەنىسى: «چاسسى كام». كەنتتىكى يول «T» شەكلىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تۆگمەنباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 172 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 771 مو. بۇ كەنتنىڭ قېشىغا تۆگمەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**زىخلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 779 مو. كەنت دائىرىسىدە 400 مو كېلىدىغان تەبىئىي توغراقلىق بار. بۇ جايدا زىخ كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**توغراتازغۇن كەنت كومىتېتى** تۈرۈشلۈق ئورنى: توغراتازغۇن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 12.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈلۈشى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار 273 ئائىلە، 1065 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 5699 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۆت ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 2500 مو كېلىدۇ. ئاساسلىقى قوي باقىدۇ. قوشۇمچە كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار بار. 55 تېپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 16 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «توغراتازغۇن دادۈي» بولغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### توغراتازغۇن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 12.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 119 ئائىلە، 474 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 2151 مو. سانجۇ دەرياسى بۇ كەنتنىڭ توغرىسىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئۆرۈكلۈكلەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. 85 ئائىلە، 329 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1888 مو. بۇرۇندا سېلىم ئاخۇن دېگەن كىشى ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە كۆل كولاپ ئۆرۈك سالغان ئىكەن. كېيىن ئېچىلىپ كەنت بولغان. كارۋانلار كۆپىنچە بۇ يەردە قونۇپ ئۆتكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### كەتمىلىك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ تاشلىق يەر. 69 ئائىلە، 262 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1660 مو. مەنىسى: «دۆۋىچەكلىك». بۇ جايدا كەتمە (تۈز جايدىكى زومچاق-زومچاق دۆۋىچەكلەر) كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قۇمئېغىل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمئېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 126 ئائىلە، 550 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 34 نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1815 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سەككىز ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 7000 مو دىن ئارتۇق. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 - يىلى 17 - داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978 - يىلى «تاشئېرىق داداۋي» دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى «قۇمئېغىل داداۋي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1984 - يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاراساي داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### قۇمئېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى تۈزلەڭرەك. 38 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 13 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 515 مو. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەردىكى قۇمنىڭ تۈۋىگە ئېغىل سېلىنغان بولۇپ، كېيىن ئېچىلىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### سەنەمچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 91 ئائىلە، 397 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 21 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 1300 مو. سەنەم ئىسىملىك بىر كىشى بۇ جايغا ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ كەنت پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## ئاراساي كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاراساي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلەڭ. 169 ئائىلە، 769 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2078 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 15 ئورۇندا يايلىقى بار. 55 تېپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1984 - يىلى قۇمئېغىل دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «ئاراساي دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاراساي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئاراساي

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ كەنت تاشلىق سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## قۇمباغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 168 ئائىلە، 662 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئىككى. تېرىلغۇ يېرى 1355 مو. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. 11 ئورۇندا يايلىقى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1984 - يىلى باش پوسكا دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، قۇمباغ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### قۇمباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 22 ئائىلە، 97 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 185 مو. بۇ يەر قۇملۇقتا جايلاشقان. بۇرۇندا مىسال موللا دېگەن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بىنەم ئېچىپ، يەرنىڭ ئەتراپىغا جىگدە سېلىپ باغ قىلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### تامئېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 12.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 69 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 478 مو. ئەڭ ئاۋۋال جورۇپ ئاخۇن دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە مال بېقىپ، تام ئېتىپ ئېغىل سالغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قوغاچلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 150 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئىككى نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 378 مو. ئەڭ دەسلەپتە موللا بۈزرۈك ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ بىنەم ئېچىپ، يەر ئاستىغا قوغاچ (سۇ ئۆتكۈزىدىغان نور) كۆمۈپ سۇ ئۆتكۈزۈپ يەر سۇغارغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### توغراقئېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. شورلۇق يەرلىرى كۆپ. 40

ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 311 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر تۈپ چوڭ توغراق بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا قوي ئېغىلى بولغان. شۇ سەۋەب بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

## جاڭگاللىباغ كەنت كومىتېتى

تۈرۈشلۈق ئورنى: جاڭگاللىباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 123 ئائىلە، 431 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1597 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەتتە ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1948-يىلى ئاياغ پوسكا دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «جاڭگاللىباغ دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## جاڭگاللىباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ. 94 ئائىلە، 326 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1088 مو. بۇ جاي ئىلگىرى جاڭگال بولۇپ، تەخمىنەن 250 يىلنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ كەنت بولغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

## چاكانددامىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 15.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 27 ئائىلە، 97 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 494 مو. بۇ يەردە چاكاندا كۆپ بولۇپ، 1974-يىلدىن كېيىن ئېچىلىپ كەنت بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## قارادۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى

تۈرۈشلۈق ئورنى: قارادۆڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.2 كىلومېتر كېلىدۇ. جىلغا ئىچىگە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 150 ئائىلە، 625 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز 16 نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2370 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 11 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 4000 مودىن ئارتۇق، 5 مىڭدىن ئارتۇق قوي باقىلى بولىدۇ. ئاپتوموبىلدىن بىرى، چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. تۈرۈشلۈق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1964-يىلى مەيدان قۇرۇلۇپ، «سانجۇ گۇڭشې 1-دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ نام قويۇلغان. 1978-يىلى «قارادۆڭ دېھقانچىلىق مەيدان»دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدان)

## قارادۆڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 304 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 16 نەپەر قىرغىز بار. تېرىلغۇ يېرى 1273 مو. تۆت ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 1000 مودىن ئارتۇق، مال سىغىمچانلىقى 1500 قويلۇق. 1964-يىلى ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلغان. كەنت بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەر بىر قارا دۆڭلۈك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

خەلقئاۋات

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 74 ئائىلە، 321 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1097 مو. يەتتە ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 3000 مودىن ئارتۇق، مال سىغىمچانلىقى 4000 قويلۇق. ئىلگىرىدە بۇ يەر تاشلىق بولۇپ، 1955 ـ يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى كەنتلەردىن ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىنەم ئېچىپ يەر قىلىپ، بارا ـ بارا كەنت بولۇپ شەكىللەنگەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

قىزىلچوققا دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەرتۈزۈلۈشى ئېگىز ـ پەس. 88 ئائىلە، 452 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 15 نەپەر قىرغىز بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1723 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككى ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 2000 مو كېلىدۇ، مال سىغىمچانلىقى 2000 قويلۇق. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 1962 تۇياق. بۇ يەرنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا بىر قىزىل تاغ چوققىسى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1968 ـ يىلى مەيدان قۇرۇلۇپ، «سانجۇ گۇڭشې 2 ـ دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ نام قويۇلغان. 1978 ـ يىلى «قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدان» بولغان، 1982 ـ يىلى «قىزىلچوققا دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (يېزا باشقۇرغان مەيدان)

ئەرەندەيارلىق دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 12.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى سەل تۈزلەڭرەك. 33 ئائىلە، 104 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 475 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. بۇ يەردە يار ـ جىلغىلار كۆپ بولۇپ، خوتەنلىك «ئەرەندە» ئىسىملىك ئادەم ئەڭ ئاۋۋال بۇ يارلىققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1978 ـ يىلى «چاسكام دادۈي»دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، «سانجۇ گۇڭشې 3 ـ دېھقانچىلىق مەيدان» بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى نامى «ئەرەندى يارلىق دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 ـ يىلى «ئەرەندەيارلىق دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ تۈزىتىلگەن. (يېزا باشقۇرغان مەيدان)

كانچى دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېرى تەكشى. 78 ئائىلە، 300 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1252 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 300 مو كېلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك. ئىككى دان ئايرىش ماشىنىسى بار. نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. 1978 ـ يىلى باش پوسكا دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «سانجۇ گۇڭشې 4 ـ دېھقانچىلىق مەيدان» بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى

نامى «كانچى دېھقانچىلىق مەيدان»غا ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدان)

**بۇناق دېھقانچىلىق مەيدان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلەڭلىكى ئېگىز-پەس. 65 ئائىلە، 250 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 805 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچ ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 900 مو كېلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك. مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. 1982-يىلى جايتېرەك دادۇيىدىن ئايرىپ چىقىلىپ گۇڭشې باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇلۇپ، «بۇناق دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ نام بېرىلگەن. ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدان)

**قومۇشلۇق** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 18.3 كىلومېتر كېلىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ، تېرىلغۇ يېرى 121 مو. ئاساسىي مەھسۇلاتى بېدە. بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدۇ. 1959-يىلى ئېچىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان. بۇ يەر ئويمان بولۇپ، قومۇش كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئاياغ پوسكا كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

**سۇئىچكۈ لەڭگەر** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 17 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ئىككى ئائىلە، سەككىز ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 33 مو. بۇرۇندا بۇ جايدا بىر كۆل بولۇپ، يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەردە توختاپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئۇلام** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 19 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يەر بىر نەچچە چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. قارادۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**تۇقايئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 16.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدىكى ئېغىللار تاغنىڭ ئايلانمىسىغا سېلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. باش ساۋا كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ياۋىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ

چارۋىچىلىق نۇقتىسى ياۋا پىياز كۆپ ئۆسىدىغان چوققىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان. كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاچچىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 19 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى جايلاشقان جىلغىنىڭ ئىچىدىكى سۇ شورلۇق ھەم ئاچچىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. قارادۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاقتاش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 19 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئاق تاشلار كۆپ بولغان تاغنىڭ قاپتىلىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئۇزۇنقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى شەكلى ئۇزۇنچاق بىر قىردا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. كەڭقىر كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قاراقوز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر تاغنىڭ قوز تەرىپىدە بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىغا قارايدۇ.

**يايلاقئۆشكە** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئۆشكە بېقىشقا قولاي بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. خانىقا كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قوشقارىبېشى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 28.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 250 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى قوشقارنىڭ كاللىسى شەكلىدىكى تاغ چوققىسىنىڭ باغرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. باسقاق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاتلام** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى


قىزىلئېغىل بىلەن كەڭقىر ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا بولۇپ، كەلگەن-كەتكەن كىشىلەر چوقۇم بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇ-رۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كاكچال** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 21 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. مەنىسى: «قۇرۇق چوققا». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا سۇ ئاز، ئوت-چۆپ شالاڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. باسقاق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**بۇۋىقەمبەر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 27 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 4000 مودىن ئارتۇق، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. رىۋايەتتىن قارىغاندا بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ مال باققان كىشىنىڭ ئىسمى "بۇۋى قەمبەر" بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان. ئاياغ پوسكا، جاڭگاللىباغ ئىككى كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پاي-دىلىنىدۇ.


مۆجى يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:66000
مۆجى
كونا سايباغ
سايباغ

# مۇجى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ شەرقىگە 33.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە زاڭگۇي يېزىسى بىلەن، غەربتە چودا يېزىسى بىلەن، شىمالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇبتا سانجۇ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربكىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 202 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2406 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قارىمىقىدا 16 كەنت كومىتېتى، يېزا باشقۇرغان بىر مەيدان، 39 تەبىئىي كەنت بار. 3675 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 13931، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 13890، خەنزۇ 41 نەپەر. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئازغانباغ كەنتىدە.

مۇجى — «شىنجاڭ تەزكىرىسى. تەسىس 4» دە 吉木 (مۇجى)» دەپ يېزىلغان. «قۇرىغاردىكى جاي ناملىرى» دېگەن كىتابتا 木济 (مۇجى) دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل گەپ بار. بىرى: خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تەخمىنەن 700 نەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ يەرلەردە ئاھالە شالاڭ بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ يۇدۇۋالغان خۇرجۇنىغا ھەيران قېلىپ، ھەممىسى مۇجۇپ بېقىپ، "مۇجى، مۇجى" دېيىشىپتىكەن، مۇجى دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان، مەنىسى — «مۇجۇش»؛ ئىككىنچىسى: مۇجى دېگەن سۆز ئەرەبچە «موج» (مەۋج) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، مەنىسى «دولقۇن»، ئۇنىڭ ئىستىمال مەنىسى «ئاۋاتلاشماق». «قۇرىغارنىڭ بىر تىللىق تەپسىلاتى»دا: «مۇجى. مۇسۇلمانچە تىل بولۇپ، "ياقا يۇرت"، "ئايرىلىپ تۇرىدىغان چەت-خىلۋەت جاي" دېگەن مەنىدە»، دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

بۇ جاي ئازادلىقتىن ئىلگىرى «مۇجى رايون» دەپ ئاتالغان، 1950-يىلى «گۇما ناھىيە 5-رايون» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا غازچاقا، چودا، باغلا، يېڭىباغ، گولادىن ئىبارەت بەش يېزا تەسىس قىلىنغان. 1955-يىلى 32 باشلانغۇچ كوپېراتىپ تەسىس قىلىنغان. 1956-يىلى 26 ئالىي كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان. 1958-يىلى «بايى خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 24 دادۈي بولغان. 1969-يىلى «بايى خەلق گۇڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978-يىلى مۇجى خەلق گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984-يىلى 10-ئايدا مۇجى يېزىسى تەسىس قىلىنغان.

بۇ يېزا ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ، جەنۇبتىن شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ، ئۈچ تەرىپىنى قۇملۇق ئوراپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا، جەنۇب قىسىملىرى

سۇغۇرۇلىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. ئارىلىقىدا ئازراق سازلىق شورلۇق بار بولۇپ، شال تېرىشقىلى بولىدۇ. ھاۋا كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.9°C، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.6°C- بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 210 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 51 مىللىمېتىر. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە ئۈششۈك.



قومۇشلۇقتىكى بېلىقكۆل.

مۇجى ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكونتىغا 7.5 كۇب مېتىر بولۇپ، سانجۇ يېزىسى تەۋەسىدىكى چاسكام زاكۇدىن سانجۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بۆلۈپ كېلىنىپ، يېزا دائىرىسىدىكى 182 تاناپ ھەر خىل ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 145.6 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياتقۇزۇپ ياسالغىنى 80.5 كىلومېتىر. قۇرۇلغان زاكۇ، كۆۋرۈك، سۇ گۈچ ۋە شاقىراتما قاتارلىق ياردەمچى ئىنشائاتلار 1649. سۇغۇرۇش كۆلىمى 100 مىڭ مو. ماشىنىلىق قۇدۇق بىلەن سۇغۇرۇش قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

يېزا بويىچە تېرىم يەر كۆلىمى 49081 مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 43358 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پۇرچاق تۈرلىرى ھەمدە پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، بېدە قاتارلىقلار بار. 1958-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 9 مىليون 470 مىڭ جىڭ، چوڭ-كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 19 مىڭ تۇياق، پاختا 1919 دەن،

مايلىقدان 160 مىڭ جىڭ، يېقىلغان پىلە 710 قۇتا بولۇپ، مەھسۇلاتى 37 مىڭ جىڭ بولدى.

بۇ يېزىنىڭ پىلە بېقىش، كىيىم تىكىش، ياغاچ سايمانلارنى ياساش، بورا توقۇش ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسپى قاتارلىق كۆپخىل ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان. 1985-يىلى پۈتۈن يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 110 مىڭ يۈەن، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 166 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 679 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 161.68 يۈەن بولدى.

ئورمانچىلىقتا: ئاساسلىقى سۈنئىي ئورمان يېتىشتۈرۈلىدۇ، تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك، شاپتۇل ھەممە ئاز مىقداردا ياڭاق دەرەخلىرى بار. 1885-يىلى يېزا بويىچە بەرپا قىلىنغان ئور-مان 4589 مو، كۆچەتلىك 34 مو، تارقاق ئورمان 426 مىڭ تۈپ.

دائىرىسى ئىچىدە قومۇش كۆپ چىقىدۇ. چۈچۈكبۇيا، بۆرىسامىسىقى قاتارلىق تىببىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا چوشقا، داۋىغان، تۈلكە، ياۋا ئۆدەكلەر بار.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئاشلىق ۋە ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، گىلەم كارخانىسى، بورا كارخانىسى ۋە كىچىك تىپتىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار بار. بەش ئاپتوموبىل، 31 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 16 قول تراك-تورى، 86 سەيياجى، ئۈن تارتىش، ياغ تارتىش ماشىنىلىرى بار بولۇپ، بۇ ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 3387.

ھازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 13 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2155 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 636 نەپەر)، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.6% گە يەتكەن، 157 ئوقۇتقۇچى بار (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 46 نەپەر). كىنوخانا، رادىئو ئۆزىلى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلى-ھەلىرى قۇرۇلغان. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، خىزمەتچى ۋە تىببىي خادىملىرى 24 نەپەر، كىسەل كارىۋىتى 58، كەنت كومىتېتلىرىدا 30 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار.

چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ يېزا دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر. مۇجى سايباغ كۆۋرۈكىدە يېزىنىڭ شىغىل تاشيولى بىلەن كېسىشىدىغان بولۇپ، پۈتۈن يېزىدىكى كەنتلەر ئارا ياسالغان ئاددىي تاشيوللارغا تۇتىشىدۇ.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

**مۇجى يېزىسى**

(«مۇجى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**ئازغانباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئازغانباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 208 ئائىلە، 830 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1000 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. ئازغانباغ كەنتىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1885-يىلى 10-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «ئازغانباغ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ئازغانباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 105 ئائىلە، 430 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. ئازغان كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پاشاچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 103 ئائىلە، 400 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. بۇ جايدا پاشا كۆپ بولغاچقا كەنت ئاھالىسىگە «پاشا» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**لوڭگا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ھەجەرخانلەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 366 ئائىلە، 1522 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 5398 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككى تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. لوڭگا كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 3-، 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1970-يىلى قوشۇلۇپ بىر دادۈي بولغان. 1978-يىلى «لوڭگا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ھەجەرخانلەڭگەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 184 ئائىلە، 711 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى

2298 مو. خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولۇپ، تارىختا ھۆكۈمەتتىن بۇ جايغا لەڭگەر سالغان، ھەجەرخان ئىسىملىك بىر كىشى بۇ لەڭگەرنى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**لوڭگا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 182 ئائىلە، 811 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 3120 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 1230-يىلى ئەتراپىدا ياركەندلىك بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار خوتەنگە بارماقچى بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە تاھارەت ئېلىپ ئىبادەت قىلغان. بۇنى كۆرگەن يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلۇغ كىشىلەر دەپ قاراپ، ئاسانلىق ۋە باياشاتلىقنى تىلەپ، ئۇ مۇسۇلمانلار تاھارەت ئالغاندا ئىشلەتكەن لۆڭگىسىنى مازارغا ئېسىپ قويغان ئىكەن. بۇ نام شۇنىڭدىن قالغان.

**يېڭىباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭىباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 178 ئائىلە، 446 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1638 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنى يېڭىباغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 2-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1971-يىلى 2-، 3-، 4- ئۈچ دادۈيگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، بۇ يەر يەنىلا 2-دادۈي بولۇپ قېلىۋەرگەن. 1978-يىلى «يېڭىباغ داۋدۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**يېڭىباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 163 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 391 مو. تەخمىنەن 320 يىلنىڭ ئالدىدا ئاقسۇلۇق بەش ئائىلىلىك كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىنەم ئېچىپ باغ قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**چۇشۇرگەيار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، 81 ئائىلە، 313 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 806 مو. 60-يىللاردا بۇ يەردىن سۇ چۇشۇرۇۋېتىلىدىغان ئېرىق كولىنىپ، كېيىن كەنت ھاسىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق نام قالغان.

**ئورائېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، 49 ئائىلە، 189 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 441 مو. بۇ كەنتنىڭ ئىچىدە چوڭ ھەم چوڭقۇر بىر يار بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى يارنىڭ ئىچىگە مال ئېغىلى ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كونا سايباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: دىڭگانچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان.

قارىمەقىدا تۆت كەنت بار. 132 ئائىلە، 532 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2100 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. كونا سايباغ كەنتىنىڭ نامىنى قوللانغان. ئەسلىدە مۇجى گۈڭشېي 2-دادۈيگە تەۋە بولۇپ، 1971-يىلى بۆلۈنۈپ چىقىپ 3-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى «كونا سايباغ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## دىڭگانچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 156 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 630 مو. بۇرۇندا بۇ يەرلىك بىر باي كىشى ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بولغاچقا «دىڭگان» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

## مايماقچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 180 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 630 مو. بۇ كەنتلىك بىر ئادەمنىڭ يول ماڭسا تاپىنى مايماق چۈشكەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭغا «مايماق» لەقىمى قويۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

## چۇلۇكلۇك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 78 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 420 مو. بۇرۇندا بۇ كەنتلىك بىر كىشى كالىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىدىغان چۇلۇك ياساشقا ئۇستا بولغاچقا، «چۇلۇك» لەقىمى سىڭىپ قېلىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

## كونا سايباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 118 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 420 مو. ئەسلىدە بۇ يەرلەر سايلىق بولۇپ، كېيىن كەنت بولغان، ئۇنىڭ باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا تارىخى ئۇزۇنراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق ئاتالغان.

## باشتېرەك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: باشتېرەك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. 167 ئائىلە، 631 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2949 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. باشتېرەك كەنتىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

1971-يىلى 2-دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. كېيىن يەنە 2-دادۈيگە قوشۇۋېتىلگەن. 1978-يىلىنىڭ بېشىدا بۆلۈنۈپ چىقىپ 4-دادۈينى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1982-يىلى «باشتېرەك دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## باشتېرەك

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇرۇندا بۇ يەردە بىر يار بولۇپ، ئۇنىڭ لېۋىدە قاتار كەتكەن تېرەكلەر بولغاچقا، «يارېشى تېرەك» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «باشتېرەك»كە ئۆزگىرىپ، كەنت نامى بولۇپ قالغان.

## ئۆژمىلىك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كونابازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئىككى كەنت بار. 158 ئائىلە، 663 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2900 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتوموبىل، 55 تىپلىق تراكتوردىن بىردىن بار. ئۆژمىلىك كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، 1958-يىلى 10-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1971-يىلى 9-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1978-يىلى «ئۆژمىلىك دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## كونابازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 130 ئائىلە، 554 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 2073 مو. 1958-يىلىدا بۇ يەر بىر بازار بولۇپ، كېيىن بازارنى باشقا جايغا يۆتكىۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## ئۆژمىلىك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 109 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 827 مو. بۇ كەنتتە ئۆژمە كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

## غازچاقا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: غازچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 310 ئائىلە، 1106 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1932 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بوغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتوموبىلدىن بىرى، چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بەشى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1971-يىلى 8-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى «غازچاقا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## غازچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 163 ئائىلە، 598 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 975 مو. بۇ يەردە كەنت پەيدا بولغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھەممە ئائىلە غاز بېقىشقا ھېرىس بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## تاغاقچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ، 74 ئائىلە، 270 نوپۇسى بار. تېرىل-

غۇ يېرى 436 مو. رىۋايەت قىلىنىشىچە 100 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە كېرىم ئاخۇن دېگەن بىر كىشى باشقىلاردىن نەرسە ئۆتنە ئالسا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان ھەتتا قەتئىي تېنىۋالىدىغان بولۇپ، تاغاق سۆڭەكتەك قاتتىق كىشى بولغاچقا «تاغاق» دەپ لەقەم سىڭىپ قېلىپ، كېيىنچە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### تېتىچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 238 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 521 مو. مەنىسى: «تېتىش». ئېيتىلىشىچە بۇ يەرلىكنىڭ بوۋىلىرى تاماقتا تۇزنى كۆپ سالىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### مۇجى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: مۇجى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، قارمىقىدا ئىككى كەنت بار. 197 ئائىلە، 740 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1492 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى 13 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1976 ـ يىلى 12 ـ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى «مۇجى دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### مۇجى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتر كېلىدۇ. 142 ئائىلە، 536 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1072 مو. مەنىسى «مۇجۇش». تەخمىنەن بۇندىن 700 يىللار ئىلگىرى دىنىي ئۇرۇشلار مەزگىلىدە ئىسلام بىرلەشمە ئارمىيىسى بۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ دەم ئېلىشقا توختىغاندا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ خورجۇنلىرىنى مۇجۇپ باققانلىقىنى كۆرۈپ — «مۇجى» دەپتىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇنى مۇقەددەس سۆز بىلىپ، كەنتكە نام قىلىۋالغان ئىكەن.

### توكۇرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 204 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 420 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر كىشىنىڭ پۇتى ناكا بولغىنى ئۈچۈن، «توكۇر» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### كوناتۇگمەن كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كوناتۇگمەن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتر كېلىدۇ، تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 147 ئائىلە، 648 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 885 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى 14 ـ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان، 1971 ـ يىلى 5 ـ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1974 ـ يىلى 14 ـ دادۇيغا ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى «كوناتۇگمەن دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### كوناتۇگمەن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 229 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بۇ يەردە بىر تاش خارابە سۇ تۈگمىنى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### تەلۋەچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 269 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 429 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خۇدابەردى ئاخۇن دېگەن كىشى ئىش قىلسا تەلۋىلىك قىلىدىغان بولغاچقا، «تەلۋە» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ، كېيىنچە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### پاشاچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 3.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 187 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 227 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل. بۇ يەر ئىچىلغاندا مەسۇپ ئاخۇن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەن ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، پاشىدەك ۋىڭىلداپ گەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «پاشا» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### سايكۆل بېشى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: سايكۆل بېشى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 182 ئائىلە، 726 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1399 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1982 ـ يىلى ھاسار دادۇيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، سايكۆل بېشى دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان، 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### سايكۆل بېشى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 123 ئائىلە، 496 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 874 مو. بۇ يەر بۇرۇن سايلىق بولۇپ، بىر كۆل بولغان. 1950 ـ يىلى قۇربان غوجا قاتارلىق يەتتە ئائىلە كىشى كۆلنىڭ ئالدىدىن بىنەم ئېچىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئويۇلغان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، 79 ئائىلە، 312 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 525 مو. بۇ كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى كەلكۈن چېقىپ كەتكەن يەرلەرنى تىندۇرۇپ

ھاسىل قىلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## سايباغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: توغرائېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 278 ئائىلە، 917 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3200 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. سايباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 21 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «سايباغ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### توغرائېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 107 ئائىلە، 367 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 933 مو. سۇ كېلىدىغان ئېرىق بۇ كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قۇمتوقاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 31 ئائىلە، 107 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 351 مو. بۇ كەنت جەينەكسىمان دۆڭ قۇملۇقتا جايلاشقانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### تاشكەنت

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 59 ئائىلە، 200 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 836 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل. بۇ كەنت ئېچىلىش ۋاقتىدا بىر پارچە تاشلىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### سايباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 5.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 81 ئائىلە، 243 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1080 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل. ئەسلىدە بۇ يەر سايلىق بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان، كەنتتىكى ئۆيلەر باغ ـ ئارامىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## ئاياغ باغلا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ باغلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 10.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 161 ئائىلە، 630 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1810 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك. چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 22 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «ئاياغ باغلا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### ئاياغ باغلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 10.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 505 مو. بۇ كەنت باغلا دېگەن يۇرتنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**بوياقچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 11.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 288 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 830 مو. تەخمىنەن 250 نەچچە يىللار ئىلگىرى كۆكتېرەك كەنتىدىن ھېكىمشا ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، خام بوياش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «بوياق» دەپ ئاتاپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

**چاكاندىلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 11.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 475 مو. بۇ يەردە چاكاندا كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**باغلا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: باغلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 172 ئائىلە، 667 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2840 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1982-يىلى باش باغلا دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «باغلا دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**باغلا**

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ كەنتتىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بېغى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**باش باغلا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پاۋانچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 105 ئائىلە، 413 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1992 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم. بىر تراكتور بار. بۇ كەنت كومىتېتى باغلا دېگەن يۇرتنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

1964-يىلى 16-داد‍ۈيدىن ئاجرىلىپ چىقىپ 23-داد‍ۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش باغلا داد‍ۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، «باش باغلا» دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

**پاۋانچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 91 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن-تاۋۇز. ئەڭ دەسلەپتە شېرىپ ئاخۇن دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۈۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**تۆلكەچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 233 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1015 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم. بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال ئۆمەرغوجا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ھېلىگەر ئادەم بولغاچقا «تۆلكە» لەقىمى قويۇلۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

**كاللىتاتوغراق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 15.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 22 ئائىلە، 89 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 477 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن-تاۋۇز. بۇ يەردە بىر يار بولۇپ، ئىككى قېشىدا قىسقا توغراق ئۆسكەن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاراجاڭگال كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاراجاڭگال

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمدا ئىككى كەنت بار. 94 ئائىلە، 349 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1500 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى گۇڭشېلەشكەندىن كېيىن 16-داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان (1968-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ 24-داداۋي بولۇپ قۇرۇلغان). 1978-يىلى «ئاراجاڭگال داداۋي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئاراجاڭگال**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 118 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 600 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم. بۇ كەنتنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي جاڭگال بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**لوڭگائېقىن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 16.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 231 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 900 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈزۈم. بۇ كەنت لوڭگا كەنتىگە ئاقىدىغان بىر كىچىك ئېقىننىڭ بويىغا جايلاشقانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**ھاسار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ھاسار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمدا ئىككى كەنت بار. 150 ئائىلە، 604 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى

1685 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن-تاۋۇز. 28 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 6-دادۇي، 11-دادۇي، 9-دادۇي دەپ ئاتالغان 1978-يىلى «ھاسار دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1982-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ «سايكۆل بېشى دادۇي» بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## ھاسار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 252 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 890 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن-تاۋۇز. مەنىسى «سېپىل». رىۋايەتتىن قارىغاندا ئىلگىرى بۇ يەردە قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## چۆپچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 90 ئائىلە، 352 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 785 مو. چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بۇ يەرنىڭ باشلىقى قۇربان خوجا كەنت ئاھالىسىگە ئۆتكەن-كەچكەن ساياھەتچىلەرنى چۆپ ئاش ئېتىپ كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇق قىلغان بولۇپ، يولۇچى مېھمانلار بۇ جاينى «چۆپ چاقا» دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

## خانتوغ دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 19.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ. 52 ئائىلە، 217 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2984 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار. 1956-يىلى ھۆكۈمەتتىن ئادەم كۆچى تەشكىللەپ بۇ يەردە بىنام ئېچىپ كەنت پەيدا قىلغان. ئەسلىدە ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا قارىغان. 1963-يىلى «بايى گۆڭشې»گە تەۋە بولغان. 1967-يىلى گۆڭشې باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «خانتوغ دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ.


## داتىراك ئورمانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 52 ئائىلە، 225 نوپۇسى بار. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 449 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرەك كۆچەتلىكى 162 مو، ئۈژمە 6 مو، ئۈزۈمزار 30 مو، ئالما 10 مو. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە قاقاس دالا بولغاچقا، 1960-يىلى گۆڭشې باشقۇرغان ئورمانچىلىق مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغاندا شۇنداق ئاتالغان.


## ئورتاتۆگمەن

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 12.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك بەش ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 25 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. قوشۇمچە بېدە، ئوتياش بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك. ئىلگىرى بۇ يەردە ئىككى تۆگمەن بولۇپ، كېيىن شۇ يەرلىك باي مەتتۇردى ھاجى بۇ ئىككى تۆگمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر تاش تۆگمەن قۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.



بوستان


موكويلا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:6600
موكويلا
دالىغ
چاكز - قاغىلىق تاشيولى
موكويلا ئۆستەڭى
لەڭگەر
تۆگچەك
تاشكەنت
شەنبەبازار
توقاي
سايئېرىق
چوتلا
خېنى
قۇمئېرىق
تىم
يېڭىبىنام
كاسامەھەللە
1:100000

# موكويلا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ شەرقىگە 10.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرەپتە چودا يېزىسى بىلەن، غەرب تەرەپتە گۇما بازىرى بىلەن، شىمالدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇب تەرىپى سانجۇ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 558 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارىمىقىدا 16 كەنت كومىتېتى، يېزا باشقۇرغان ئۈچ مەيدان، 54 تەبىئىي كەنت بار. 3637 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 13840. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 13746، خەنزۇلار 91، خۇيزۇ ئۈچ نەپەر. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى جاڭگالمەھەللە كەنتىدە.

«موكويلا» دېگەن سۆز «مەكىلە»نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، مەنىسى «ئاشلىق ماكانى». رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇندىن 700 نەچچە يىللار ئىلگىرى ھازىرقى بۇ يۇرتلۇق تۆمۈر ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بۇ جايلارنى ئېچىپ كەنت قىلغان. ھەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىنىپ ئاشلىق كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام قويغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى بازار يۇقىرى رايونىغا قاراشلىق بولغان. 1950-يىلى «گۇما ناھىيە 6-رايون» بولغان. 1958-يىلى «خوجىمەن خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «موكويلا خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984-يىلى 10-ئايدا موكويلا يېزا قىلىپ تەسىس قىلىنغان.

بۇ يېزا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرى تۈز، يەر شەكلى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ ئۇزۇنچاق سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 مېتىردىن 1700 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئىقلىمى قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8°C بولۇپ، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.4°C، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6°C-بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىر، قىراۋسىز مەزگىلى 218 كۈن. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران، قۇرۇق ئىسسىق شامالدىن ئىبارەت.

يېزا بويىچە ئومۇمىي تېرىم يەر كۆلىمى 50528 مو بولۇپ، قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، سۇغۇرۇش رايونلىرى ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى ئومۇمىي گەۋدىسىنى پىلانلاش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق سالا ئېتىز، ئېرىق-ئۆستەڭ، يول ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلغان

تورسىمان ئورمانزارلىقتا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. 1985-يىلىغىچە 23 مىڭ مو يەر تۈزلىنىپ سالا ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلانغان. بەرپا قىلىنغان ئورمان 6877 مو، كۆچەتلىك 290 مو، تارقاق ئورمان 2 مىليون 813 مىڭ تۈپ. شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان يول 245 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 154.35 كىلومېتىر. غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوقئېرىق، ئورەكتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئېرىق — ئۆستەڭلەر 310 تاناپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 275.5 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆستەڭ 39 كىلومېتىر، زاكۇ، كۆۋرۈكلۈك سۇگۈچ، ساقىراتما قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى 1407. موكويىلا غول ئۆستىڭىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشتاغ دەرياسى سىستېمىسىدىكى ياپچان سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى باشلاپ كېلىنىپ، يېزا تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق كۆلىمى تەخمىنەن 51 مىڭ 600 مو كېلىدىغان تېرىم يەرلەر سۇغۇرۇلىدۇ.



سايلىق يولدا.

ئىقتىسادىي جەھەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 22 مىڭ 700 مو بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە-قوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ ھەم پىلە باقىدۇ. 1985-يىلى يېزا بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي

مەھسۇلاتى 12 مىليون 714 مىڭ جىڭ، مايلىق 417 مىڭ جىڭ، پاختا 685 مىڭ جىڭ، پىلە غوزىسى 15 مىڭ جىڭ، چوڭ-كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 22 مىڭ تۇياق بولۇپ، دۆلەتكە يەتكۈزۈپ بەرگەن تاۋار ئاشلىق 1 مىليون 40 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 105 مىڭ جىڭ، پاختا 4510 دەن بولدى.

ئورمانچىلىقتا: سۇنئىي ئۇسۇلدا دەرەخ تىكىشنى ئاساس قىلىدۇ. تېرەك، ئۈژمە، جىگدە، شاپتۇل، ئامۇت، ئۈرۈك، ياڭاق دەرەخلىرىنى تىكىدۇ. ئۆز دائىرىسىدىن رەۋەن، چۇچۇكبۇيا، بۆرىسامسىقى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ. ياۋا چوشقا، ياۋا توشقان، كەپتەر قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار بار. باغۋەنچىلىكتىكى ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈزۈم. پىلە بېقىش، بورا توقۇش، كېيىم تىكىش، ياغاچ سايمانلارنى ياساش قاتارلىق ئائىلە قول سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاشلىق ۋە مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ياغ تارتىش، توك چىقىرىش، خىش پۇشۇرۇش قاتارلىقلار بار. ئاپتوبۇسلاردىن ئۈچى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 27 سى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرى، قول تراكتورىدىن 18 ى ھەم ئۇندىن باشقا ئۇن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىلىرىدىن 50 نەچچىسى بار بولۇپ، بۇ ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 1727، 1985-يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 403 مىڭ يۈەن. يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 954 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 207.23 يۈەن بولدى.

يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 15 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى 133 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 22 نەپەر)، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1924 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 275 نەپەر)، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99% گە يەتكەن. كىنوخانا، كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى ۋە كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلغان. يېزىدا بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، 40 كېسەل كارىۋىتى بار. تېببىي خادىملىرى 20 نەپەر، كەنت كومىتېتلىرىدا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرىدىن 19 ى بار بولۇپ، 19 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. تەمىنلەش-سودا كوپېراتىپى، دۇكان، ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرى پۈتۈن يېزىغا تارالغان.

چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، يېزىدىن سېلىنغان شېغىل تاشيول لەڭگەر تاشيول كۆۋرۈكىدە ئۇنىڭغا تۇتىشىدۇ، يېزىدىن ياسالغان تاشيولنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر بولۇپ، يېزا دائىرىسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئاددىي تاشيوللىرى ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلغان.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

## موكويلا يېزىسى

(«موكويلا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قاراڭسۇن)

### جاڭگال مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 331 ئائىلە، 915 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 631. تېرىلغۇ يېرى 413 مو. بۇ جاي ئەسلىدە جاڭگاللىق بولۇپ، كېيىن بارا-بارا كەنت ھاسىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### كونابازار كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كونابازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئىككى كەنت بار، 459 ئائىلە، 1757 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 613 نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1238 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياشلارمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 3-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «كونابازار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

### كونابازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 302 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 458 مو. بۇ جايدا بازار پەيدا بولۇش تارىخى ئۇزۇن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### بازارئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 256 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 367 مو. بۇ كەنت موكويلا بازىرىغا بارىدىغان ئېرىقنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ذاغۇت كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: جىلغامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 3.7 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا بەش كەنت بار، 267 ئائىلە، 953 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2103 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئۈچى،

سەيىيوجىدىن ئىككىسى، ماشىنىلىق قۇدۇقتىن ئۈچى بار. 1958 ـ يىلى 1 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978 ـ يىلى «ناغۇت دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**جىلغامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 221 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 550 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. بۇ كەنت چوڭ بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاقتىكەن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 182 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 387 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. ئىلگىرى بۇ يەر ئاقتىكەنلىك ئوتلاق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ماندارلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 197 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 370 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. بۇ جايدا ماندار كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 195 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 412 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل قېقى. بۇ كەنتنىڭ شاپتۇل قېقى قۇرۇتۇش بىلەن نامى چىققانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**غولمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 176 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 344 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. كەنت بولغىلى تەخمىنەن 500 يىلدىن ئارتتۇقان، ئاھالىسى كۆپ، زىچ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تۆۋەنمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى، ئىغىلدۆڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 254 ئائىلە، 1026 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 4500 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ كەنت كونابازار دېگەن يەر بۆلىكىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

1958 ـ يىلى 2 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «تۆۋەنمەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ئىغىلدۆڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، 39 ئائىلە، 154 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 620 مو. بۇ يەر ئىلگىرى ئوتلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا قۇم بارخىنى بولغان. دەسلەپتە بۇ يەردە مال باققان كىشلەرنىڭ كۆپۈنچىسى مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە قوي قوتىنى سالغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**مەھەللەئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 87 ئائىلە، 358 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1410 مو. كەنت ئىچىدە بىر ئېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كانداكۆل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 44 ئائىلە، 168 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 940 مو. مەنىسى: «كەندىر كۆل». بۇرۇن كىشلەر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بۇ يەرگە توغان سېلىپ كۆل قىلىپ، ئەتراپىغا كەندىر تېرىغاچقا «كەندىر كۆل» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە بۇ سۆز «كانداكۆل» گە ئۆزگىرىپ قالغان.

**تووۋرامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 740 مو. بۇ جايغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر كىشى ئېشىكىنى قېچىپ كەتمسۇن دەپ بېشىغا تووۋرا كەيدۈرۈپ قويۇدىغان بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

**كاللەكمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 154 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 740 مو. بۇ جايدا ئەڭ ئاۋۋال ئولتۇراقلاشقان نىياز ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى سېمىز كىشلەر بولغانلىقى ئۈچۈن «كاللەك» لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**مونەكمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: خارەتمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار، 180 ئائىلە، 706 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2805 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. مونەكمەھەللە كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "سامساقبۇلۇڭ دادۈي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1981-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ «كاسامەھەللە دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان). 1982-يىلى نامىنى «مونەكمەھەللە دادۈي» گە ئۆزگەرتكەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**خارەتمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 84 ئائىلە، 347 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 1570 مو. مەنىسى: «ياغاچچى مەھەللىسى». ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراق- لاشقان ئابدۇل مەمەت ئائىلىسى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياغاچچىلىق قىلىپ ئۆتكەن، ماھارىتى باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغان. كېيىن بۇ جايدا كەنت پەيدا بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### كۆمۈرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 142 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 611 مو. ئىلگىرى بۇ كەنت ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى كۆمۈر كۆيدۈرۈش بىلەن تىرىك- چىلىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### مونەكمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 217 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 624 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل. قۇرۇتۇلغان شاپتۇلنى "مونەك" دەيدۇ، بۇ يەردىن شاپتۇل كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىنىدۇ، قالغانلىرىنى مونەك قىلىپ قۇرۇتۇش بىلەن نامى چىققان. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### مازاردۆڭ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: مازاردۆڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 231 ئائىلە، 901 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1896 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دائىرىسىدە چوڭ تىپلىق تراكتور، سەييوجىدىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1982-يىلى ھېيتكار دادۋيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «مازاردۆڭ دادۋي» بولۇپ قۇرۇلغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### مازاردۆڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 222 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 403 مو. بۇ كەنت ئىسلام دىنى ئۆلىماسى سۇلتان قارا ساقال ئاتا دەپنە قىلىنغان دۆڭنىڭ قېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### مازارجىگدە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 191 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 440 مو. بۇ كەنت ئىسلام دىنى ئۆلىماسى سۇلتان قارا ساقال ئاتا دەپنە قىلىنغان دۆڭنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولۇپ، جىگدە دەرىخى كۆپ تىكىلگەن بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### ياپىلاقچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 34 ئائىلە، 154 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 327 مو. مەنىسى: «مۈشۈك ياپىلاق». بۇ كەنتكە مۈشۈك ياپىلاق تولا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**گۈلباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 162 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 371 مو. ھەممىدىن بۇرۇن بۇ يەرنى ئىگەللەپ ئولتۇرغان مەمەت بەگ دېگەن كىشى بۇ يەرگە كۆل كولىتىپ ئەتراپىغا گۈل تېرىپ باغ قىلغان، كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**شىداقچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 174 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 355 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان نىياز ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ تۇرمۇشى قېيىن بولۇپ، باللىرىغا خام تېرىدە شىرە چورۇق تىكىپ كەيدۈرىدىغان بولغاچقا، «شىداق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ لەقىمى كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**ھويلامەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: قېيىغئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 266 ئائىلە، 1030 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1775 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، «ھويلامەھەللە» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 6-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "ھويلامەھەللە دادۈي" دەپ ئاتالغان، 1982-يىلى ھويلامەھەللە كەنتى ھېيتكار دادۈيگە ئايرىپ بېرىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**قېيىغئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 92 ئائىلە، 355 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 605 مو. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، ئېرىقتىكى سۇ قېيىپ راۋان ئاقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئازنابازار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 35 ئائىلە، 146 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 258 مو. بۇ كەنتتە جۈمە كۈنى بازار بولۇش ئادەت بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ھويلائېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 251 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 385 مو. بۇ كەنت بىر ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىدا بولۇپ، بۇرۇندا ئاھالە زىچ ئولتۇراقلىشىپ ئاۋاتلاشقان، خۇددى چوڭ بىر باينىڭ ھويلا-ئارامىغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 77 ئائىلە، 278 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 479 مو. بۇ كەنتنىڭ يېنى قۇملۇق بولۇپ، سۇ ئەكىلىدىغان بىر ئېرىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

قاقشال كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى: قاقشال

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 200 ئائىلە، 781 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1719 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، يەنە قوغۇن-تاۋۇز، ئۈتىياش، بېدىمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 7-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «قاقشال دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1958-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

قاقشال

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 105 ئائىلە، 412 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 907 مو. ئىلگىرى بۇ يەرلەر يۇلغۇنلۇق بولۇپ، قۇرۇق قاقشال ئوتۇنلار كۆپ چىقىدىغان جاي بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

توقاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 188 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 372 مو. بۇ كەنتنىڭ ئېرىق ۋە يوللىرىنىڭ ئەگرى-توقاي جايلىرى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

چوتلا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 56 ئائىلە، 181 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 440 مو.

دالىغ كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆلئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 204 ئائىلە، 723 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1347 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئۈتىياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار. مەنىسى: «جاپالىق».

بۇرۇندا بۇ يەرلەر سازلىق، يۇلغۇنلۇق بولۇپ، كىشىلەر ناھايىتى كۆپ دەرد-مۇشەققەت تارتىپ سۇ باشلاپ لاي تىندۇرۇپ كەنت قىلغان بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. 1958-يىلى 8-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "دالىغ دادۇي" دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

كۆلئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 183 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 328 مو. بۇرۇندا ھەسەن ئاخۇن دېگەن بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كۆل كولاپ ئېرىق چېپىپ بىنەم ئېچىپ يەر قىلغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**چىمگەرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 181 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 333 مو. بۇ كەنتتە چىمگەرلىك ھۆنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سايئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 171 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 313 مو. بۇ كەنتكە سۇ كېلىدىغان ئېرىق سايلىقتىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**جايسۆگەت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 188 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 323 مو. بۇ جايدا سۆگەت دەرىخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**لەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: بوزئېقىن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 8.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 142 ئائىلە، 536 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1347 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، يەنە قوغۇن-تاۋۇز، بېدىمۇ چىقىدۇ. قوشومچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى چۇچۇكبۇيا. بۇ كەنت قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى تاشيولنىڭ بويىدا بولۇپ، بۇرۇندا لەڭگەر قۇرۇلغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى 9-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «لەڭگەر دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**بوزئېقىن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 8.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 119 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 356 مو. بۇرۇن بۇ جاي چاتقاللىق بولۇپ، بىر كىچىك ئېقىن بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تورغايمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 6.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 151 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 308 مو. دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان كېرىم ئاخۇن دېگەن كىشى داۋاملىق بېشىغا تورغاينىڭ تاجىسىغا ئوخشاش قىلىپ سەللە يۆگىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، "تورغاي" لەقىمى سىڭىپ، كېيىنچە كەنت شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**سازمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 37 ئائىلە، 136 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 323 مو. بۇ كەنتنىڭ ئاھالىسى تارىختىن بۇيان راۋاب قاتارلىق ھەر خىل سازلارنى چېلىشقا ھېرىس بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**پاگىرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 7.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 124 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 310 مو. بۇ كەنتتە سۇپۇرگى ئاخۇن دېگەن كىشى ئەڭ بۇرۇن پاگىر سېلىپ نان ياقتاندىلىقى ئۈچۈن "پاگىر" دېگەن لەقەم قويۇلۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**تۇزلۇق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تۇزلۇق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 301 ئائىلە، 1063 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2079 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن، سەييوجەمدىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 10-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى "تۇزلۇق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**تۇزلۇق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ. 127 ئائىلە، 430 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 821 مو. بۇ كەنتنىڭ يەرلىرىدە تۇز ۋە شور كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**دەرۋازاقۇم**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 139 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 353 مو. كەنت ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن چوڭ قۇم بارخىنى بولۇپ، دەرۋازىدەك تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**يارئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 86 ئائىلە، 227 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 557 مو. بۇ كەنتنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تەخمىنەن 600 نەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ يەردىن كەلكۈن ئۆتۈپ، كەنت ئىچىدىكى ئېرىقنى چوڭقۇر يارغا ئايلاندۇرىۋەتكەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

**قارائۆژمە ئالدى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 4.7 كىلومېتر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 172 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 348 مو. كەنتنىڭ كەينىدە قارائۆژمە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تاشكەنت كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تاشكەنت

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتر كېلىدۇ، تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 106 ئائىلە، 391 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1759 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمان-

چىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى، سەييوجىدىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ جاي ئەسلىدە 9-دادۈينىڭ بىر شياۋدۈيى بولۇپ، 1978-يىلى بۆلۈنۈپ چىقىپ گۈڭشې باشقۇرغان باغۋەنچىلىك مەيدانىغا قوشۇلۇپ «تاشكەنت باغۋەنچىلىك مەيدانى» بولغان. 1980-يىلى يەنە ئايرىلىپ چىقىپ تاشكەنت دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**تاشكەنت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 78 ئائىلە، 277 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1332 مو. ئەسلىدە بۇ يەرلەر تاشلىق بولۇپ، كېيىن بارا-بارا كەنت ھاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىئېرىق بويى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 28 ئائىلە، 114 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 427 مو. كىشىلەر بۇ يەردىن ئېرىق ئېلىپ يەر ئېچىپ، يېڭى چېپىلغان ئېرىقنىڭ بويىدا كەنت پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ھېيتكار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ھېيتكار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 231 ئائىلە، 809 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1639 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوت-ياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 5-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1978-يىلى «ھېيتكا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان 1982-يىلى «ھېيتكار دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن (ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ مازاردۆڭ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ھېيتكار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 123 ئائىلە، 484 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 911 مو. دەسلەپتە 28 نەپەر مۇسۇلمان بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ مەسچىت سېلىپ دىن تارقاتقان. ھەر ھېيت-بايرامدا ئاممە بۇ يەردە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**چاڭگامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 160 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 463 مو. بۇ كەنتنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە «چاڭگا» لەقەملىكلەر كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**ھويلامەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 45 ئائىلە، 165 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 265 مو. بۇ يەردە باي ئائىلىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## كاسامەھەللە كەنت كومىتېتى
تۇرۇشلۇق ئورنى: كاسامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 176 ئائىلە، 718 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2350 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1981-يىلى سامساقبۇلۇڭ داديېدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 13-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «كاسامەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### كاسامەھەللە
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتر كېلىدۇ. 110 ئائىلە، 453 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1418 مو. بۇ يەردە ئەڭ بالدۇر ئولتۇراقلاشقان كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەر-زېمىن ۋە مۈلۈكىنى تەڭ كاسلاپ بۆلۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا «كاسا» لەقىمى سىڭىپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

### سامساقبۇلۇڭ
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 265 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 860 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان موللا سامساق بارات دېگەن كىشى ئۆلگەندىن كېيىن كەنتنىڭ بىر بۇرجىكىگە دەپنە قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

## كوشائەمەھەللە كەنت كومىتېتى
تۇرۇشلۇق ئورنى: كوشائەمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 158 ئائىلە، 601 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1044 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ يەنە قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياشمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە بىر تراكتور، ئۈچ ماشىنىلىق قۇدۇق بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1981-يىلى ناغوت داديېدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 14-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى نامىنى «كوشائەمەھەللە دادۈي»گە ئۆزگەرتكەن، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### كوشائەمەھەللە
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 87 ئائىلە، 338 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 556 مو. "كوشاڭ"نىڭ مەنىسى «چوڭ ئۆي». دەسلەپتە بۇ كەنتنىڭ ئاھالىلىرى سالغان ئۆيلەر بىرقەدەر چوڭراق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئېغىلمەھەللە
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتر كېلىدۇ، 71 ئائىلە، 263 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 488 مو. بۇ يەردە كەنت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قوي قوتىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىئۆستەڭ بويى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمچاقمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 200 ئائىلە، 706 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1222 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر تار ئۆستەڭ بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىدا كەنت پەيدا بولغان ۋە «ئىنچىكە ئۆستەڭ» دەپ نام قويۇلغان. كېيىنچە «يېڭىئۆستەڭ بويى» دېگەنگە ئۆزگىرىپ قالغان.

1981-يىلى كونابازار دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 15-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «يېڭىئۆستەڭ بويى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**قۇمچاقمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 229 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 380 مو. بۇ يەردە قۇمچاق تولا بىر كۆل بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**شىرمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 74 ئائىلە، 246 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 435 مو. بۇرۇندا بىر باي بىر بۆلۈك قۇللارنى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇزۇن ئۆتمەي باي ئۆلۈپ كېتىپ "قۇلمەھەللە" دەپ ئاتالغان. كېيىن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قورقماس، شىردەك يامان بولغانلىقتىن، كەنتنىڭ نامى بارا-بارا «شىرمەھەللە» گە ئايلىنىپ قالغان.

**چاداقئازما**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 63 ئائىلە، 231 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 407 مو. كەنتنىڭ قېشىدا ئۈچ تەرەپكە سۇ ئايرىلىدىغان ئازما بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**شەنبەبازار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: شەنبەبازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 103 ئائىلە، 393 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 893 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، بېدە، قۇلماق. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1980-يىلى دالىغ دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 16-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1982-يىلى «شەنبەبازار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### شەنبەبازار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 259 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 527 مو. بۇ كەنتتە شەنبە كۈنى بازار بولىدىغان ئادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### كالتاچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 134 نوپۇسى بار. تېرىلغۇيېرى 366 مو. بۇ كەنت نىسبەتەن كىچىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاياغ سۇلغاز ئۇرۇقچىلىق مەيدان

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ سۇلغاز

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 59 ئائىلە، 161 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 550 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك، ئاق جىگدە، چۇچۇكبۇيا. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1974-يىلى ھېيتكار دادۇيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ گۇڭشې باشقۇرغان ئۇرۇقچىلىق مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان، 1984-يىلى لەڭگەر دادۇيغا قوشۇۋېتىلگەن، 1985-يىلى قايتا بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۇرۇقچىلىق مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان.

### ئاياغ سۇلغاز

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. «سۇلغاز»نىڭ مەنىسى: «سۇلىقى ئاز يەر». قوشتاغ يېزىسى سۇلغاز كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### سوقاكۆل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئائىلە، ئالتە ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 50 مو. ئىلگىرىدە بۇ جايدا بىر ئۇزۇنچاق كۆل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### يۇلغۇنلۇق باغۋەنچىلىك مەيدان

تۇرۇشلۇق ئورنى: كالتاتۈگمەن

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 54 ئائىلە، 199 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 774 مو. 420 مو مېۋىلىكى بار. باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىقلار. دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە چىقىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، بىر كىچىك تراكتور، بىر توخۇ-ئۆدەك فېرمىسى بار، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىدىن 18 ى بار. بۇرۇندا بۇ يەرلەر يۇلغۇنلۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. ئەسلىدە گۇڭشې كارخانىسىغا قاراشلىق بولۇپ، 1978-يىلى 9-دادۇينىڭ بىر شياۋدۇيى بىلەن قوشۇلۇپ «تاشكەنت باغۋەنچىلىك مەيدانى» بولغان. 1980-يىلى قايتا بۆلۈنۈپ چىقىپ يۇلغۇنلۇق باغۋەنچىلىك مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان.

**كاللىتاتۆگمەن**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 21 ئائىلە، 73 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 667 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 390 مو مېۋىلىكى بار. كەنتكە يېقىن جايدا بىر سۇ تۆگمىنى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**خېنى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 33 ئائىلە، 126 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 107 مو، بۇنىڭ ئىچىدە 30 مو يەردە مېۋىلىك دەرەخ بار. مەنىسى: «سۇيۇرغال يەر». بۇ يەر ئەسلىدە كونا ئەمەلدارلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدان** تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭىئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 103 ئائىلە، 428 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2300 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئەسلىدە 8-دادۈينىڭ بىر شياۋدۈيى بولۇپ، 1960-يىلى بۆلۈنۈپ چىقىپ «دۇڭفاڭخۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «يېڭىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدان» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

**يېڭىئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 273 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1800 مو. بۇرۇندا ئابدۇللا غوجا قاتارلىق 11 ئائىلە كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بىنەم ئېچىپ، ئېرىق چېپىپ يەر قىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىبىنام**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 35 ئائىلە، 155 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 500 مو. بۇ يەر ئەسلىدە تېرىم يەر بولۇپ، كېيىن تاشلىنىپ قالغان. 1966-يىلى گۇڭشېدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ بىنەم ئېچىپ كەنت پەيدا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**تۆگمەچەك** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 12 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 100 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يېزىدىكى مەمەت ھاجىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ تۆگە بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا قارايدۇ.

**تىم** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 4565 مو. دېھقانچىلىق قىلىدىغان ۋاقىتلاردا ھەرقايسى كەنتلەردىن

ئادەم كېلىپ تېرىپ-يىغىدۇ. ئىلگىرىدە بۇ جايغا تىم قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. مازاردۆڭ، قاقشال، شەنبەبازار، لەڭگەر قاتارلىق كەنت كومىتېتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

**مۇزلۇق** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 6800 مو. دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان مەزگىللەرگە قاراپ ھەر قايسى كەنتلەردىن ئادەم كېلىپ تېرىپ-يىغىدۇ. بۇ يەر ئويمان بولۇپ، ئاسان سۇ يىغىلىپ قالىدۇ. قىش پەسلىدە سۇ مۇزلاپ، مۇزلۇققا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەنمەھەللە، تۇزلۇق، كونابازار، يېڭىئۆستەڭ بويى قاتارلىق كەنت كومىتېتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

**يېڭىقۇدۇق** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە يوق. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 800 مو. پەسىللىك ئادەم كېلىپ تېرىپ باشقۇرىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە قاقاس چۆل بولۇپ، 1979-يىلى ماشىنىلىق قۇدۇق كولىنىپ، 1980-يىلى ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ دېھقانچىلىق نۇقتىسى بولۇپ قالغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەنمەھەللە كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

**ئورمان** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىر ئائىلىلىك ئىككى كىشى بار. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، دېھقانچىلىق ئارقىلىق ئورمان پەرۋىش قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 500 مو، ئورمان كۆلىمى 40 مو. 1960-يىلىدىن باشلاپ بىنەم ئېچىلىپ جىرىم سېلىنغان بولۇپ، ئورمانزارلىققا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەنمەھەللە كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.



زاڭگوي يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:100000
قىزىلقوزدۇڭ
قۇملۇق
خوجادۆلەت سۇ ئامبىرى
قۇملۇق
دامانيار
سۇلتان سىدىق بۇغراخان مازىرى
دەشت
بۇيلىق
بۇلاق
زاڭگوي بۇلاق
گۈزدىنامەتلەڭگەر
لەمپەئالدى
گۈزدىلىق
ئاچاقاش چارۋىچىلىق مەيدان
يۇلغۇنلۇق
ياركۆل بېشى
جىلغا
بوستانكۆل
بوستانئېرىق
يار
يېڭىئاۋات
قومبويى
گۈليار كۆل
داتىرالا (قۇمباغ)
ئۆتەڭكۆل
زاڭگوي
ئېنجەكەئېرىق
جوڭكۆل بېشى
يېڭىمەھەللە
كۆلئېرىق
ياربويى
جىگدەئۆستەڭ
داتىراڭئېرىق
يېڭىئۆستەڭ
كۆلئېرىق
توغرائېرىق
ساي
ئارقايار
داشاي ئورمانچىلىق مەيدانى
قوشتوگمەن
قوشتوگمەن كۆۋرۈك
چاكۇ - قاغىلىق تاشيولى
زاڭگوي ئۆستىڭى
دەشت
يۇرۇڭقاش دەرياسى

# زاڭگۇي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 67 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە پىيالما يېزىسى بىلەن، غەربتە مۇجى يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا سانجۇ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى 19 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەرمەيدانى 855 كۋادرات كىلومېتىر. قارىمىقىدا توققۇز كەنت كومىتېتى، يېزا باشقۇرۇرغان تۆت مەيدان، 38 تەبىئىي كەنت بار. 2669 ئائىلە، 10210 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10200، خەنزۇلار 10. يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دەڭبويى كەنتىدە.

زاڭگۇي «شىنجاڭ تەزكىرىسى. تەسس 4»دە «章固雅 (جاڭگۇيا)» شۇنداقلا «裴桂雅 (جۇاڭگۇيىيا)» دەپ يېزىلغان. «زاڭگۇي» دېگەن سۆز «زېھنى گۇيا» دېگەن سۆز ئاھاڭىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «ئەقلى تازا» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام خوجا ئاللا، ئىمام شاكىر، ئىمامى ئەپتەر، ئىمامى مۇساكازىم، ئىمام ئەسقىرى قاتارلىقلار بۇ يەرگە كېلىپ ئىسلام ئاچقاندا، يەرلىك كىشىلەر كالا سۈتى بىلەن زاڭ ئاش ئېتىپ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغاچقا، ئىماملار يەرلىك كىشىلەرنى «زېھنى گۇيا ئىكەن» دەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ گەپنى كەنتنىڭ نامى قىلىۋاپتىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۆزگىرىپ «زاڭگۇي» بولۇپ قاپتىكەن.

چىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 8-يىلى (1982-يىلى) زاڭگۇي زېمىنى قاغىلىق ناھىيىسى قارىمىقىدىكى گۇما 36 كەنتنىڭ بىرى بولغان. گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) بۇ جاي گۇما ناھىيىسىگە قارىغان، كېيىن «زاڭگۇي رايونى» دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى «7-رايون» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان. 1958-يىلى «شىڭفۇ خەلق گۇڭشېسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «زاڭگۇي خەلق گۇڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984-يىلى 10-ئايدا يېزا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىپ تەسىس قىلغاندا ئەسلىدىكى زاڭگۇي باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى جايلارنى زاڭگۇي يېزىسى قىلىپ تەسىس قىلغان.

بۇ يېزىنى قۇملۇق چۆللەر ئوراپ تۇرىدۇ. پوسكا دەريا ئېقىنى شەكىللەندۈرگەن يەلپۈگۈچسىمان تولدۇرما لاتقىلىق بوستانلىقتا جايلاشقان، يەر تۈزلۈكى تۈزلەڭ. ھاۋا كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىمات بولۇپ، بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.9°C، ئەڭ سوغۇق بولغاندا (1-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -6°C بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 215 كۈن. ئاساسلىق تەبىئىي

ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە ئۈششۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ سۇ باشلايدىغان غول ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26.2 كىلومېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر بولۇپ، سانجۇ يېزىسىدىكى چاسكام سۇ ئايرىش زاكۇسىدىن سانجۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئايرىپ كېلىپ ئۆز تەۋەسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغۇرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك تارماق ئېرىق-ئۆستەڭلەردىن 235 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 195 كىلومېتىر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 31 مىڭ 800 مو. زاكۇ، كۆۋرۈكلۈك سۇڭگۈچ، شاقىراتما قاتارلىق سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىدىن 376 سى بار.



بازارغا بېرىش.

يېزا بويىچە تېرىلغۇ كۆلەم 28 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىقدان ۋە پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش، ئارپا، بېدە قاتارلىقلار بار. 1985-يىلىدىق ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 881 مىڭ جىڭ، پاختىنىڭ 285 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 313 مىڭ جىڭ بولۇپ، دۆلەتكە 1 مىليون 516 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق، 756.7 دەن پاختا يەتكۈزۈپ بەردى. مىڭ قۇتىدىن ئارتۇق پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، پىلىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 50 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بولدى.

چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلارمۇ

بار. يايلاق كۆلىمى 34250 مو بولۇپ، ياپچان، سېرىقئوت، سىرتئوت، سېرىغ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. مال سىغىمچانلىقى 60000 ـ 30000 تۇياقلىق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا 27 مىڭ تۇياق.

ئورمانچىلىقتا سۇنئىي ئورمان بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە ۋە ئۈژمە دەرەخلىرىنى سالىدۇ. قوشۇمچە قىلىپ ئاز ساندا ئانار، ياڭاق، ئۆرۈك قاتارلىقلارنى ئۆستۈرىدۇ. 1985 ـ يىلى سېلىنغان كۆچەتلىك 125 مو، تارقاق ئورمان 2 مىليون 430 مىڭ تۈپ، بەرپا قىلىنغان ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 1209 مو بولدى.

ئۆز دائىرىسى ئىچىدە چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ۋاڭ (ئىت ياڭىقى) قاتارلىق تىببىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار. ياۋا توڭگۇز، داۋىغان، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاشلىق ۋە مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، گىلەم كارخانىسى، قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىقلار بار. ئون ئاپتوموبىل، 32 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور ۋە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 24 قول تراكتورى بار. ئۇنىدىن باشقا سەييوجى، ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، چىگىت ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلار بار بولۇپ، ئومۇمىي ئات كۈچى 1144، 1985 ـ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 449 مىڭ يۈەن بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 888 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 262.84 يۈەن بولدى.

ھازىر بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى 100 نەپەر (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 19 نەپەر)، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95% گە يەتتى. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ 40 كارىۋىتى بار، قوتقۇزۇش ماشىنىسىدىن بىرى بار، تىببىي خادىملىرى 20 نەپەر. كەنت كومىتېتلىرىدا 11 نەپەر ساقلىقنى ساقلىغۇچى خادىم بار. ئۇنىدىن باشقا رادىئو، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا، كىنوخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار.

يېزىغا ياسالغان شېغىللىق تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر بولۇپ، چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىغا تۇتىشىدۇ، قەرەللىك نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار قاتناپ تۇرىدۇ.

يېزا دائىرىسى ئىچىدە «قوشكۆل»، «بۇتلۇق» قەدىمكى ئاسارئەتىقە خارابىلىرى بار بولۇپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنە «سۇلتان سىدىق بۇغراخان مازىرى»، «خوجا ئوبۇلقاسىم مازىرى» بار بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

## زاڭگۇي يېزىسى

(«زاڭگۇي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

### يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: دەڭبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 133 ئائىلە، 532 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1496 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، چوڭ-كىچىك ئۈچ تراكتور بار. «يېڭىئۆستەڭ» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 1-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1-، 7-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978-يىلى يېڭىئۆستەڭ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

#### دەڭبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ 55 ئائىلە، 210 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 401 مو. بۇ يەردە ئىلگىرى دەڭ-سارايلار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

#### يېڭىئۆستەڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 59 ئائىلە، 248 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 643 مو. يېڭىدىن ئېلىنغان ئۆستەڭ بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

#### بوستانئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 19 ئائىلە، 74 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 452 مو. بۇ يەردە بىر ئېرىق بولۇپ، 1978-يىلى گوڭشېدىن ئادەم كۆچۈپ تەشكىللەپ ئېرىق بويلىرىغا دەرەخ سالغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كالتەكنور ئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئالتە كەنت بار. 349 ئائىلە، 1406 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3061 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، 11 چوڭ-كىچىك تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. «كۆلئېرىق» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 1-دادۈي

بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «كۆلئېرىق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**كالتەكنور ئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 259 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 524 مو. بۇ جاينىڭ قېشىدىكى ئېرىقتا سۇ ئۆتكۈزىدىغان كالتا نور بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ساي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 283 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 849 مو. بۇ يەر ئەسلىدە تاشلىق ساي بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆلئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 58 ئائىلە، 220 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 413 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. شەرق تەرەپكە ئاقىدىغان بىر ئېرىق بۇ يەرگە كەلگەندە سۈيى يىغىلىپ كۆل شەكىللىنىپ قالغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاتىرا كئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 227 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 325 مو. ئىلگىرى بۇ يەر ئوتلاق دالا بولۇپ، بۇ يەردىن بىر ئېرىق ئېقىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كونابازار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 240 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 601 مو. بۇ جاينىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئىلگىرى بازار قىزىيدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**بوستانكۆل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 177 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 349 مو. 1978 ـ يىلى گۈگشىيەدىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ، كۆل كولاپ دەرەخ سېلىپ كەنت پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ياربويى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ياربويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئالتە كەنت بار. 346 ئائىلە، 1297 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2607 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان ئىشلەپچىقىرىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 2 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «ياربويى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### يا ربويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 81 ئائىلە، 314 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 509 مو. بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە كەتكەن بىر چوڭ يار بولۇپ، يارنىڭ بويلىرىدا كەنت پەيدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### ئارقايار

يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 75 ئائىلە، 309 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 568 مو. كەنتنىڭ كەينىدە بىر چوڭ يار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### توغرائېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 296 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 569 مو. بۇرۇندا كىشىلەر بۇ يەردىن ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلاپ يەر قىلغان، ئېرىق پۈتۈن كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### جىگدەئۆستەڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 74 ئائىلە، 252 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 536 مو. بۇرۇندا كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئېرىق ئېلىپ يەر ئاچقان ھەمدە ئېرىق بويلىرىغا جىگدە دەرىخى تىككەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### يېڭىمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 18 ئائىلە، 63 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 213 مو. بۇ يەر 1979-يىلى ئېچىلىپ كەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### جىلغا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 18 ئائىلە، 63 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 212 مو. بۇ جايدا بىر جىلغا بولۇپ، 1974-يىلدىن باشلاپ كىشىلەر جىلغا بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئىنچىكەئېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى: ئىنچىكەئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭگە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 211 ئائىلە، 842 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1980 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، ئىككى چوڭ تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1980-يىلى «قۇمبويى دادۈي»دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 3-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982-يىلى «ئىنچىكەئېرىق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئىنچىكەئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 ئائىلە، 187 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ

يېرى 429 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر تار ئېرىق بولۇپ، كېيىن ئادەم كېلىپ ئېرىق بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تاشكۆل بېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 191 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 437 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تاشۋاي دېگەن كىشى ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر كۆل كولىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دەڭباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 174 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 398 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن كىشى دەڭساراي ئېچىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەمدە باغ بىنا قىلغانلىق سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**گۈلياركۆل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 393 مو. بۇ يەردە بىر كۆل بولغان، گۈليار ئىسىملىك بىر كىشى ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىنچە كەنت پەيدا بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆتەڭكۆل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 29 ئائىلە، 98 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 323 مو. بۇرۇندا بۇ يەردە بىر كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ بويىغا ئۆتەڭ قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: يار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 302 ئائىلە، 1130 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3183 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتوموبىلدىن بىرى، 55 تىپلىق، 75 تىپلىق ۋە قول تراكتورىدىن بىردىن بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 4-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «يار دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**يار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 73 ئائىلە، 266 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 742 مو. كەنتتە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. دەسلەپتە بۇ يەردە جەنۇبتىن شىمالغا كەتكەن بىر چوڭقۇر يار بولۇپ، كېيىنچە يارنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**سوقاكۆل بېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 77 ئائىلە 285 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ

يېرى 813 مو. كەنت ياقىسىدا بىر ئۇزۇنچاق كۆل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ياركۆل بېشى**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 81 ئائىلە، 314 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 818 مو. تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن سانجۇ دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈن سۇ بۇ يەردە جەنۇبتىن شىمالغا كەتكەن چوڭقۇر بىر يار هاسىل قىلغان، كىشىلەر كېيىنچە بۇ يارنىڭ بويىدا كۆل كولاپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت هاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يۇلغۇنلۇق**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 71 ئائىلە، 265 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 809 مو. بۇ يەر ئەسلىدە يۇلغۇنلۇق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**تاتىراڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تاتىراڭ[1]

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 363 ئائىلە، 1431 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساسى قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2650 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 10-دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى 8-ئايدا 5-دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى «تاتىراڭ دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**تاتىراڭ**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 67 ئائىلە، 298 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 554 مو. مەنىسى: «قاقاسلىق». بۇ يەر ئەسلىدە ياۋا ئوت-چۆپلۈك دالا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمباغ**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 83 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 620 مو. ئاۋۋال بۇ يەر قۇملۇق بولۇپ، كىشىلەر ئىلگىرى-ئاخىر بۇ جايغا كېلىپ قۇم بارخانلىرىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇراقلىشىپ كەنت هاسىل قىلغان بولۇپ، خۇددى قۇملۇقتىكى باغقا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چوڭكۆل بېشى**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 269 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 472 مو. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، كىشىلەر ئىلگىرى-كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ كۆل بويىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**دەرۋازاكۆل بېشى**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 258 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 446 مو. قەدىمىي زاڭگۈي كەنتىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بىر كۆل بولۇپ،

كىشلەر ئارقا-ئارقىدىن مۇشۇ كۆل بويىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## يېڭىئاۋات

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 71 ئائىلە، 286 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 558 مو. بۇ يەر ئۈژمە، ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپ جاي بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## گۈندىدامقىلەڭگەر كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: لەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 129 ئائىلە، 561 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1560 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككى تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. «گۈندىدلىق» ۋە «لەڭگەر» ئىككى كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 6-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «لەڭگەردادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1982-يىلى نامى «گۈندىلىقلەڭگەر» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## لەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 172 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 552 مو. 1980-يىلى بۇ يەردە كەنت ھاسىل بولغان. ئىلگىرى بۇ يەردە لەڭگەر قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## گۈندىدامق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 40 ئائىلە، 189 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 482 مو. ئىلگىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بۇ يەرگە گۈندىخانا سېلىنغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## لەمپەئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 6.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 172 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 526 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئىلگىرى بۇ يەردە مازارلىق بار بولۇپ، ئۇنىڭ قىشىغا ئىستىقامەت قىلىدىغان بىر لەمپە سېلىنغان، كېيىنچە كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن بۇ لەمپىنىڭ ئالدىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

## قۇمبويى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 175 ئائىلە، 696 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1540 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار.

تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 3 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «قۇمبويى دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان (1980 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئاجرىلىپ چىقىپ 3 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**قۇمبويى**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 91 ئائىلە، 369 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 750 مو. بۇ يەردە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر قۇم بارخىنى بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىنەم ئېچىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت هاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**دەرۋازامەھەللە**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ. 38 ئائىلە، 144 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 440 مو. بۇ جاينىڭ كەنت بولۇش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. تەخمىنەن 600 يىل ئىلگىرى بىر چوڭ ئەمەلدار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، كەنتنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرۇپ دەرۋازىسىغا ئادەم قويۇپ ساقلىغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**نەغمەچاقا**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 208 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 390 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەمەت ئاخۇن دېگەن كىشى نەغمە ـ ناۋاغا ئۇستا بولغاچقا، ئۇنىڭغا «نەغمە» لەقىمى سىڭىپ قالغان. كېيىنچە بۇ يەردە كەنت هاسىل بولغاندا شۇنداق ئاتالغان.

**بۇلاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: بۇلاق

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 176 ئائىلە، 677 نوپۇسى بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2085 مو. ئاساسلىق مەهسۇلاتلىرى بۇغداي كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن تۆتى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1980 ـ يىلى لەڭگەر دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ 15 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1982 ـ يىلى «بۇلاق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**بۇلاق**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 237 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 585 مو. بۇ يەردە بىر بۇلاق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**بۇيىلىق**

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 10.6 كىلومېتر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 266 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 700 مو. بۇ جاي ئەسلىدە بۇيا ئۆسۈملۈكى كۆپ ئۆسىدىغان يەر بولغاچقا

شۇنداق ئاتالغان.

### زاڭگۇيبۇلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 174 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 800 مو. بۇ كەنت بۇلاق قېشىغا جايلاشقان. زاڭگۇيلۇقلار ھەممىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ بىنەم ئېچىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغانلىق سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### يامانيار دېھقانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 8.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 278 نوپۇسى بار. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. تېرىلغۇ يەرى 690 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەيدان بىر چوڭقۇر قۇرۇق يارنىڭ شەرقىي ئېۋىگە جايلاشقاچقا «يامان يار» دەپ ئاتالغان، 1951-يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. زاڭگۇي يېزىسىغا قاراشلىق.

### يامانيار كالا فېرمىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 8.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 22 ئائىلە، 86 نوپۇسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئائىلىلىك يەتتە نەپەر خەنزۇ بار. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 540 مو. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. مال سىغىمچانلىقى 555 تۇياق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى يۇقۇرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش. 1980-يىلى كالا فېرمىسى قۇرۇلغان. زاڭگۇي يېزىدىن باشقۇرىدۇ.

### ئاچاقاش چارۋىچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 27 كىلومېتىر كېلىدۇ. 44 ئائىلە، 149 نوپۇسى بار. تۆزلەڭلىكگە جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 729 مو، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارىدۇ. بىر تراكتور بار. بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن، يۇلغۇنلۇق قاشىنى بويلۇتۇپ بىر Y شەكىللىك ئاچا ئېرىق چېپىلغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1968-يىلى چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. زاڭگۇي يېزىدىن باشقۇرىدۇ.


### باشساي ئورمانچىلىق مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 18 ئائىلە، 68 نوپۇسى بار. ئېدىرلىق. تېرىلغۇ يېرى 234 مو، ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىدۇ. بۇ مەيدان زاڭگۇي يېزىسى سۇ مەنبەسىنىڭ باش تەرىپىدىكى سايلىقتا جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىدىن باشقۇرىدۇ.

### تېكىلىك

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ جايدا يۇلغۇن، يانتاق كۆپ بولۇپ، كىشىلەر داۋاملىق بۇ يەرگە تېكىلەرنى ئەكىلىپ باقىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. زاڭگۇي يېزىسىنىڭ ئىنچىكەئېرىق كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.



پېشنا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:150000
پېشنا
بۇلاقبېشى
باشلەڭگەر
تۇغراكۆزۈرۈك
توقاي
سازام
قىشلاق
تۇگمەنبويى

# پىشنا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جىلغا ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى گوما بازىرى ۋە ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىلەن، غەرب تەرىپى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قوشتاغ يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 845 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارىمىقىدا سەككىز كەنت كومىتېتى، 22 تەبىئىي كەنت بار. 1404 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 5642. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا بۇندىن تەخمىنەن 700 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرگە ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت بولۇپ، نامىنى «پىشا» قويغان. بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، تەدرىجىي تۈردە «پىشنا»غا ئۆزگىرىپ قالغان، مەنىسى: «ئوتلاق». يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئارامەھەللە كەنتىدە.

پىشنا ئەسلىدە گوما 38 كەنتىنىڭ بىرى بولۇپ، قاغىلىق ناھىيىسىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) گوما ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان چاغدا گوما ناھىيىسىگە تەۋە قىلىنغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ جايلار «پىشنا رايون» دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى «8-رايون» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1956-يىلى رايون مەمۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ «بورا» كەنتى قاغىلىق ناھىيىسىگە قالغاندىن سىرت، قالغان زېمىنى 2-رايون (ھازىرقى قوشتاغ يېزىسى)غا قوشۇۋېتىلگەن. 1981-يىلى گوما ناھىيىلىك 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن قوشتاغ گۇڭشېنىڭ پىشنا، باشلەڭگەر باشقۇرۇش رايونلىرى ۋە سازام دادۇيى ئايرىپ چىقىلىپ «پىشنا خەلق گۇڭشېسى» قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1984-يىلى 10-ئايدا يېزا بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ تەسىس قىلىش ۋاقتىدا «پىشنا يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا باشلەڭگەر باشقۇرۇش رايونى بۆلۈنۈپ چىقىپ «باشلەڭگەر يېزا» بولۇپ قۇرۇلغان.

يېزىنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىسىدا قات-قات تاغلار سوزۇلۇپ تۇرىدۇ، شەرق ۋە شىمال تەرىپى پەس تاغلىق ۋادە بولۇپ، كۆپۈنچە جايلىرى چۆل-دەشت، يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، بىرقەدەر تۈزلەڭ. ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق رايونى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار بىر جىلغىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆپۈنچە جايلىرى تاشلىق ساي، ئارىلىقىدا شورلۇق يەرلەر بار. ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.3°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى

22°C، ئەڭ سوغۇق بولغاندىكى (1-ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 7.8°C - بولىدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 217 كۈن ئەتراپىدا. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت ئۈششۈك ھېسابلىنىدۇ.

تېرىم يەر كۆلىمى 15157 مو. يېزا دائىرىسىدە غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، ئورەكتىن ئىبارەت ھەردەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەردىن 90 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 69.25 كىلومېتىر، ئۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆستەڭ 8 كىلومېتىر، سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغىنى 10 كىلومېتىر. پىشنا ئۆستىڭى كىلىياڭ ئاق سۇ باشلاش ئۆستىڭىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، قوشتاغ دەر-ياسىنىڭ سۈيى بىلەن ئۆز دائىرىسىدىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق پۈتۈن يېزىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر سۇغۇرىلىدۇ.

دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 500 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كوممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە بىدە، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر، قوغۇن-تاۋۇزلارنى تېرىيدۇ ۋە پىلە باقىدۇ. 1985-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 3 مايون 166 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 131 مىڭ جىڭ، پىلە غوزىسى 3748 جىڭ، يىل ئاخىرىدىكى چوڭ-كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 9968 تۇياق بولۇپ، دۆلەتكە يەتكۈزۈپ بەرگەن تاۋار ئاشلىق 291 مىڭ جىڭ، مايلىق 43 مىڭ 900 جىڭ بولدى. 1985-يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 31 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 138.67 يۈەن.

ئورمانچىلىقتا سۇنئىي ئورماننى ئاساس قىلىدۇ، بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1424 مو، ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، ئۈژمە، جىگدە ھەم ئۇندىن باشقا ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈمتال، چىلان، ئالۇچا قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدۇ. 1985-يىلى سېتىلغان كۆچەتلىك 92 مو، تارقاق ئورمان 771 مىڭ تۈپ. باغۋەنچىلىكتە ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇلى ئەڭ ياخشى. ئالاھىدە مەھسۇلاتى خورما، گۈلە، مېغىز.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاشلىق ۋە مايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. ئاپتوموبىلدىن بىرى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن توققۇزى، قول تراكتورىدىن ئىككىسى، سەييۇجىدىن ئالتىسى ھەمدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇ ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 524، 1985-يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 141 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزىدا بىر دوختۇرخانا بولۇپ، كېسەل كارىۋىتى 20، تىببىي خادىمى يەتتە نەپەر، كەنت كومىتېتلىرىدا 11 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى سەككىز نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 171 نەپەر. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تۆتى بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 44 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 820 نەپەر، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90.7% گە يەتكەن. رادىئو ئۇزېلى، مەدەنىيەت پونكىتى، كىنو قويۇش ئەترىتى، تەمىنلەش-سودا كوپېراتىپى قاتارلىق مەدەنىيەت، تۇرمۇش مۇئەسسە-

لىرى قۇرۇلغان.

يېزا دائىرىسىدىكى شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان ئاددىي تاشيول شىمالدا چاكۇ-قاغىلىق تاش-يولىغا تۇتاشقان بولۇپ، ناھىيە شەھىرىگە ھەمدە باشقا يېزا، بازارلارغا قاتنىغىلى بولىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

## پىشنا يېزىسى

(«پىشنا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» غا قارالسۇن)

### پىشنا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 152 ئائىلە، 590 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1692 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان بولۇپ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم. مەنىسى: «ئوتلاق». بۇ يەردە بۇرۇن كەنت پەيدا بولغان. ئەسلىدە سۇ ۋە ئوت-چۆپ ئەلۋەك، دەل-دەرەخ ۋە ئاشلىق مول جاي بولغاچقا «پىشا» دېيىلىپ، كېيىنچە بۇ سۆز «پىشنا» غا ئۆزگىرىپ قالغان.

1958-يىلى يېڭىچە گۇڭشېنىڭ 7-دادۈيى بولغان، 1978-يىلى «پىشنا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981-يىلى پىشنا گۇڭشېگە تەۋە بولغان (1983-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ بۇلاقبېشى دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### ئارامەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، 82 ئائىلە، 316 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 912 مو. بۇ كەنت ئەتراپىتىكى باشقا كەنتلەرگە سېلىشتۇرغاندا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئوتتۇرا ھال بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### جايتوغراق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: جايتوغراق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 204 ئائىلە، 705 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1900 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر تراكتور بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ياڭاق، تاۋۇز. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى يېڭىچە گۇڭشېنىڭ 6-دادۈيى بولغان، 1978-يىلى «جايتوغراق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1981-يىلى پىشنا گۇڭشېگە تەۋە قىلىنغان (1983-يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۇقاش دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**جايتوغراق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 99 ئائىلە، 334 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 960 مو. مەنىسى: «مازار توغراق». ئىلگىرى بۇ يەردە بىر مازار بولۇپ، ئەتراپىدا توغراقلار كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چۇپۇرچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 168 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 439 مو. بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال ئولتۇراقلاشقان ئىسلام ھاجى دېگەن كىشىنىڭ بەدىنى تۇكلۇك بولغاچقا "چۇپۇر" دېگەن لەقەم سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**تۆگمەنباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 53 ئائىلە، 195 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 515 مو. بۇ جاي تۆگمەننىڭ قېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئۇقاش كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۇقاش

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 177 ئائىلە، 653 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1517 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئۈچى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1983-يىلى جايتوغراق دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «ئۇقاش دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئۇقاش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 89 ئائىلە، 327 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 793 مو. شىمالىي تەرىپىدىكى شۆلىك بۇ كەنتنى باشقا كەنتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ياندۇرما**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 85 ئائىلە، 322 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 778 مو. بۇ يەر ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ ئادەم ئولتۇرماي، كىشىلەر دېھقانچىلىق قىلىدىغان مەۋسۇملاردا كېلىپ تېرىپ-يىغىپ تۇرغان. ئەتىگىنى كېلىپ كەچتە يېنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**بۇلاقبېشى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ناغوت

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 187 ئائىلە، 725 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1536 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. "بۇلاقبېشى" كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1983-يىلى پىشنا دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «بۇلاقبېشى دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت

كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ناغۇت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، 91 ئائىلە، 360 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 706 مو.

**بۇلاقبېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 170 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 395 مو. بۇ يەر بىر بۇلاقنىڭ باش تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قۇمچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، 51 ئائىلە، 195 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 435 مو. ئىلگىرى بۇ جايدا قۇم بارخانلىرى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

**يانتاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆستەڭبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 139 ئائىلە، 566 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1312 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئىلگىرى بۇ جايدا يانتاق كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى يېڭىچەن گۇڭشېنىڭ 8-دادۈيى بولغان، 1978-يىلى «يانتاق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981-يىلى پىشنا گۇڭشېگە قاراشلىق بولغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن (ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاچما كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان).

**ئۆستەڭبويى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 36 ئائىلە، 168 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 383 مو. بۇ يەر تاغ تۈۋىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كوتاكچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، 55 ئائىلە، 219 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 578 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان «ھېلىم ئاكام» دېگەن كىشى كوتۇلدىغاق كىشى بولغاچقا «كوتاڭ» دەپ لەقەم قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**ئارقاچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، 48 ئائىلە، 179 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 467 مو. بۇ يەر بىر دۆڭنىڭ كەينىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاچما كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچما

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارد-مىقىدا ئىككى كەنت بار. 122 ئائىلە، 417 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1120 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر تراكتور بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1985 ـ يىلى «يانتاق كەنت كومىتېتى» دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «ئاچىما كەنت كومىتېتى» بولۇپ قۇرۇلغان.

**ئاچىما**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 530 مو. بۇ كەنت سۇ ئايرىلىدىغان ئېچىقنىڭ قېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چىغلىقئېرىق**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 62 ئائىلە، 225 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 590 مو. بۇرۇن بۇ يەر چىغلىق بولۇپ، كىشىلەر ئېرىق چېپىپ يەر ئېچىپ تېرىق-چىلىق قىلىپ كەنت ھاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئازغان

**ئازغان كەنت كومىتېتى**

يېزىـلىق ھوكۇمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 151 ئائىلە، 704 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1777 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچە-لىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى يۆبجىن گوڭشېنىڭ 9 ـ دادۈيى بولغان. 1978 ـ يىلى «ئازغان دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981 ـ يىلى پىشنا گوڭشېغا قاراشلىق بولغان. 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ «ئاياغ ئازغان دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان، 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئازغان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 259 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 617 مو. ئىلگىرىدە بۇ يەرلەر ئازغانلىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆستەڭچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، 36 ئائىلە، 141 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 336 مو. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر تەبىئىي ئۆستەڭ بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن بۇ ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 36 ئائىلە، 180 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 463 مو. ئىلگىرى بۇ يەر چۆل بولۇپ، كېيىنچە كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بىنەم ئېچىپ مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ ئورمان قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 27 ئائىلە، 118 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 311 مو. بۇرۇندا بۇ جايدا قۇم دۆڭلىرى كۆپ بولۇپ، كېيىن كىشىلەر كېلىپ تۈزلەپ يەر ئېچىپ، ئولتۇراقلىشىپ كەنت بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغ ئازغان كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: سېرىقچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 223 ئائىلە، 896 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2281 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر ئازغان كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1982 ـ يىلى ئازغان دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاياغ ئازغان دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**سېرىقچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، 68 ئائىلە، 268 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 711 مو. بۇ جاينىڭ يەرلىرى سېرىق تۇپراقلىق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**توغرائېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر كېلىدۇ، 46 ئائىلە، 199 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 454 مو. كىشىلەر سۇ ئەكىلىپ يەر سۇغۇرۇش ئۈچۈن، كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئېرىق چاپقاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ياربويى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، 75 ئائىلە، 309 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 817 مو. بۇ يەر ئەسلىدە كەلكۈن سۇ كېلىپ يار ئېلىپ كەتكەن جىلغا بولۇپ، كېيىن كىشىلەر يارنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**كالتايار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، 34 ئائىلە، 120 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 299 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر بىر قىسقا يارنىڭ قېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پىشنائېقىن** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. تېرىلغۇ يېرى 1000 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، بېدە. بىر ئائىلىلىك سەككىز كىشى ئولتۇرۇشلۇق. بۇ يەر پىشنا تەرەپكە ئاقىدىغان بىر ئېقىننىڭ باش تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. جايتوغراق، ئۇقاش، بۇلاقبېشى، پىشنا تۆت كەنت كومىتېتكە قارايدۇ.

يېڭىبىنام (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، تېرىلغۇ يېرى 173 مو. بۇ يەر بۇرۇن چۆل بولۇپ، 1958-يىلى ئېچىلىپ كەنت بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. جايتوغراق، ئۇقاش ئىككى كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.



قەيسەر گىيا




چودا يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى

# چودا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىگە 29.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆزلەڭلىككە جايلاش-
قان. شەرقـتە مۇجى يېزىسى بىلەن، شـىمالدا ناھىيـىلىك دۆلەت ئىگـىلىكـىدىكى چارۋىـچىلىق
مەيـدانى بىلەن، جەنۇبتا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بىلەن، غەربتە موكويلا يېزىسى بىلەن چېگرى-
لىنىـدۇ. شەرقـىدىن غەربـىگـىچە ئوتـتۇرىچە كەڭلىـكى 10 كىلومېـتىر، جەنۇبـىدىن شىمالىغى-
چە ئوتـتۇرىچە كەڭلىكى 220 كىلومېتىر، يەر مەيدانى تەخمىنەن 2200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.
قارىمىقىدا 11 كەنت كومىتېتى، يېزا باشقۇرغان ئىككى مەيدان، 23 تەبىئىي كەنت بار. 2156 ئائى-
لىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 8423. يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشـلۇق
ئورنى سۇلۇقيار كەنتىدە.

بۇ يېزا ئۆزى جايلاشقان يۇرت «چودا»نىڭ نامىنى قولـلانـغان بولۇپ، مەنـىسى: «چىـدا».
رىۋايەتتىن قارىغاندا تەخمىنەن بۇندىن 300 يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە يەتتە ئۆيلۈك ئادەم بولۇپ،
20 جىلغ ئاقئۈندا يوغان بىر كۆمەچ پۇشۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەن ئىماملارنى كۈتۈۋالغان. ئىماملار
بۇنى كۆرۈپ:«بىز يەنە بىر كۈن تۇرغىدەك بولساق، سىلەر چىدىيالامسىلەر؟» دەپ سورىـغاندا،
ئۇلار «چىدايمىز، چىدايمىز» دەپ جاۋاب بېرىشـكەن ئىـكەن. شۇنىڭ بىلەن كېـيىنـچە بۇ سۆز
بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قاپتىكەن.

ئەسلىدە مۇجى خەلق گۇڭشېسىنىڭ چودا باشـقۇرۇش رايونى بولۇپ، 1984-يىـلى 10-ئايدا
بۆلۈنۈپ چىقىپ، چودا يېزىسى بولۇپ تەسىس قىلىنىغان.

بۇ يېزىنىڭ يەر تۈزۈلىشى بىر قەدەر تۈزلەڭ، جەنۇبتىن شـىمالغا پەسىيىپ بارىـدۇ، جەنۇبى
چۆل-دەشتلىك، غەرب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپى قۇم بارخانلىق. ئوتتۇرا قىسمى سۇغۇرۇل-
ىدىغان رايون، ئارىلىقىدا سازلىـق، شورلۇق بار بولۇپ شال تېرىغىـلى، بېـلىق باقـقىلى بولىدۇ.
ھاۋا كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ. يىلـلىق ئوتتۇرىچە تېـمپېراتۇرىـسى
11.6°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) 24.9°C، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1-ئايـدا) -6.6°C
بولىدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 210 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقـدارى 51 مىللىـمېتىر.
ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە ئۈششۈك.

چودا ئۆستىڭى مۇجى ئۆستەڭگە تۇتاشتۇرۇلـغان بولۇپ، سانجۇ دەرياسـىنىڭ سۈيـى باشلاپ
كېلىنىپ، يېزا دائىرىسىدىكى غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، ئورەك قاتارلىق تۆت
دەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق پۈتۈن يېزىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر سۇغۇرىلىدۇ.

دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىـدۇ. قوشۇمـچە ئورمانچىـلىق، چارۋىـچىـلىق بىلەن شۇغۇللىـنىدۇ.

28685 مو تېرىم يېرى بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 26759 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق. قوشۇمچە مايلىقدان، كېۋەز، قوغۇن-تاۋۇز، بېدە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ. 1985-يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 848 مىڭ جىڭ، پاختا 140 مىڭ جىڭ، مايلىق 238 مىڭ جىڭ، پىلە 33 مىڭ جىڭ، يىل ئاخىرىدىكى چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 13 مىڭ تۇياق بولۇپ، دۆلەتكە 413 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق، 55 مىڭ جىڭ مايلىقدان يەتكۈزۈپ بەردى.



قۇملۇق ۋە بوستانلىق.

هازىر بار بولغان ئورمان كۆلىمى 3184 مو بولۇپ، سۇنئىي ئۇسۇلدا دەرەخ تىكىشنى ئاساس قىلىدۇ. تېرەك، سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرى؛ ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈژمە ھەسەدە ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. 1985-يىلى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىك 153 مو، تارقاق ئورمان 660 مىڭ تۈپ، ئۈزۈمتال 300 مىڭ تۈپ بولدى.

دائىرىسىدە قومۇش كۆپ چىقىدۇ. بورا-سامسقى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق تىببىي دورا ئۆسۈم-لۈكلىرى بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا چوشقا، داۋىغان، تۈلكە ۋە ياۋا ئۆدەك قاتارلىقلار بار.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى قاتارلىقلار بار. ئاپتوموبىلدىن ئىككىسى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 20 سى، قول تراكتوردىن ئالتىسى بار. 1985-يىلى پۈتۈن يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمى 1 مىليون 658 مىڭ يۈەن (يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ 88 مىڭ يۈەن كىرىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 146.23 يۈەندىن كىرىم قىلىندى.

يېزا تەۋەسىدە توققۇز باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى 71 نەپەر، مەكتەپتىكى

ئوقۇغۇچى 1282 نەپەر. قارىمىقىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 143 ئوقۇغۇچى بار. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.6%. بىر دوختۇرلۇق ئۆيى بولۇپ، ئىككى نەپەر تىببىي خادىم ئىشلەيدۇ. يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلغان.

يېزا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ، شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان تاشيول ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قاتناشقا بولىدۇ، قاتناش ئىشلىرى قولاي.

# ئۆلچەملىكناملىرى

## چودا يېزىسى

(«چودا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**ياپامغان كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: سۇلۇقىيار

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمقىدا ئىككى كەنت بار. 196 ئائىلە، 698 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2900 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلەچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. «يايلىغان» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى 8 - دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «يايلىغان دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**سۇلۇقىيار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. 94 ئائىلە، 337 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1250 مو. ئىلگىرىدە بۇ يەردە بىر چوڭ قۇرۇق يار بولغاچقا، بۇ كەنت ئەسلىدە «قۇرۇقىيار» دەپ ئاتالغان. 1951 - يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، دىنىي يۇقۇرى قاتلام زات تۇردى خەلپە بۇ يەرگە كېلىپ: «ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىدۇ، قۇرۇقىيار دېگەننى سۇلۇقىيارغا ئۆزگەرتەيلى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن نامى شۇنداق دەپ ئۆزگەرگەن.

**يايلىغان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 102 ئائىلە، 301 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1550 مو. بۇ يەر ئەسلىدە ماندار كۆپ ئۆسىدىغان، پادا يايلايدىغان جاي بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سېۋەتچاقا كەنت كومىتېتى** تورۇشلۇق ئورنى: سېۋەتچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 178 ئائىلە، 719 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1968 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، ئالما. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى 10 - دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، 1964 - يىلى 5 - دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978 - يىلى سېۋەتچاقا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا

ئۆزگەرتىلگەن.

### سېۋەتچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 99 ئائىلە، 439 نوپۇسى بار تېرىلغۇ يېرى 1310 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما. ئىلگىرى بۇ كەنتتە سېۋەت توقۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىككى ئائىلە كىشى بولۇپ، «سېۋەت» دەپ لەقەم سىڭىپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### تاكىلاڭچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 79 ئائىلە، 280 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 658 مو. مەنىسى: «تاكاللاشقاق». ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىككى كىشى ئۇرۇشقاق بولغاچقا «تاكىلاڭ» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### گولا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: گولا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 219 ئائىلە، 862 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2800 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە چوڭ تراكتوردىن ئىككىسى بار. باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 6-داد۫ۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى گولا داد۫ۇي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### گولا

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەنىسى: «نادانلار». بۇرۇن باشقا يەرلىك يەتتە كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆي سالماقچى بولۇپ، بىر ياقتىن تام سالسا، بىر ياقتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇزۇنغىچە بىر ئېغىزمۇ ئۆي سالالمىغاچقا، «گول-نادان» دېگەن لەقەم سىڭىپ، كېيىنچە «گولا» دېگەن كەنت نامىغا ئۆزگىرىپ قالغان.

### چىڭگىلىك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: چىڭگىلىك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 230 ئائىلە، 889 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 3160 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە چوڭ تراكتوردىن ئىككىسى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 7-داد۫ۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «چىڭگىلىك داد۫ۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### چىڭگىلىك

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇرۇن بۇ يەرلەردە چىڭگىلىك كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا شۇنداق ئاتالغان.

**باشبۇلاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: باشبۇلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 186 ئائىلە، 829 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1346 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، گۈرۈچ، قوغۇن-تاۋۇزمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە چوڭ تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق جايدىكى كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 6-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 25-، 14-دادۈيلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ يەر 14-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978-يىلى «باشبۇلاق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**باشبۇلاق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 155 ئائىلە، 676 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1096 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل. بۇرۇن بۇ يەرلەر سازلىق بولۇپ، كېيىن بۇلاقنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىدە تەدرىجىي كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**كاللەكچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 31 ئائىلە، 156 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 250 مو، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈم، شاپتۇل. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئالا ياۋايىكام ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ بىر ھويلىدا ئولتۇرغان، ئەۋلادلىرىمۇ بىر ئائىلىدە تۇرۇپ بۆلۈنمەي ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**جەينەك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جەينەك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 163 ئائىلە، 670 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2250 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى 16-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 15-دادۈي دېيىلگەن. 1978-يىلى «جەينەك دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**جەينەك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 98 ئائىلە، 411 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1445 مو. بۇ كەنتنىڭ تېرىم يەرلىرى سايلىق بىلەن تۇتاش بولۇپ، جەينەك شەكلىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ساي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 54 ئائىلە، 214 نوپۇسى بار.

تېرىلغۇ يېرى 630 مو. بۇ جاي ئەسلىدە سايلىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### توغرايار

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 11 ئائىلە، 45 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 175 مو. بۇرۇندا كەلكۈن سۇ كېلىپ يار پېچىپ كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### چارباغ كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى: چارباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 174 ئائىلە، 698 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1500 مو. ئاساسى مەھسۇلا-تى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، گۈرۈچ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەنتتە چوڭ تراكتوردىن بىرى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى دادۈي قۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرى-ئاخىر 16-، 17-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978-يىلى «چارباغ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

### چارباغ

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، خۇددى گۈللۈك باغچىغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

### باش چودا كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى: مېچىتئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 144 ئائىلە، 591 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1123 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، شالمۇ تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. «چودا» نىڭ مەنىسى: «چىدا» (چودا يەر بۆلىكى تېكىستىدىكى كېلىش مەنبىئىگە قارالسۇن). 1958-يىلى 18-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978-يىلى «باش چودا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

### مېچىتئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 51 ئائىلە، 212 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 357 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ كەنت بىر مېچىتنىڭ ئالدىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### خانيول

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 47 ئائىلە، 203 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 379 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ كەنت تارىختا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ياسىتىلغان قەشقەر-خوتەن چوڭ يولىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**باشساي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 176 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 387 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ كەنت تاشلىقساي-نىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغ چودا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: بەشباغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 133 ئائىلە، 583 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1340 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، شال. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. كەنتتە چوڭ، كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. «چودا»نىڭ مەنىسى «چىداش»(«چودا» يەر بۆلكىدىكى كېلىش مەنبەسىگە قارالسۇن). چودا يەر بۆلىكىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى 19-دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. كېيىن 19-، 17-دادۈي دەپ ئاتالغان، 1978-يىلى «ئاياغ چودا دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**بەشباغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7.7 كىلومېتر كېلىدۇ. 37 ئائىلە، 156 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 250 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم. دەسلەپتە بەش ئائىلىلىك كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ھەر بىر ئائىلە بىردىن باغ ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قىرباش چاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 8.4 كىلومېتر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 146 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 260 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سېتىللا غوجا دېگەن كىشىنىڭ بېشى قىرلىق بولغاچقا، «قىرباش» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**تۆۋەنچاقا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.9 كىلومېتر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 280 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 830 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ كەنت قوشنا كەنتلەرنىڭ ئاياق تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چودالەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: چودالەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 161 ئائىلە، 624 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1666 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان، ئاز مىقداردا شالدىن ئىبارەت. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. ئۆز تەۋەسىدە چوڭ-كىچىك تراكتوردىن بىردىن بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن

ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 20 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 19 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978 ـ يىلى «لەڭگەر دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1982 ـ يىلى نامىنى «چودالەڭگەر دادۈي» دەپ ئۆزگەرتكەن. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### چودالەڭگەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 44 ئائىلە، 157 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 390 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. «چودا»نىڭ مەنىسى: «چىدا» (چىدا يەر بۆلىكى تېكىستىدىكى كېلىش مەنبىئىگە قارالسۇن). بۇ جاي چودا يېزىسى تەۋەسىدە بولغانلىقى، چوڭ يول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرىدە لەڭگەر قۇرۇلغان بولغانلىقى سەۋەبىدىن، شۇنداق ئاتالغان.

### باغئازما

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 25 ئائىلە، 88 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 421 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ يەردە مەخسۇس باغقا سۇ ئېلىدىغان بىر ئازما بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق ئاتالغان.

### بېدەئېرىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 55 ئائىلە، 217 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 460 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بېدىلىكنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن، كەنت ئاھالىسى بىر ئېرىق چاپقان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### توقاي

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 42 ئائىلە، 162 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 395 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شاپتۇل، ئۆرۈك. بۇ سۆز مەزكۇر كەنت ئاھالىسىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: باشلاقبىنام

### باشلاقبىنام كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 6.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 101 ئائىلە، 445 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2725 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى تىراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 26 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1980 ـ يىلى گۇڭشې باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1982 ـ يىلى «باشلاقبىنام دادۈي»گە ئۆزگەرتىلگەن، 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### باشلاقبىنام

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە قاقاسلىق ئىدى، 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەنت بولۇپ نامى «بىنام» دېيىلگەن. 1980 ـ يىلى باش

بۇلاق دادۇيىنىڭ بىر شياۋدۇيى بىلەن قوشۇلۇپ دادۇي تەشكىللىنىپ، ئىككىسىنىڭ نامىنى قوشۇپ «باشلاقبىنام دادۇي» دەپ ئاتىغان. كېيىن كەنت نامى قىلىنغان.

**پەغەزتوغراق دېھقانچىلىق مەيدان** تۇرۇشلۇق ئورنى: پەغەزتوغراق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.3 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 143 ئائىلە، 579 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1789 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. يەنە قوغۇن- تاۋۇزمۇ چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1959 - يىلى قۇرۇلغان. 1976 - يىلى ناھىيە باشقۇرغان «زىيالىي ياشلار نۇقتىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1980 - يىلى زىيالىي ياشلار نۇقتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن «پەغەزتوغراق دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

**پەغەزتوغراق چارۋىچىلىق مەيدان** تۇرۇشلۇق ئورنى پەغەزتوغراق


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 20 ئائىلە، 78 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 427 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بېدىلىك يەر 125 مو، ئوتلاق 100 مو. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ- كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 765 تۇياق. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدانلار بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ چارۋىچىلىق مەيدانى 1980 - يىلى قۇرۇلغان.

**پەغەزتوغراق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 94 ئائىلە، 394 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1282 مو. بۇرۇن بۇ يەرلىك بىر ئادەم توغراقتا پەغەز ئورناتقان ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ياركەنت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 49 ئائىلە، 185 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 507 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. بۇرۇندا بۇ يەرنى كەلكۈن سۇ كېلىپ چوڭقۇر بىر يار پەيدا قىلغان، كېيىن يارنىڭ بويىدا كەنت شەكىللەنگەنلىكتىن، شۇنداق ئاتالغان.




پىيالما يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى

# پىيالما يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 99.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە قاراقاش ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، غەربتە زاۋۇي يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا مەكىت ناھىيىسىگە ئۇلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىدا توختايدۇ. شەرقتىن غەربكىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 18 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 240 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 4320 كۋادرات كىلومېتىر. گۇما ناھىيىسىگە تەۋە. قارمىقىدا ئۈچ كەنت كومىتېتى، 12 تەبىئىي كەنت، بىر يېزا باشقۇرغان مەيدان بار. 1618 ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 4159. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تاۋۇزئۆستەڭ كەنتىدە.

«پىيالما» دېگەن بۇ ئىسىم «پىر ئالمىغان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئازادلىقتىن كېيىن 7-رايوننىڭ پىيالما يېزىسى بولغان. 1958-يىلى شىنخۇ خەلق گۇڭشېسىنىڭ پىيالما باشقۇرۇش رايونى بولغان. 1984-يىلى 10-ئايدا يېزا بىلەن گۇڭشې ئايرىلىپ تەسىس قىلىنغاندا زاۋۇي گۇڭشېدىن ئايرىلىپ چىقىپ يېزا بولۇپ قۇرۇلغان.

مەزكۇر يېزىنىڭ شىمالى تارىم ئويمانلىقى، جەنۇبى چاكۇ — قاغىلىق تاشيولى بولۇپ، تۈز ئەتراپىنى دەشت ئوراپ تۇرىدۇ. قۇملۇق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ھاۋا كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات بولۇپ، قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6°C، ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرى (7-ئايدا) 24.9°C، ئەڭ سوغۇق كۈنلىرى (1-ئايدا) -6°C بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 215 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران، ئۈششۈك ۋە قۇرۇت ئاپىتىدىن ئىبارەت.

يېزا دائىرىسىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.6 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 7 مېتىر بولۇپ، دۇۋا دەرياسىدىن شورلۇق سۇ ئامبىرىغا چۈشكەن سۇنى باشلاپ ئەكېلىپ پۈتۈن يېزىدىكى 12 مىڭ 400 مو يەرنى سۇغۇرىدۇ. يەرلىرى قۇم تۇپراقلىق بولۇپ، بىر قەدەر ئۈنۈملۈك. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا ۋە پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. قوشۇمچە قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، ئوتياش، بېدە قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ. 1985-يىلىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 11795 مو بولۇپ، 1 مىليون 886 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 82 مىڭ جىڭ پاختا، 62 مىڭ جىڭ مايلىقدان ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 205 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى. چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئات، تۆگە، ئېشەك

قاتارلىقلار بار. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چوڭ-كىچىك چارۋا 9226 تۇياق بولدى.



ئېچىش.

ئورمانچىلىقتا سۈنئىي ئورماننى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە ۋە ئۈژمە، ياڭاق، ئۆرۈك قاتارلىقلارنى تىكىدۇ. ئانار كۆپ چىقىدۇ. 1985-يىلى سېلىنغان كۆچەتلىك كۆلىمى 66 مو، سېلىنغان تارقاق ئورمان 116 مىڭ تۈپ، بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1045 مو بولدى. 1985-يىلى يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن ئومۇمىي كىرىم 826 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 106.89 يۈەن بولدى. يېزا باشقۇرغان كارخانىلار ئەندىلا ئىش باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كەلگەن كىرىم 52 مىڭ يۈەن بولدى.

پۈتۈن يېزىدا بەش باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى 27 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 610 نەپەر. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، 25 كېسەل كارىۋىتى بار، تىببىي خادىملىرى ئىككى نەپەر، كەنت كومىتېتلىرىدا ئىككى نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار.

يېزا دائىرىسىدە «ساچقانلىق ئىبادەتخانا» قەدىمكى شەھىرى خارابىسى بىلەن «قۇمات پاششىيىم» خارابىسى بار بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي ئاسارەتىقە ئورۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

**پىيالما يېزىسى**

(«پىيالما يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قاراڭ)

**پىيالمائۆتەڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: تاۋۇزئۆستەڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، تۆزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 425 ئائىلە، 1664 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4437 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان بولۇپ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، چوڭ-كىچىك تۆت تراكتور بار. باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئانار. تارىختا بۇ يەر قەدىمكى «پىيالما كەنتى»گە تەۋە، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىگە بارىدىغان خانيولدىكى ئۆتكەل بولۇپ، ئۆتەڭ قۇرۇلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

1985-يىلى زاڭگۇي گۇڭشې پىيالما باشقۇرۇش رايونىنىڭ 3-دادۈيى بولغان. 1968-يىلى زاڭگۇي گۇڭشې 14-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى «پىيالمائۆتەڭ دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتكە ئۆزگەرتىلگەن.

**تاۋۇزئۆستەڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەم كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، 86 ئائىلە، 380 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 915 مو. بۇ يەردە بىر چوڭقۇر ئۆستەڭ بولۇپ، كىشىلەر بۇرۇن ئۇنىڭ بويلىرىغا تاۋۇز تېرىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆتەڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 84 ئائىلە، 334 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 964 مو. بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىگە بارىدىغان خانيولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، تارىختا ئۆتەڭ قۇرۇلغان جاي بولۇپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**بازارئېرىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ. 84 ئائىلە، 330 نوپۇسى بار. تېرىلغو يېرى 786 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر پىيالما بازىرىغا بارىدىغان ئېرىقنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**دەڭبويى ئۆستەڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 86 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 994 مو. دەسلەپتە بۇ يەردىكى بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا دەڭ سېلىنغان، كېيىنچە بارا-بارا كەنت ھاسىل بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغكەنت**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 81 ئائىلە، 300 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 778 مو. بۇ يەر پىيالمائۆتەڭ كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**جايتاش كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: جايتاش

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قاردەمىقىدا ئىككى كەنت بار. 118 ئائىلە، 447 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2103 مو، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان چىقىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى پىيالما باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1-دادۈيى بولغان. 1968-يىلى زاڭگۈي گوڭشې 12-دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978-يىلى «جايتاش دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

**جايتاش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 57 ئائىلە، 219 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 492 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر تاشلىق سايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يۇقارقىمەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 61 ئائىلە، 228 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 578 مو. بۇ يەر جايتاش كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق نام بېرىلگەن.

**لەڭگەركۆل كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: هويلاكۆل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارمىقىدا بەش كەنت بار. 413 ئائىلە، 1678 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 4392 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئاپتوموبىل، چوڭ-كىچىك تۆت تراكتور بار. ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ بار.

بۇ يەر يول بويى بولۇپ، بۇرۇندا بىر كۆل بولغان. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر توختاپ دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى پىيالما باشقۇرۇش رايونىنىڭ 2-دادۈيى

بولغان. 1968 ـ يىلى زاڭگوي گوڭشې 13 ـ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978 ـ يىلى «لەڭگەركۆل دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىيالما يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ھويلاكۆل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 83 ئائىلە، 330 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 827 مو. بۇرۇندا بىر يەرلىك ئەمەلدار بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ھويلىسىنىڭ قېشىدا ئىككى چوڭ كۆل بولغان، كېيىنچە بۇ يەرلەردە كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### تۆگمەنبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 296 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 863 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر بىر تۆگمەننىڭ قېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قاتىراڭئالدى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 82 ئائىلە، 329 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 870 مو. بۇ يەردە 1960 ـ يىلى كەنت قۇرۇلغان بولۇپ، قاقاس دالانىڭ بويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### قۇمبويى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 83 ئائىلە، 339 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 894 مو. بۇ كەنت قۇملۇقنىڭ بويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاراجاڭگال


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 84 ئائىلە، 384 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 893 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇرۇن بۇ يەر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە چۆپلۈك بولۇپ، كېيىن ئادەم كېلىپ مال بېقىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### قاتاردۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. 37 ئائىلە، 157 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 265 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن ـ تاۋۇز. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قاتار كەتكەن دۆڭلۈك جاي بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1972 ـ يىلى شىڭفۇ گوڭشېسى دۆۋا كەنتىدىن بۇ يەرگە ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىپ بىنەم ئېچىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغان.

**كونا قارايار** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر كېلىدۇ. دۇۋا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا، ئادەم ئولتۇرمايدۇ. تېرىلغۇ يېرى 110 مو، بۇغداي تېرىلىدۇ، ئەتىيازدا تېرىپ كۈزدە يىغىۋالىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە چوڭقۇر يارلار كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.



باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:250000
باشلەڭگەر
پىشنا يېزىسى
قوشتاغ دەرياسى
ساۋان
توقاي
سازام
توڭگۇزجاقا
چالمىلىق
لەڭگەر
كۆزام
سۆتبۇلاق
داختاكۆۋرۈك
بەسبويۇن
دوڭكۆل
دارەك
پىنى
چوقاباش
قاغىلىق
قوغۇنئېغىل
تۇغراقئېغىل
دۆۋچەك
جايداۋان
كەڭەز
بويۇنئېغىل
كاچۇك
شۇمۇلاق
توڭگۇزئېغىل
قاراكىچىك
بوغۇساقئېغىل
تۆزئېغىل
سېمىزقىراغ
ياۋدىستان
قازناق
ئاتلوغ
قاراتاش ئېغىل
تۇزلا
تۇزلاداۋان
قۇۋاش
چۈيىنەكيار
لەڭگەر كۆلىشى
قوشتاغ يولئېغىزى
تۇغراكۆۋرۈك
1:250000

# باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 47.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغ ئالدى رايونىدىكى تار ئۇزۇنچاق جىلغا ۋادىسىغا جايلاشقان. شەرقتە پېشنا يېزىسى بىلەن، غەربتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بىلەن، جەنۇبتا ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 23 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 137.7 كۋادرات كىلومېتىر. قارىمىقىدا بەش كەنت كومىتېتى، 16 تەبىئىي كەنت بار. 697 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 3335. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى لەڭگەر كەنتىدە.

بۇ يېزا ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن «باشلەڭگەر يېزا» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن 8-رايونغا تەۋە بولغان. 1958-يىلى يۈچېن خەلق گۇڭشېسىنىڭ باشلەڭگەر باشقۇرۇش رايونى بولغان. 1981-يىلى پېشنا گۇڭشېگە تەۋە بولغان. 1984-يىلى 10-ئايدا يېزا بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ تەسىس قىلغاندا بۆلۈنۈپ چىقىپ باشلەڭگەر يېزا قىلىپ تەسىس قىلىنغان.

بۇ يېزىنىڭ غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىدە قات-قات تاغلار سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. شەرق، شىمال ئىككى تەرىپى پەس تاغلىق رايوننىڭ يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما لاتقىلىق چۆل-تاشلىق ۋادىسى. يەر تۈزلۈكى ئويمان. شىمالغا قاراپ سەل پەسىيىپ بارىدۇ، بىر قەدەر تۈزلەڭ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قولاي. ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.3°C، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7-ئايدا) 22°C، ئەڭ سوغۇق بولغاندا (1-ئايدا) ‎-7.8°C‏ بولىدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 180 كۈن ئەتراپىدا. ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت-ئۈششۈك.

ئىقتىسادىي جەھەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىم يەر كۆلىمى 23129 مو بولۇپ، قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر. قوشۇمچە بېدە تېرىيدۇ. 1985-يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ مو بولۇپ، 2 مىليون 720 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 86 مىڭ جىڭ مايلىقدان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 11 مىڭ تۇياق بولدى. دۆلەتكە 384 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق، 144 مىڭ جىڭ مايلىقدان يەتكۈزۈپ بەردى.

ئورمانچىلىقتا سۈنئىي ئورماننى ئاساس قىلىدۇ. يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان كۆلىمى 1603 مو.

تېرەك، سۆگەت، جىگدە ھەمدە ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىقلارنى تىكىدۇ. 1985 ـ يىلى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلىك 180 مو، تارقاق ئورمان 142 مىڭ تۈپ. يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن ئومۇمىي كىرىم 688 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 146.66 يۈەن.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، گۈڭگۈرت كان قاتارلىقلار بار. ئاپتوموبىلدىن بىرى، چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن ئونى، قول تراكتوردىن ئۈچى، سەييارە ئىدىن 12 سى بار. 1985 ـ يىلى يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 39 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزىدا بىر دوختۇرخانا قۇرۇلغان بولۇپ، 15 كېسەل كارىۋىتى، ئۈچ نەپەر تىببىي خادىم، بىر نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى 22 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 537 نەپەر. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90.7% گە يەتكەن.

يېزىغا شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان ئاددى تاشيول پىشنا يېزىسىنىڭ تاشيولىغا ئۇلانغان بولۇپ، چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىغا تۇتىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

**باشلەڭگەر يېزىسى**

(«باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**باشلەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: لەڭگەر

تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 112 ئائىلە، 503 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 5920 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراكتوردىن تۆتى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك. لەڭگەر يەر بۆلكىنىڭ باش تەرىپىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى يۇېجىن گۇڭشېنىڭ 11-دادۈيى بولغان، 1978-يىلى «باشلەڭگەر دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1981-يىلى پىشنا گۇڭشېگە ئايرىپ بېرىلگەن (شۇ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ توغراكۆۋرۈك دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**لەڭگەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. 48 ئائىلە، 261 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 3223 مو. ئىلگىرىدە بۇ جاي مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، لەڭگەر قۇرۇلغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ساغان**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 64 ئائىلە، 242 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 2730 مو.

**سازام كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭقۇرچاقا

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 207 ئائىلە، 1028 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 5143 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. مەنىسى: «سوزۇنچاق». بۇ كەنت ئۇزۇنچاق سوزۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «سوزلام» دېيىلىپ، كېيىن «سازام»غا ئۆزگىرىپ قالغان. 1958-يىلى يۇېجىن گۇڭشېنىڭ 16-دادۈيى بولغان، 1978-يىلى «سازام دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1981-يىلى پىشنا گۇڭشېگە تەۋە قىلىنغان (شۇ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ توقاي دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان). 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ باشلەڭگەرگە تەۋە قىلىنغان.

**چوڭقۇر چاقا**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1645 مو. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چالمىلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتـنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 40 ئائىلە، 186 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 835 مو. بۇ يەرنىڭ تۇپرىـقى سېغىزلىـق بولۇپ چالـما تولا بولغاچـقا، شۇنـداق ئاتالـغان.

**توڭـگۇز چاقا**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 39 ئائىلە، 224 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 870 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان موللا شېرىپ دېگەن كىـشى ئۇسسۇلغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ياۋا توڭگۇزدەك قالايمىقان سەكرەيدىغانـلىقى ئۈچۈن «توڭگۇز» دېگەن لەقەم سىڭىپ قېلىپ، كېيىنچە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**يارباغ**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 298 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1236 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ جايدا ئەسلىـدە بىر چوڭقۇر يار بولۇپ، كىشلەر يارنىڭ ياقىسىدا مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ كەنت پەيدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**توقاي كەنت كومىتېتى** تۈرۈشلۇق ئورنى: جىگدىلىك

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قاردىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 82 ئائىلە، 362 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1000 مو. ئاساسلىق مەھسـۇلاتى بۇغداي، كۆممىـقوناق، مايـلىقدان. قوشۇمـچە ئورمانـچىـلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر تراكتور بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئالاھىـدە مەھسۇلاتى جىگدە. توقاي كەنتىنىڭ نامـى بىلەن ئاتالـغان. 1981-يىـلى سازام دادۇيـدىن بۆلۈنۈپ چىـقىـپ «توقاي دادۇي» بولۇپ قۇرۇلـغان. 1985-يىلـىنىڭ بېشـىدا كەنـت كومـىتېتـىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**جىگدىلىك**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 32 ئائىلە، 134 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 439 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى جىگدە. كىشلەر بۇ يەرگە كۆپ جىگدە تىكىپ ئورمان قىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تـوقاي**

يېزىلىق ھۆكۈمەتـنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 36 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 476 مو. بۇ كەنتتىكى يول ئەگرى-توقاي بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يۇلچۇڭ**

يېزىـلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.8 كىلومېتـىر كېلـىدۇ. 14 ئائـىلە، 62 ئادەم بار.

تېرىلغۇ يېرى 85 مو. مەنىسى: «يولى چوڭ». كەنتتە سۇلتان ۋەئىس قەدان دېگەن ئۇلۇغ زاتنىڭ مازىرى بولۇپ، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان تاۋاپچىلار كۆپ بولغاچقا كەڭ يول ئېچىلىپ، شۇنداق ئاتالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: توغراكۆۋرۈك

### توغراكۆۋرۈك كەنت كومىتېتى

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 97 ئائىلە، 448 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 5769 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تراكتوردىن بىرى بار. ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1981-يىلى باشلەڭگەر دادۈيدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ «توغراكۆۋرۈك دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### توغراكۆۋرۈك

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 46 ئائىلە، 235 نوپۇسى بار تېرىلغۇ يېرى 2866 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇرۇن ھەسەن بۇغراخاننىڭ توغقانلىرى بۇ يەردە ئېرىق چېپىپ يەر ئاچقان. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئېرىققا كۆۋرۈك سالغان. كېيىن بارا-بارا كەنت ھاسىل بولۇپ ئادەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، شۇنداق نام ئالغان.

### ئېقىن

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 131 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1925 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر ئېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قېشىغا ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ھەسەنپاششىيىم

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 8.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. 21 ئائىلە، 82 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 978 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇرۇندا ھەسەن پاششىيىم دېگەن كىشى بۇ يەرگە ئىسلام ئاچقىلى كەلگەندە قەستكە ئۇچراپ، مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى كەنتكە نام قىلىپ قويۇلغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاراقىغۇتوغراق

### ئويتوغراق كەنت كومىتېتى

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 14.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار. 201 ئائىلە، 1003 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 5680 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تراكتوردىن بىرى بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يەر جىلغا ئىچىگە جايلاشقان، توغراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى يۈيجىن گۇڭشېنىڭ 12-دادۈيى بولغان. 1978-يىلى «ئويتوغراق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

1981 ـ يىلى پىشنا گۇڭشېگە تەۋە قىلىنغان. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلەڭگەرگە تەۋە قىلىنغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**قاراڭغۇتوغراق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 14.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 357 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1134 مو. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، ئۇنىڭ ياقىسى كۆن چۈشمەيدىغان بۆك ـ باراقسان توغراقلىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سېرىقلىق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 14.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 21 ئائىلە، 121 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1731 مو. بۇ كەنتنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى سېرىق تۈپىلىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**جەينەكيار**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 15.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 142 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 695 مو. بۇرۇن كەلكۈن سۇ كېلىپ بۇ يەردە جەينەكسىمان ئەگرى بىر جىلغا ھاسىل قىلىپ قويغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەن بولغاچقا، يەر شارائىتىگە قاراپ شۇنداق نام بېرىلگەن.

**لەڭگەر كۆلبېشى**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 12.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 80 ئائىلە، 383 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1520 مو. بۇ كەنت لەڭگەر كەنتىدىكى بىر كۆلنىڭ يۇقىرىسىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قۇباش** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 26.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەچكە، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى 1985 ـ يىلى كۆچۈپ كەتكەن. تېرىلغۇ يېرى 700 مو، مەنىسى: «پۇچەك باشاق». كۆپىنچە ھاللاردا بۇ جايدا بۇغداي باش چىقارغان چاغدا سۇ كەلمەي قېلىپ، باشاقلار دان تۇتالماي پۇچەك بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئويتوغراق كەنت كومىتېتىغا قاراشلىق.

**قوشتاغ يولئېغىزى** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 6.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. تېرىلغۇ يېرى 600 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، پۇرچاق. بۇ جاي قوشتاغقا بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئويتوغراق كەنت كومىتېتىغا قارايدۇ.

**شۇمۇلاڭ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. مەنىسى:

«شۇمـلۇق جاي». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر داۋاننىڭ ئۈستىدە بولۇپ، يوللىرى خەتەرلىك، بۇ كەمچىل، داۋاملىق بۇ يەردە ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. باشلەڭگەر يېزىسىغا قارايدۇ.

**شىغىچى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 18.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 1200 مو، مال سىغىمچانلىقى 1200 قويلۇق. مەنىسى: «ئۇششاق شېغىللىق يەر». بۇ جايدا تاغدىن چۈشكەن كەلكۈن سۇ بىلەن كېلىپ يىغىلىپ قالغان ئۇششاق شېغىللار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن «شىغىلچى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن بۇ سۆزدە ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ «شىغىچى» بولۇپ قالغان. قوشتاغ يېزىسىنىڭ كىلياڭ، دۆڭكۆل، ئاقچىغ كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**توغراقئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاقتىكى ئېغىللار توغرىسىغا قاتار سېلىنغان بولغاچقا «توغرا ئېغىل» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئۆزگىرىپ «توغراقئېغىل» بولۇپ قالغان. كەڭەز كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دۆۋىچەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاقتا دۆڭلەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. قوشتاغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنچاقا ۋە يۇلغۇنجاي كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**مارەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 1200 مو، مال سىغىمچانلىقى 1200 قويلۇق. مەنىسى: «مۇبارەك». چارۋىلار بۇ يايلاققا ئېلىپ كېلىنىپ بېقىلغاندىن كېيىن ھەممىسى سەمرىپ كېتىپ، مالچىلار بىر-بىرىنى تەبرىكلىگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. قوشتاغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنچاقا ۋە دۆڭكۆل كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**پەسبويۇن** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 900 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يەر بىر تاغ جىلغىسىنىڭ ئاستىنى بولۇپ، شەكلى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. قوشتاغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنچاقا ۋە يۇلغۇنجاي، كىلياڭ كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئەككېزەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان،

قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ يەردە شەكلى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى دۆڭ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى قوشكېزەككە ئوخشىتىپ شۇنداق ئاتىغان. قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئاقچىغ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دىڭگۇزئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32.9 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاقتا ياۋا توڭگۇز كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قوغۇشئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 22.4 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. كىلياڭ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كىچىك ئايكۇنەس** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يەر تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ يەر شەكلى يېرىم ئاي شەكلىدىك بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. كەگەز كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كىلياڭ بويۇنئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ يەر تۆگىنىڭ بويۇنى شەكلىدە بولۇپ، كىلياڭغا تەۋە بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قارايۇمىلاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10.9 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 375 مو، مال سىغىمچانلىقى 250 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بولۇپ، خۇددى قارا يۇمىلاق ئېغىلدەك تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. باشلەڭگەر كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئېگىزقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 17.7 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 225 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر ئېگىزرەك قىرنىڭ يېنىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. باشلەڭگەر كەنت كومىتېتىگە قاراشلىق.

**پەسلىك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16.6 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ ئورنى ئويمان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. باشلەڭگەر كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ

پايدىلىنىدۇ.

**قىشاۋاقسىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى غەرب تەرەپتىكى قىردا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئۈيتوغراق كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سازامقىر** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.1 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سازام كەنتىنىڭ قېشىدىكى قىردا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سازام كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.


**بوغۇساقئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 35.7 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. كەگەز كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.


ناۋئابات تاجىك يېزىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىسى
1:250000

# ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى 68.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمال تەرىپى قوشتاغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى پاكىستان بىلەن چېگرىداش، غەرب تەرىپى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرق تەرىپى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 30 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر مەيدانى تەخمىنەن 6000 كۋادرات كىلومېتىر. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت كومىتېتى، توققۇز تەبىئىي كەنت بار. نوپۇسى 694 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 652، ئۇيغۇرلار 42. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قاتلىش كەنتىدە.



خۇشاللىققا چۆمۈلگەن تاغ جىلغىسى.

رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، 300 يىلنىڭ ئالدىدا بىر تاجىك قەبىلىسى سىرتتىن بۇ يەرلەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئولتۇراقلىشىش ھالىتىگە ئۆتۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋاتلاشقان كەنت ھاسىل قىلغاچقا،

شۇنداق ئاتالغان ئىكەن. «ناۋ ئابات» تاجىكچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «يېڭى ئاۋات» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق، ئىجتىمائىي ئالاقىلاردا تاجىكچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلنى قوللىنىدۇ. يازغاندا ئۇيغۇرچە يېزىق ئىشلىتىدۇ. 1974-يىلى 3-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن «ناۋئابات تاجىك مۇختارىيات يېزىسى» قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئاقشور، كەگەز، بۇچۇڭ ئۈچ كەنت بولۇپ، 2-رايونغا قاراشلىق بولغان. 1958-يىلى يۇپىجىن گۇڭشېگە قاراشلىق 23-، 24-دادۈي بولغان، 1985-يىلى يېزا بىلەن گۇڭشې ئايرىلغاندا ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزا قىلىپ تەسىس قىلىنغان.

بۇ يېزا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000~2400 مېتىر بولغان تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، هاۋاسى سوغۇق، هۆل-يېغىن مىقدارى كۆپ، سۇ مەنبەسى تولۇق. ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى كەگەز، ئاقشور دەريالىرىدا دەريانى توسۇپ سېلىنغان سۇ ئامبارلىرى بار. كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بىرى بار. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى قوي، كالا، تۆگە، ئات، ئېشەك، قوتاز باقىدۇ. 68 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئارتۇق، شاپ، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى بار. مال سىغىمچانلىقى 6 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. قوشۇمچە دېهقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېهقانچىلىقتا بۇغداي، ئارپا، مايلىقدان، پۇرچاق قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 11 مىڭ تۇياق، ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 117 مىڭ جىڭ، مايلىقدان 6200 جىڭ بولدى.

ئورمانچىلىقتا ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە تىكىلىدۇ. تاغدا كۆئىنلۈن ئارچىسى، تاغ سۆگىتى، ياۋا ئالما بار.

يېزا دائىرىسىدە ياۋايى هايۋاناتلاردىن بۆرە، تۈلكە ۋە ئۇلا، كەكلىك، قارچۇغا قاتارلىق ياۋا قۇشلار بار. تاغ ئىچىدە تىببىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ بولۇپ، قانتېپەر، رەۋەن، سانا قاتارلىقلار بار.

يېزىدا تراكتور، دىنام، سەييوجى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بار. ئۆز دائىرىسى ئىچىدە خوتەن ۋىلايەتلىك كىلياڭ سۇرايى پونكىتى تۇرۇشلۇق. بىر ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى بار. ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 110 نەپەر، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 81.2%. مەدەنىيەت پونكىتى، تەمىنات-سودا نۇقتىسى قاتارلىق مەدەنىيەت، تۇرمۇش مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلغان.

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىكى ئادىدىي شېغىل تاشيول قوشتاغ يېزىسىنىڭ تاشيولىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ناهىيە شەهىرىگە قاتناشقا بولىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملىرى

**ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى**

(«ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قاراڭسۇن)

**كەگەز كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: قاتلىش

تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 109 ئائىلە، 383 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 106 ئائىلە، نوپۇسى 376؛ ئۇيغۇرلار ئۈچ ئائىلە، نوپۇسى يەتتە. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1487 مو بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق قارلىقلار چىقىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئېشەك، ئات، كالا، قوتاز، تۆگە قاتارلىقلار بار. 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوتاندىكى چارۋا سانى 5606 تۇياق بولدى. كەنتتە ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ بار. چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە تەمىنلەش ـ سودا كوپېراتىپ قۇرۇلغان. كەگەز كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 7 ـ باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 ـ دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان، 1976 ـ يىلى يۈيجىن گۇڭشې 22 ـ دادۈي بولغان، 1978 ـ يىلى «كەگەز دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**قاتلىش**

يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. 44 ئائىلە، 166 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 41 ئائىلە، 159 كىشى، ئۇيغۇرلار ئۈچ ئائىلە، يەتتە كىشى. تېرىلغۇ يېرى 620 مو. 1985 يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 2738 تۇياق. بۇ كەنت كەگەز دەرياسى بىلەن ئاقشور دەرياسىنىڭ قېتىلىدىغان يېرىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تۆزئېغىل**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12 كىلومېتر كېلىدۇ. 48 ئائىلە، 154 نەپەر تاجىك ئاھالىسى بار. تېرىلغۇ يېرى 597 مو. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا سانى 2868 تۇياق. بۇ كەنتنىڭ ئورنى تۈزلەڭ، قوتانلىرى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كەگەز**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 4 كىلومېتر كېلىدۇ. 11 ئائىلە، 42 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىكلار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 170 مو. بۇنىڭ ئىچىدە بېدە يېرى 130 مو. مەنىسى: «ئۆزى كەڭ، يېرى ئاز». بۇ يەر كەڭ تاغلىق رايون بولۇپ، يەر كۆلىمى ئاز ھەم تارقاق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### بىلاۋۇز

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالتە ئائىلە، 21 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىكلار. تېرىلغۇ يېرى 50 مو. مەنىسى: «بۆلەك ئوتلاق»، بۇ يەر ئەسلى بىر يايلاق بولۇپ، كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاقشور كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: سېرىقتاش

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 16.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 62 ئائىلە، 235 نوپۇسلۇق تاجىك ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1795 مو. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئارپا، يازغى بۇغداي، مايلىقدان قاتارلىقلار چىقىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 3854 تۇياق. تەخمىنەن 300 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەر شورلۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى يۈيجىن گۇڭشې 7-باشقۇرۇش رايونىنىڭ 2-دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 24-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978-يىلى «ئاقشور دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن (شۇ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ «بۇچۇڭ دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان).

### سېرىقتاش

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 16.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. 30 ئائىلە، 107 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىكلار. تېرىلغۇ يېرى 503 مو. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چوڭ-كىچىك چارۋا سانى 2004 تۇياق. بۇ كەنت بىر سېرىق ئۆيۈلتاشنىڭ قېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قارائېغىل

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 15.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 26 ئائىلە، 98 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىكلار. تېرىلغۇ يېرى 496 مو. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوتاندىكى چوڭ-كىچىك چارۋا سانى 1850 تۇياق. بۇ يەردە بىر قارا ئۆكتۈر بولۇپ، ئۇ مال ئېغىلى قىلىنغان، كېيىن بۇ ئەتراپتا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق نام ئالغان.

### تارلاغ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 22 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 17 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىكلار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 300 مو. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تار، ئوت-چۆپلىرى بولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**يۇتقۇلۇق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 13 نوپۇسى بار بولۇپ، ھەممىسى تاجىك. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 40 مو. تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يوللىرى خەتەرلىك، ئادەم ۋە ئۇلاغلار ئاسان خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**بۇچۇڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇۋشلۇق ئورنى: بۇچۇڭ

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 26 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 26 ئائىلە، 103 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 23 ئائىلە، 86 كىشى، ئۇيغۇرلار ئۈچ ئائىلە 17 كىشى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 544 مو. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئارپا، بۇغداي، پۇرچاق قاتارلىقلار چىقىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئېشەك، ئات، كالا، قوتاز، تۆگىلەرمۇ بار. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چوڭ-كىچىك چارۋا سانى 1835 تۇياق. تۇرۇۋشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1985-يىلى ئاقشور كەنت كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بۇچۇڭ كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

**بۇچۇڭ**

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. تاجىكچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «بوستانلىق». تەخمىنەن مىلادىيە 1650-يىللىرىدا كەنت پەيدا بولغان. بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت-چۆپلىرى مول، تاغلىرىدا ئارچا دەرەخلىرى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قاراداش ئېغىزى** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. دېھقانچىلىق مەۋسۇملىرىدا ئادەم بېرىپ تېرىيدۇ ۋە يىغىۋالىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 30 مو. ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. بۇ يەر كەگەز دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەرقايسى چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغا بارىدىغان يولنىڭ ئاغزى ھەم ئەتراپىدىكى تاغ تاشلىرى قارا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. كەگەز كەنت كومىتېتىغا تەۋە.

**سېرىقئۆرۈك** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاقشور دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. بىر ئائىلىك تۆت نەپەر تاجىك ئولتۇرۇشلۇق. تېرىلغۇ يېرى 60 مو. بېدە، بۇغداي، پۇرچاق تېرىيدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، ئۆرۈك سارغىيىپلا پىشمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتىغا تەۋە.

**قازناق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرغان پېتىنقى جاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەر تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ

باشقۇرۇشىدا.

**قاراكېچىك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. كەڭەز دەرياسىنىڭ ئېكىكى قېشىدا. قىشلىق يايلاق. 2 ئائىلە، 8 كىشى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ھەممىسى تاجىك. 32 مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇغداي، ئارپا تېرىلىدۇ. يايلاق كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 900 قويلۇق. بۇ يەر كەڭەز دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپىنىڭ ئورنى ئېگىز بولۇپ، چۈش ۋاقتىدا كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ ھەمدە يايلاقا يۆتكەيدىغان قوي پادىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىش ۋە ياندۇرۇپ چۈشۈشتە مۇشۇ سۇدىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**جانكەش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چال كۆپ بولۇپ، چالدىن ئۆچۈپ كېتىپ ئۆلگەن چارۋىلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكى 19 ئورۇننى كەڭەز كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قاراداش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 750 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چال كۆپ، تاشلىرى قارا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**بويۇنئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيالىقنىڭ شەكلى بويۇنغا ئوخشاش سوزۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئايكۈنەس** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىزرەك بولۇپ، ئاي چىققاندا يايلاقنى ئۇدۇل يورۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**يايلاقئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 15.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاق ئوچۇقچىلىق، كەڭ بولۇپ، ئېغىللىرى ھەر تەرەپتە تارىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان

**قاراداش ئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، تاشلىرى قارا، ئېغىلغا ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق

ئاتالغان.

شاپلىق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 16.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ يەردە شاپ كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

يىلبويۇن (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 17.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى «يىلقا بويۇن». يايلاقتا يىلقا، ئېگىز تىك تاش بولۇپ، شەكلى بويۇنغا ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن يىلقا بويان دەپ ئاتالغان، كېيىنچە بۇ سۆز «يىلبويۇن»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

چولپانئېغىل (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ قېشىدا بىر تاغ چوققىسى بولۇپ، كەچلىكى بۇ يەردىن قارىغاندا چولپان يۇلتۇزى خۇددى مۇشۇ چوققىدىن چىققاندەك كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

ئېشەككۆچتى (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇرۇندا بىر پادىچى ئېشەككە يۈك ئارتىپ ماڭغاندا بۇ يەردىن ئۆچۈپ كېتىپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

مازارجىلغا (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، جىلغىنىڭ ئېگىزدىكى قاپتالدا مازار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

يۇڭىيايلاق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 40.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، قوي يۇڭى كۆپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

چۇمبۇل (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

ياۋستان (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25.4 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى «ياۋا پىيازلىق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ سۇ مەنبەسى، ھاۋاسى ياخشى بولۇپ، ياۋا پىياز كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**يەشمىش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 26 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يار-چاللىرى كۆپ. ئېقىن سۈيى بار. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق مەنىسى: «ئات باقىدىغان يايلاق» (تاجىكچە). بۇ يايلاق جىلغا ئىچىگە جايلاشقان، كىرىپ-چىقىدىغان جايى بار بولۇپ، ئاقتىكەن بىلەن جىلغىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتلارنى خەتەرسىز باققىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**توزلا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 750 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**سېرىقئارت** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 30.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سېرىق تۆپىلىكتە بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كەگەز تىبەتيايلاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 15.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**توگاز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 44.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر تەرىپى تىك قىيالىق، غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى «سازلىق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سازلىق جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چىغلىقئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 16.1 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ جايدا چىغ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتىدىن پايدىلىنىدۇ.

**قەلەمپۇ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 19.6 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان.

يازلىق يايلاق، كۆلىمى 100 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ياۋا قەلەمپۇ كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**قۇراملىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 20.6 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا قۇرام تاش تولا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**خودەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 47.5 كىلومېتر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**غىزىز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 40.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. سۇ مەنبەسى شارائىتى ياخشى. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**يالقان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 24.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى «ئالقان». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ قېشىدا بىر تاغ ئۆككۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ دىۋارىدا قولنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدىغان ئىز بولغاچقا «ئالقان» دېيىلىپ، كېيىن «يالقان»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**ماندارلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 22.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ جايدا ماندار بەك ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**كىچىكيايلاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 23.9 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىككى قىيانىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، كۆلىمى كىچىكرەك بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**دالۇك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 35.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 1500 مو، مال سىغىمچانلىقى 1500 قويلۇق. جىلغىسىدا داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**ئاتلۇغ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 27.4 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق ياپلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. مەنىسى «ئات باقىدىغان ياپلاق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئات بېقىشقا ئەپلىك بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

**بۇچۇڭ سېرىقئارت** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 27.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق ياپلاق، كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بۇچۇڭ تەۋەلىكىدىكى سېرىق تۆپىلىكتە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى تەرىپىدىن پايدىلىنىدۇ.

**مات** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 21 كىلومېتر كېلىدۇ. بىر قىيانىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. يازلىق ياپلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. رىۋايەتتىن قارىغاندا دەسلەپتە بۇ يەرگە كېلىپ مال باققان ئىككى چارۋىچى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىرى: «بۇ يەردە قوي باقسا پادا غولدايدۇ» دەپتۇ، يەنە بىرى: «بۇ ياپلاق قوينى غولدىتىشقا قولايلىق ئەمەس» دەپتۇ. ئىككىسى بۇ مەسىلىدە تالىشىپ توختىماپتۇ. ھېچقايسىسى بىر-بىرىنى قايىل قىلالماي ئاخىرى ئۇرۇشۇپ قېلىپ دو تىكىشىپتۇ. بىرى: «ئەگەر سەن بىر يازنىڭ ئىچىدە مالنى غولدىتالىساڭ مەن ساڭا بەش قوينى بىكارغا بېرىمەن» دەپتۇ. يەنە بىرى بۇنىڭغا كۆنۈپ بۇ يەردە مال بېقىپتۇ. تەلىيىگە قارشى بىر يازنىڭ ئىچىدە قوي بەك ئازلاپ كېتىپ، يېڭىلىپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا كىشىلەر بۇ يەرنى «مات» دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئاقشور كەنت كومىتېتى تەرىپىدىن پايدىلىنىدۇ.

**پاسپۇ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 35.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق ياپلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇچۇڭ كەنت كومىتېتىدىن پايدىلىنىدۇ.

**چېچەكامك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 21.7 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 750 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا ياۋا گۈللەر كۆپ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كەگەز كەنت كومىتېتى بىلەن قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئاقچىغ كەنت كومىتېتى بىللە باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دودۇكئۇچتى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق ياپلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلگىرى

بۇ يەردىن «دودۇك ئاخۇن»دېگەن بىر مالچى ئۇچۇپ كېتىپ ئۆلگەن ئىكەن. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى بىلەن قوشتاغ يېزىسىنىڭ كىلياڭ كەنت كومىتېتى بىللە باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دەتۆرقۇز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىنىڭ قۇز تەرىپىگە جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 250 مو، مال سىغىمچانلىقى 250 قويلۇق. يايلاق تاغنىڭ قۇز تەرىپىدە بولۇپ، كۈن بويى قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئاقشور كەنت كومىتېتى بىلەن قوشتاغ يېزىسىنىڭ دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى بىللە پايدىلىنىدۇ.

**تۆر تىبەتيايلاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ يايلاق شىزاڭغا يېقىن ئىچكىرى تاغدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. كەڭەز كەنت كومىتېتى بىلەن قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئاقچىغ كەنت كومىتېتى بىللە باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**لاملۇم سۇتۆرى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 31.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىغا جايلاشقان، لاملۇم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا. يازلىق يايلاق بولۇپ، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق.

**تۆتكۆل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 33.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 160 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا تۆت كۆلچەك بولۇپ، يامغۇر پەسلىدە سۇ يىغىلىپ كۆل بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىنى قوشتاغ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قوشتاغ باشئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 30.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى قوشتاغ يايلىقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چىغانلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 36 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. يايلاقتا بارىدىغان ئېغىزدا چىغان كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى كىلياڭ كەنت كومىتېتىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**قازنىقۇلۇغ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 31.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونىغا جايلاشقان.

يازلىق يايلاق. كۆلىمى 900 مو، مال سىغىمچانلىقى 900 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس

**ساغۇسۇلاغ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 41.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**ئەگىلە** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 29.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى بىر ئەگرى-بۈگرى قۇرۇق جىلغىنىڭ ئىچىدە بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىنى ئىسپاھان كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كۆكىنەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 32 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. مەنىسى «كۆلەڭ يايلاق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆلەڭ بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**چوڭ باسالىغ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 46.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىزاڭ بىلەن چېگرىداش. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ كۆلىمى چوڭراق، «باسا» دەيدىغان ئوت بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق ئاتالغان. ئىسپاھان، تۆۋەنچاقا، كەڭەز ئۈچ كەنت كومىتېتىدىن بىللە باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**يايامغاز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 46.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. مەنىسى: «يايلىقى ئاز». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدىكى ئوت-چۆپلەر ئاز ھەم پاكار ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىنى دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كاچۇڭ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق.

**سۇمۇرۇك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. كىلياڭ، دۆڭكۆل ئىككى كەنت كومىتېتى بىللە باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

داچۇق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى «تاغ جىلغىسى». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىككى يارنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ يارلار ئېگىز، تىك بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. قارامان كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

قوشتاغ بويىۇئېغىل (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ يايلاق ئىلگىرى قوشتاغلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى، شەكلى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. ھازىر جايناغۇت كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

ئاتباققۇ (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 39.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ بولۇپ، ئىلگىرى ئات باققان يايلاق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. جايناغۇت كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

پىتىلىق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 36.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 100 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئوت - چۆپلەر بەك ئۆسىدىغان، شامال ئۆتۈشمەيدىغان، قاراڭغۇ، نەملىك بولۇپ، قويلار ئاسان پىتلاپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىدىن بوستان كەنت كومىتېتى پايدىلىنىدۇ.

لوللىقئېغىل (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 37.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 800 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يەردە لويلا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

ئېتەكلىك (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 28.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تۇگمەنبويى كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

دالىلقاز (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 750 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى جىلغىنىڭ

ئىچىدە بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرىپىنى قاتمۇ-قات تاغلار قاپساپ تۇرىدۇ، يىل بويى كۆن چۈشمەيدۇ. ياۋا ئۈزۈم تاللىرى كۆپ ئۆسىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان. ئازغانىلىدى كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**كىچىك باسالىغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 41.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تار بىر كىچىك جىلغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، «باسا» دەيدىغان ئوت كۆپ ئۈنىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. كىلياڭ، يۇلغۇنجاي ئىككى كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**جۆباش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 41.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 1200 قويلۇق. مەنىسى «تىك تاغ يولىنىڭ بېشى». بۇ يەردىكى تاغ يولى تىك ھەم تار، ئەگرى-بۈگرى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. كىلياڭ ۋە ئاقچىغ كەنت كومىتېتلىرىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**ئۇداغۇ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 28.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. تۈگمەنبويى ۋە تېرەكئالدى كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**ئېگىزيايلاق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 28.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى دېڭىز يۈزىدىن 3777 مېتر كېلىدىغان ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بومۇغا ۋە تېرەكئالدى كەنت كومىتېتلىرىدىن باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**ياغسىلا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 31.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق (مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس). تۆۋەندىكىلەرنى باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ سازام كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**سېمىزقىراغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 20.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان، سۇ-ئوتلىرى مول، چارۋا ئوڭاي سەمرىيدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**سەيىنەك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 31.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى «تۇز مەيدان» بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكبويۇن** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 23.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر تەرىپى تىك يار، يەنە بىر تەرىپى تەبىئىي ئارچىلىق. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. بۇ جاينىڭ قىيا تاشلىرى كۆك، تۆگە بويۇنى شەكلىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**چوڭ قۇرۇغئاغۇ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)


يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 900 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. يايلاق قۇرغاق، چارۋا ئىچىدىغان سۇ كەمچىل بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. توغراكۆۋرۈك كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئەشقش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 18.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1000 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. مەنىسى «ئات باقىدىغان يايلاق» (ئەشقش -«ياشقش» دېگەن سۆز ئاھڭىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، تاجىكچە سۆز). بۇ يەرنىڭ ئوت-چۆپ ۋە سۇلىرى مول بولۇپ، ئات بېقىشقا قولاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئويتوغراق كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**بويۇنئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 450 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. يايلاقنىڭ يەر شەكلى تۆگىنىڭ بويۇنىغا ئوخشاش بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. پىشنا يېزىسىنىڭ ئازغان كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.



كەگقىر قىرغىز يېزىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:150000
كەگقىر
سانجۇ يېزىسى
سانجۇ دەرياسى
كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى

# كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدىغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ تار جىلغىسىدا بولۇپ، سانجۇ دەرياسى يۇقۇرى ئېقىمىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان. 1941 ـ يىلى بۇ يەرگە بىر چېگرا قاراۋۇللۇق گازارمىسى سېلىنغان بولۇپ، 1978 ـ يىلى چېقىۋېتىلگەن. شەرقىي جەنۇبىدىن تاغ ئارىلاپ كېتىدىغان ھىندىستان ۋە شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا بارىدىغان كىچىك يول بار. يېزا قارمىقىدا تۆت كەنت كومىتېتى، 11 تەبىئىي كەنت، 25 چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. 303 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 1267، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىزلار 460 نەپەر. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كەڭقىر كەنتىدە.



جىلغىدىكى تىرىڭئوراق ساداسى.

بۇ جاينىڭ ئىسمى ۋە مىللەت نامى قوشۇلۇپ «كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى» دەپ نام بېرىلگەن. تارىختا بۇ ئادەمزات ئاياغ باسمىغان يەر بولۇپ، كېيىن قىرغىزلار ئېقىن ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋا باققاچ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغان. لاي تىندۇرۇپ يەر ئاچقاندا ئېتىزنىڭ قىرلىرىنى كەڭ ھەم چوڭ ئالغاچقا، «كەڭقىر» دەپ ئاتالغان.

بۇ يېزا تەۋەسى 1950 ـ يىلى 4 ـ رايون 2 ـ يېزا 5 ـ كەنت بولغان. 1955 ـ يىلى «باھارگۆل كوپېراتىپى» بولۇپ قۇرۇلغان، 1956 ـ يىلى باھارگۆل ئالىي كوپېراتىپى بولۇپ ئۆزگەرگەن، 1958 ـ يىلى «1 ـ ئۆكتەبىر» خەلق گوڭشېسىنىڭ 18 ـ دادۈيى بولغان. 1978 ـ يىلى سانجۇ گوڭشې كەڭقىر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سانجۇ گوڭشېدىن ئايرىلىپ چىقىپ «كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى» بولۇپ تەسىس قىلىنغان. قىرغىزلارنىڭ ئۆز مىللىي تىلى بار، يېزىقى يوق. ئىجتىمائىي ئالاقىلاردا قىرغىزچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلنى تەڭ قوللىنىدۇ، يازغاندا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2450~2250 مېتر كېلىدۇ. ھاۋاسى سوغۇق، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپ، سۇ مەنبەسى مول. ئىقتىسادىي جەھەتتە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى قوي، كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىق چارۋىلار بار، 25 ئورۇندا يايلىقى بولۇپ، ئاساسلىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ياپچان، كۆرۈك، شاپ، كەلەپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، مال سىغىمچانلىقى 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 6002 تۇياق. 2063 مو تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، سانجۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى سۇ بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. 1985 ـ يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1797 مو بولۇپ، 874 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىپ، 50 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق، 667 تۇياق تاۋار چارۋا يەتكۈزۈپ بەردى. ھازىر بار بولغان ئورمان 126 مىڭ تۈپ بولۇپ، ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە ۋە ئۆرۈك.

دائىرىسى ئىچىدە ياۋايى ھايۋاناتلاردىن بۆرە، تۈلكە ۋە ئۇلا، كەكلىك، بۈركۈت قاتارلىق ياۋايى ئۇچار ـ قاناتلار بار. تاغدا قانتېپەر، رەۋەن، سانا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

يېزىدا بىر ئاپتوموبىل، بىر تراكتور، ئىككى سەييوجى بار.

يېزا ئىچىدە بەش باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 170 نەپەر، 17 ئوقۇتقۇچىسى بار. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95% گە يەتكەن.

دائىرىسى ئىچىدە خوتەن ۋىلايەتلىك سانجۇ سۈرايى پونكىتى بار. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى — «سانجۇ سۈرەتتاش» ئۇلاچى كەنتىنىڭ يۇقۇرىسىدا.

# ئۇلچەملىك نامـلىرى

## كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى

(«كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

### كەڭقىر كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كەڭقىر

سانجۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق، جەنۇب، شىمال ئۈچ تەرىپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس، سانجۇ دەريا ساھىلىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 151 ئائىلە، 724 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 131 ئائىلە، 639 كىشى، قىرغىزلار 18 ئائىلە، 76 كىشى، زاڭزۇ ئىككى ئائىلە، توققۇز كىشى. تېرىلغۇ يېرى 1100 مو. بەش ئورۇندا 1000 مو يايلىقى بار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دېھقانچىلىقتىن چىقىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، ئارپا، كۆممىقوناق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 1728 تۇياق. ھازىر چوڭ ۋە كىچىك تراكتوردىن ئىككىسى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 18 ـ دادۈي بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى «كەڭقىر دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن (1984 ـ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ «ئۇلاچى دادۈي» بولۇپ قۇرۇلغان). 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن (1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ «كۆرلەڭ كەنت كومىتېتى» بولۇپ قۇرۇلغان).

### كەڭقىر

يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس. 124 ئائىلە، 549 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 99 ئائىلە، 459 كىشى، قىرغىزلار 25 ئائىلە، 90 كىشى. تېرىلغۇ يېرى 674 مو. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇرۇندا بۇ يەرلەر ئادەم ئايىغى تەگمىگەن جاي بولۇپ، كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ بىنەم ئېچىپ يەر قىلغان. ئېتىزلارنىڭ قىرىنى كەڭرەك ياسىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### دۆۋالىق

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 46 ئائىلە، 201 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 43 ئائىلە، 194 كىشى، زاڭزۇ ئىككى ئائىلە، توققۇز كىشى. تېرىلغۇ يېرى 243 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تەخمىنەن بۇندىن 800 يىل ئىلگىرى «ئايخان» ئىسىملىك بىر قىز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بۇ يەرگە دىن تارقاتقىلى كەلگەندە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، كېيىنچە يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر بۇ يەردە دۇئا قىلىپ ئۆتىدىغان بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ئۇلاچى كەنت كومىتېتى
تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۇلاچى

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغـلىق رايونـغا جايـلاشقان، ھاۋاسى سوغۇق. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار. 68 ئائىلە. 304 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قىرغىزلار 29 ئائىلە، 124 كىشى. تېرىلغۇ يېرى 722 مو. يېرىم دېھقانـچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان، پۇرچاق چىقىدۇ. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنىڭ قوتاندىـكى سانى 800 تۇياق. تۇرۇشلۇق ئورنـىنىڭ نامـى بىلەن ئاتالـغان. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەڭقىر دادۇيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۇلاچـى دادۇي بولۇپ قۇرۇلـغان. 1985 ـ يىلىنىڭ بېـشىدا كەنت كومىـتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئۇلاچى
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.3 كـىلومېتىر كېلىـدۇ. تاغـنىڭ قېشىـدا، ھـاۋاسى سوغۇق. 34 ئائىلە، 150 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىـدە قىرغىـزلار 24 ئائىلە، 128 كىشى، ئۇيغۇرلار ئون ئائىلە 22 كىشى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 362 مو. قوشۇمچە ئورمانچىلىق ۋە ئۇلا ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەرگە تاغدىن داۋاملىق ئۇلا چۈشۈپ دانلايدىغان ۋە كۆپىيىدىغان بولۇپ، ئوۋچىلار بۇ يەردىن ئۇلا تۇتىدىغان بولغاچقا، شۇنـداق ئاتالـغان. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولغان «سانجۇ سۇرەتتاش» مۇشۇ كەنتتە. بۇ يەردە ۋىلايەتنىڭ سۇرايى پونكىتى بار.

### كەۋەز
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ـ پەس. 34 ئائىلە، 154 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىـدە ئۇيـغۇرلار 20 ئائىـلە، 95 كىشى، قىرغىزلار 14 ئائىلە، 59 كىشى. تېرىلغۇ يېرى 360 مو. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تەخمىنەن 300 يىلنىڭ ئالدىدا ـ كەيىندە بۇ ئېگىز تاغ جىلغىسى ئىچىدە بىرەيلەن سىناق ئۈچۈن كېۋەز تېرىـغان بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغاچقا كېۋەز مايسا چىقىرىپلا ئۆسۈشۈپ نابۇت بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق نام ئالغان.

### كۆرلەك كەنت كومىتېتى
تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆرلەك

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، سانـجۇ دەرياسـىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. توققۇز ئائىلە، 34 ئادەم بار بولۇپ، ھەممىسى قىرغىز. تېرىلغۇ يېرى 108 مو. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا بار چارۋا سانى 276 تۇياق. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كەڭقىر كەنت كومىتېـتىدىن بۆلۈنۈپ چىـقىپ، «كۆرلەك كەنت كومىـتېتى» بولۇپ قۇرۇلغان.

### كۆرلەك
كەنت كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارالـسۇن. جاي نامىـنىڭ مەنـىسى ۋە ئۇنىڭ كېـلىپ

چىقىشى ئېنىق ئەمەس.

**سېرىقىر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ھەينەزەر

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 59.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. قارىمىقىدا ئالتە كەنت بار. 99 ئائىلە، 327 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىزلار 90 ئائىلە، 306 كىشى، ئۇيغۇرلار توققۇز ئائىلە، 21 كىشى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 345 مو تېرىلغۇ يېرى بار. «سېرىقىر داۋان»نىڭ ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام بېرىلگەن. 1960-يىلى «ھەينەزەر چارۋىچىلىق مەيدانى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1984-يىلى ھەينەزەر دادۇي دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**ھەينەزەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 59.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 11 كىشى بار بولۇپ، ھەممىسى قىرغىز. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن 30 مو ئوتلاق بار. تەخمىنەن 600 يىل ئىلگىرى «ھەينەزەر» ئىسىملىك بىر كىشى ئۆزبېكىستاندىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بويسۇنمىغاچقا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بۇ يەر شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامىدا ئاتىلىپ قالغان.

**تورۇغ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان ئويمان يەر. يەتتە ئائىلە، 21 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 100 مو، يايلاق كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق چىقىدۇ.

**ئېگىمىش**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 52.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئون ئائىلە، 35 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۈچ نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 150 مو، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. بۇ يەردىكى تاغ يوللىرى تىك بولغاچقا، تاغقا چىققاندا بەلنى ئېگىپ ئېڭىشىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**قالات**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 64.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچ ئائىلە، 13 كىشى بار. يايلاق كۆلىمى 800 مو، تېرىلغۇ يېرى 25 مو. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. يازلىق يايلاق. مەنىسى: «يالغۇز قالماق». بۇ كەنت قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرلىك 11 ئادەم دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ مال بېقىپ، قايتار ۋاقتىدا تۇيۇقسىز دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كېلىپ، بىر ئادەم ئۇ ياقتا قېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، «قالات» دېيىلگەن ئىكەن.

**پىلتاغاچ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 62.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆت ئائىلە، 14 كىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئائىلىلىك يەتتە ئۇيغۇر بار. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ

باردۇ. تېرىلغۇ يېرى 30 مو، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. يايلاق كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق.

**توغراسۇ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 67 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىر ئائىلىلىك بەش كىشى ئولتۇرۇشلۇق. تېرىلغۇ يېرى 10 مو. يايلاق كۆلىمى 700 مو، مال سىغىمچانلىقى 700 قويلۇق. قاراقاش دەرياسى بۇ كەنتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**بوزئارتۇ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 68.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر ئائىلە، بەش كىشى بار. تېرىلغۇ يېرى 7 مو، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، بىر بوز تۆپىلىكنىڭ كەينىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆپىلىكتىن ئارتىپ ئۆتسە بۇ ئويمانغا چۈشىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. سېرىققىر كەنت كومىتېتىدىن پايدىلىنىدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**قىياق**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 65.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك ئۈچ كىشى بار. 3 مو تېرىلغۇ يېرى بار، پۇرچاق، ئارپا چىقىدۇ. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلىشى ئويمان بولۇپ، قىياق كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سېرىقىقىر كەنت كومىتېتىدىن پايدىلىنىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**چات**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 55.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىككى تاغ يولىنىڭ كېسىشىدىغان جايىدا بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. (تۆۋەندىكى 12 ئورۇننى سېرىقىقىر كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ)

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**ئەشمەجورۇ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 48.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. تۆت ئائىلە، ئون ئادەم ئولتۇرۇشلۇق، 10 مو تېرىلغۇ يەر بار. كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. بۇ يەرگە ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ مال باققان جورۇ ئىسىملىك بىر كىشى داۋاملىق بۇ يەردە ئارغامچا ئېشىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**كىلىيا ئىلەڭگەر**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 65.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك سەككىز ئۇيغۇر ئولتۇرۇشلۇق، 3 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ يايلاقتا يىل بويى مال باقلى بولىدۇ، 100 قوي سىغىدۇ. تەخمىنەن 100 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كىلىياڭدىن بىر ئادەم كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ لەقىمى «لەڭگەر» بولغاچقا، كېيىن بۇ جايغا نام بولۇپ قالغان.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**تېرەك**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 66.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان،

يازلىق يايلاق. ئىككى ئائىلە، بەش كىشى ئولتۇرۇشلۇق. 5 مو تېرىلغۇ يەر بار. يايلاق كۆلىمى 100 مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. بۇرۇندا بىر كىشى بۇ يەردە بىر تۈپ تېرەك دەرىخى تىكىپ ئەي مو، قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**داۋا**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 69.6 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك ئالتە ئادەم ئولتۇرۇشلۇق، بۇ يايلاقتا يىل بويى مال باقىلى بولىدۇ. كۆلىمى 300 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. مەنىسى «دەۋا». بۇ جاينىڭ سۇ ۋە ئوت-چۆپلىرى مول بولغاچقا، مالچىلار داۋاملىق يايلاق تالىشىپ دەۋا قىلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چوڭجىلغا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 53.1 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى چوڭ بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قاراچى** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 60.6 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايوندىكى ئويمانلىققا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 260 مو، مال سىغىمچانلىقى 260 قويلۇق، ئەتىياز پەسلىدە تۆل ئېلىشقا مۇۋاپىق جاي. مەنىسى «قارا چىغ». بۇ يەردە چىغ كۆپ بولۇپ، قۇرۇپ قالغان چىغلار قارا رەڭگە كىرىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**سۆگەتقورۇل (سانشىلى يىڭفاڭ)** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 87.2 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، ئىككى ئائىلە، تۆت كىشى بار. بۇ يايلاقتا يىل بويى مال باققىلى بولىدۇ. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇرۇندا بۇ يەردە ياۋا سۆگەت جىق بولغان، يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە چېگرا مۇداپىئە قورۇلى قۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بۇ يەرگە يىڭفاڭ (گازارما) سالغان، شەيدۇللادىكى ھەربىي بېكەت بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 30 چاقىرىم (سانشىلى) كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە سانشىلى يىڭفاڭ (30 چاقىرىملىق گازارما) دەپ ئاتالغان.

**ئويبېك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 76.8 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق، كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 100 قويلۇق. مەنىسى «ئويمان ئوتلاق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى قاراقاش دەرياسىنىڭ قېشىدىكى ئەتراپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس ئويمانلىققا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىرغىزچە «ئويبېك» دەپ ئاتالغان.

**شەيدۇللا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 81.6 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، بىر ئائىلىلىك

ئۆچ كىشى بار. كۆلىمى 200 مو، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق. مەنىسى «شېھىتلىك». رىۋايەتتىن قارىغاندا بۇرۇندا بۇ جاي مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى دىندىكىلەر ئۇتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان يەر بولۇپ، قەبرە كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان ئىكەن.

**قاۋاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 97 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. بىر ئائىلىلىك تۆت ئادەم بار. بۇ يايلاقتا يىل بويى مال بېقىلىدۇ. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. (نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس)

**گۈلباسا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 95 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغقا جايلاشقان، بىر ئائىلىلىك تۆت كىشى ئولتۇرۇشلۇق. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. بۇ يايلاقتا ياۋا گۈللەر كۆپ بولۇپ، خۇددى يېشىل گىلەمگە گۈل باسقاندەك كۆرۈنگەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

**سىيپىلاك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 26.7 كىلومېتر كېلىدۇ. پوسكا دەرياسىنىڭ بويىدىكى كۆكباش تاغ ئېغىزىنىڭ قېشىدا. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. مەنىسى «يانتۇلۇق». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سىيپىلاك تېغىنىڭ ئالدى گىرۋىكىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تۆۋەندىكىلەرنى چاسكام كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**دۆۋىچەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ جايدا دۆڭلەر كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كېسەكجىلغا** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆيەر-بۆيەردىكى تارقاق جىلغىلارغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ باش ساۋا، دۆڭچاقا كەنت كومىتېتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**خوتۇنكۆل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 500 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ چوققىسىدىكى بىر قۇرۇق كۆلچەككە جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى زاماندا بۇ كۆلچەكتە سۇ بولغان ئىكەن. ئاياللار داۋاملىق بۇ يەرگە كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ بەدىنىنى پاكلىغانلىقتىن، خۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ دىۋە ئەۋەتىپ كۆلنىڭ سۈيىنى يۆتكىۋەتكەچكە، قۇرۇپ قاپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتىلىپتىكەن. سانجۇ يېزىسىنىڭ باش ساۋا كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**چاكاندىلىق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 18.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يازلىق يايلاق، كۆلىمى 1000 مو كېلىدۇ، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چاكاندا كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ ئاياغ ساۋا كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئاتيايلاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 39.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئېدىرىغا جايلاشقان، كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلىشى بىر قەدەر تۈزلەڭ، ئوت-چۆپلىرى كۆپ بولۇپ، ئات بېقىشقا ئەپلىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ سانجۇ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كاكچال** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 32.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىشلىق يايلاق. كۆلىمى 150 مو، مال سىغىمچانلىقى 150 قويلۇق. مەنىسى «قۇرۇق تاغ». بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى تاغ تۆپىسىدە بولۇپ، ئوت-چۆپلىرىنى بوران چىقىپ قۇم بېسىپ قۇرۇتۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ كانچى دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**چوڭقۇرئۆتەڭ** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 43.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 500 مو، مال سىغىمچانلىقى 450 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسى چوڭقۇر، ئۆتەڭ شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ قارادۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**ئەۋزەل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 28.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، بىر ئائىلىلىك ئالتە كىشى ئولتۇرۇشلۇق. يازلىق يايلاق. تېرىلغۇ يېرى 30 مو. ئوتلاق كۆلىمى 400 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى جىلغا ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، دائىملىق ئېقىن سۈيى بار. سۇ ۋە ئوت-چۆپلىرى مول بولۇپ، مال بېقىشقا ئەپلىك جاي بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ دۆڭباغ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**كولاكۆۋرۈك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 25.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، يازلىق يايلاق. كۆلىمى 1500 مو، مال سىغىمچانلىقى 1000 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى سانجۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى تار جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇرۇندا كىشىلەر ئۆتۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ تارغا چىغدىن كولا ئېتىپ ئاسما كۆۋرۈك ياسىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ باش پوسكا كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**چاقماق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. قىشلىق يايلاق، كۆلىمى 600 مو، مال سىغىمچانلىقى 600 قويلۇق. يايلاقنىڭ ئەتراپىدا ئوت ياندۇرىدىغان چاقماق تاش كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. سانجۇ يېزىسىنىڭ ئېرىغىل كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**غولجاڭگال** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 64.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئائىلە، يەتتە كىشى ئولتۇرۇشلۇق. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 6 مو تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، ئارپا تېرىغىلى بولىدۇ. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا چاتقاللار كۆپ ئۆسىدىغان، چىغان تولا بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. كەڭقىر كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

**سۆگەتئېغىز** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، بىر ئائىلىلىك ئىككى كىشى ئولتۇرۇشلۇق. يازلىق يايلاق بولۇپ، كۆلىمى 200 مو كېلىدۇ، مال سىغىمچانلىقى 200 قويلۇق، 3 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسى كۆرلەڭگە بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدا بولۇپ، بۇرۇندا بۇ يەردە سۆگەت بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. كۆرلەڭ كەنت كومىتېتى باشقۇرۇپ پايدىلىنىدۇ.

# گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مەيدان تەشكىلى ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 22.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، چودا يېزىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە جايلاشقان. تېرىم يەر كۆلىمى 2124 مو، يايلاق كۆلىمى 13088 مو. قارىمىقىدا ئىككى كەنت كومىتېتى، ئۈچ تەبىئىي كەنت بار، بەش ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. 177 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 763، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 647، خەنزۇ 94، خۇيزۇ 13، قىرغىز ئالتە، تاجىك ئۈچ كىشى. مەيدان تەشكىلى باشلاق كەنتىدە. «باشلاق»نىڭ مەنىسى «باش بۇلاق».

بۇ مەيدان ئەسلىدە قاراقاش ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدانىغا تەۋە بولۇپ، 1953 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈپ، «گۇما ناھىيىلىك كالا فېرمىسى» دەپ ئاتالغان. 1954 - يىلى «گۇما ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ، گۇما ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا بولغانلىقى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورنى بولغانلىقى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، «گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى» دەپ نام بېرىلگەن.

تۆزلەڭلىككە جايلاشقان ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 مېتىر بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزى رايونىدا تۇرىدۇ، قۇملۇقتا يېقىن، قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، بوران كۆپ چىقىدۇ، ئىقلىمى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6°C. ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7 - ئايدا) 24.9°C، ئەڭ سوغۇق بولغاندا (1 - ئايدا) 6°C - بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 51 مىللىمېتىر، قىراۋسىز مەزگىلى 210 كۈن ئەتراپىدا. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە قۇرۇت ئاپىتىدىن ئىبارەت.

دېھقانچىلىق ئەترىتى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپ تېرىيدۇ. 1985 - يىلى تېرىغان كۆممىقوناق كۆلىمى 426 مو، ئوت - خەس كۆلىمى 1061 مو. قوشۇمچە كېۋەز، مايلىقدان تېرىيدۇ. دائىرىسى ئىچىدىكى باشلاق سۇ ئامبىرى ۋە تەبىئىي بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغۇرىدۇ. سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان كۆلىمى 324 مو، 1985 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 135 مىڭ جىڭ، پاختا 32 مىڭ جىڭ، يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا بار چارۋا سانى 7780 تۇياق، تارقاق تىكىلگەن ئورمان 2510 تۈپ.


ئارپىلىق چارۋىچىلىق ئەترىتى مەيدان تەشكىلى تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ جەنۇبىغا 71.5 كىلومېتىر

كېلىدىغان جايدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 مېتىردىن 3500 مېتىرغىچە كېلىدۇ، پوسكا كەنتىنىڭ باش تەرىپىدە، ئوتتۇرا قىسىم دەريا-ئېقىنلىرى ۋە تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلاردا چارۋا باقىدۇ. يايلاق كۆلىمى 13088 مو بولۇپ شاپ، كەلەپ، سېرىقئوت ۋە ياپچان قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، 6500 تۇياقتىن ئارتۇق مال سىغىدۇ. چارۋىچىلىقتا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە كالا، قوتاز، ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بار.

دائىرىسى ئىچىدىن رەۋەن، بۆرىسامسىقى، ئىت ياڭىقى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ، كېيىك، داۋىغان، تۈلكە، بۆرە، بۈركۈت، ئۇلار، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار-قاناتلار بار.

مەيدان تەشكىلىدە يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن بەشى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرى، قول تراكتورىدىن ئىككىسى، يۈك قىرقىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، ئۈن تارتىش ماشىنىسىدىن بىرى بار بولۇپ، ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 460.

تەۋەسىدە تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، 18 ئوقۇتقۇچىسى بار. ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى، كىنوخانا، سودا دۇكىنى قاتارلىق مەدەنىيەت-پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلغان.



باشلاقتىكى بېلىقكۆل.

## گۇمانا ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان

(«گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**باشلاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: باشلاق

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمە- قىدا بىر كەنت بار. 120 ئائىلە، 420 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 75، خۇيزۇ 8. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 800 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭ-كىچىك تراك- تورلىرى بەشى، ئاپتوموبىلىدىن ئىككىسى بار. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ مەيدان ئەسلىدە قاراقاش ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولۇپ، 1954-يىلى گۇما ناھىيىسى- نىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، «گۇما ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدان» دەپ ئاتالغان. 1956-يىلى «گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان» بولۇپ قۇرۇلۇپ، باشلاق دادۈي بولغان. 1985-يىلى كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**باشلاق**

ئومۇمىي ئەھۋالى كەنت كومىتېتىنىڭكىگە قارالسۇن. مەنىسى «باش بۇلاق»، بۇ كەنت بىر بۇلاقنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئارپىلىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارپىلىق

مەيدان تەشكىلىنىڭ جەنۇبىغا 87 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قارىمىقىدا ئۈچ تەبىئىي كەنت بار. 78 ئائىلە، 369 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 7، قىرغىز 13، تاجىك 5. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1302 مو. قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا سانى 8180 تۇياق. تۇرۇشلۇق ئورنى- نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

بۇ يەر ئەسلى سانجۇ گوڭشېسىغا تەۋە بولۇپ، 1954-يىلى گۇما ناھىيىلىك قوي فېرمىسىنىڭ بىر چارۋىچىلىق نۇقتىسى ئىدى. 1956-يىلى گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، «ئارپىلىق دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئارپىلىق**

مەيدان تەشكىلىنىڭ جەنۇبىغا 87 كىلومېتىر كېلىدۇ. 66 ئائىلە، 316 نوپۇسى بار. چارۋىچى- لىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 852 مو. قوتاندىكى چارۋا سانى 7780 تۇياق. ھاۋا كىلىماتى

تۆپەيلىددىن، بۇ يەر پەقەت ئارپا تېرىشقىلا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قىزىلئېغىل**

مەيدان تەشكىللىنىش جەنۇبىغا 53.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 12 ئائىلە، 54 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 450 مو. قوتاندىكى چارۋا سانى 400 تۇياق. بۇ جايدىكى مال ئېغىللىرىنىڭ كۆپۈنچىسى قىزىل تاشتىن قوپۇرۇلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆلئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىللىنىش شەرقىي جەنۇبىغا 66 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يايلاقتا يىل بويى چارۋا باققىلى بولىدۇ. تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 2000 مو، مال سىغىمچانلىقى 3000 قويلۇق. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلىق، كۆل شەكلىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**بەلدۇرئېغىل** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىللىنىش شەرقىي جەنۇبىغا 70.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 130 مو، مال سىغىمچانلىقى 400 قويلۇق. بۇ يەر بىر چوڭقۇر جىلغا تەرىپىدىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋېتىلگەن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**داشمال** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىللىنىش شەرقىي جەنۇبىغا 61.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان، كۆلىمى 7500 مو، مال سىغىمچانلىقى 3000 قويلۇق. مەنىسى «داش قازانسىمان». بۇ يەر داش قازاندەك چوڭقۇر ئويمانلىققا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**قاۋاق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىللىنىش جەنۇبىغا 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 2500 مو، مال سىغىمچانلىقى 800 قويلۇق. مەنىسى «سوغۇق چوقىسى». بۇ يەر ئېگىز تاغدا بولۇپ، يىل بويى قار يىغىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاقتاش** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىللىنىش غەربىي جەنۇبىغا 72.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. كۆلىمى 100 مو، مال سىغىمچانلىقى 300 قويلۇق. بۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا يوغان ئاق تاشلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

# گۇما ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 32 كىلومېتر كېلىدۇ، قوشتاغ يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 333 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. قارىمىقىدا ئۈچ تەبىئىي كەنت بار. 99 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 429، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 384، خەنزۇ 45 نەپەر. دېھقانچىلىق ئىشچىسى 116 نەپەر. مەيدان تەشكىلى «تەشكىلئەتراپ» كەنتىدە.

بۇ جاي ئەسلىدە ئېگىز-پەس قۇم دۆڭلۈك بولۇپ، 1951-يىلى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا قاراشلىق بولغان. 1959-يىلى سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلار ئولتۇراقلىشىپ، بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. 1960-يىلى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. 1964-يىلى «گۇما ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى» بولۇپ قۇرۇلۇپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن بولغان. 1974-يىلى ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن.

يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە غەرب تەرىپى ئېگىز، شەرق تەرىپى پەس، بىر ئاز تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2100 مېتر. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $9.3^{\circ}C$، $\geq 10^{\circ}C$ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 3560.4 گرادۇس. ئىقتىسادىي جەھەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1180 مو بولۇپ، قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرىدۇ، بۇلاق سۈيىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىقلارنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش، بېدە تېرىيدۇ. چارۋىچىلىقتا كالا، چوشقا، قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئورمانچىلىقتا ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت قاتارلىقلار بار. چوڭ ئاقجىگدىسى مەشھۇر. 1985-يىلى 278 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، 224 مىڭ جىڭ سورتلۇق ئۇرۇق، 199 تۇياق تاۋار چارۋا يەتكۈزۈپ بەردى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 148 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەيداندا تراكتور، سەييۇجى، دان ئايرىش ماشىنىسى، ئوت توغراش ماشىنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلار بار بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 390 ئات كۈچىگە تەڭ. ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرى بار بولۇپ، يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىش، دان ئايرىش ئىشلىرىدا ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

مەيداندا رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى، داۋالاش ئۆيى قۇرۇلغان. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 70 نەپەر.

# ئۆلچەملىك نامىلىرى

## گۇما ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدان

(«گۇما ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»غا قارالسۇن)

**تەشكىلئەتراپ**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31 كىلومېتر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 179 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 451 مو، مەيدان تەشكىلىنىڭ ئەتراپى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 41 ئائىلە، 160 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 250 مو. بۇ كەنتنىڭ ئورنى ئېگىزرەك بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چوڭقۇرمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىگە 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ. ئالتە ئائىلە، 31 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 226 مو. بۇ يەرنىڭ ئورنى چوڭقۇرراق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**ياڭلەندۆي**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتر كېلىدۇ. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. تېرىلغۇ يېرى 252 مو. ئالاھىدە مەھسۇلاتى چوڭ ئاقجىگدە. مەنىسى — «قوي قوتىنى ئەتىرىتى». ئىلگىرى بۇ يەردە جىنايەتچىلەر بىنەم ئېچىپ بېدە تېرىپ، مال باققانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

# كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى

# كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى

## دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىي مەيدانلارنىڭ ناملىرى

### باشلاق بېلىقكۆل

گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان (باشلاق) تەشكىللىنىڭ غەربىگە 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن «باشلاق بېلىقكۆل» دەپ ئاتالغان. گۇما ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىغا قارايدۇ. ھازىر 21 ئېغىز ئۆي بار. 7 ئائىلىلىك 16 ئۇيغۇر، 2 ئائىلىلىك تۆت خەنزۇ ئولتۇرۇشلۇق. سەييوجىدىن بەشى بولۇپ 92 ئات كۆچمىگە ئىگە. بېلىق قېيىقىدىن بىرى بار، تېرىلغۇ يېرى 34 مو بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق چىقىدۇ.

1957-يىلى ئىش باشلاپ توغان سېلىنىپ 1958-يىلى پۈتكۈزۈلگەن.

بۇ بېلىقكۆل گۇما ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر تاتلىق سۇ بېلىق كۆلى بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق سوزۇلۇپ تۇرىدۇ، جەنۇبىدىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 3000 مېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 690 مېتىر كېلىدۇ، كۆلىمى 2000 موغا يېقىن. يەر ئاستى بۇلاق سۈيىنى ئاساسلىق مەنبە قىلىدۇ، قوشۇمچە باشتىكى سانجۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تولۇقلايدۇ. سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ 4 مېتىرگە يېتىدۇ، سىغىمچانلىقى 3 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىردىن 4 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ. شىمال قىسمىدا -توپىدىن ياسالغان توغان بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر. توغان ئۈستىدە سۆگەت بار. بىر سۇ چىقىرىش ئېغىزى ياسالغان، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇب مېتىر بولۇپ، 5000 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. كۆل ئىچىدە قومۇش، يېكەن ئۆسىدۇ، سۇ تېگىدە بېلىق ئوتلىرى مول، ياۋا ئۆردەك جىق. ئاساسلىقى ساۋىيۇ، لىيۇ بېلىقلىرى بېقىلىدۇ، يەنە ۋۇچاڭيۇ بېلىقىمۇ بار. ساۋىيۇ بېلىقى ئەڭ ياخشى. يىللىق ئوتتۇرىچە بېلىق مەھسۇلاتى 3 توننا بولۇپ، كىرىمى 4800 يۈەنگە يېقىن بارىدۇ. 1985-يىلى سېلىنغان بېلىجان 100 مىڭ.

### گۇما ناھىيىلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانى

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 27 كىلومېتىر كېلىدۇ. 9 ئائىلە، 25 ئادەم بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. كۆلىمى 200 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 80 مو بېدە بار. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرەك ئۆستۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

ۋە ئىشلەپچىقىردىش خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنىداق نام ئالغان. 1967 ـ يىلدىن باشلاپ بىنەم ئېچىلىپ ئورمان يېتىشتۇرۇلۇشكە باشلىغان. ئەسلىدە قۇملۇق بولۇپ «بىنام» دېيىلگەن. ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا قاراشلىق.

**گۇما ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ مال بورداش مەيدانى**

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. 335 مو تېرىلغۇ يېرى بار. ئاساسلىقى بۇغداي، بېدە تېرىلىدۇ. 224 نەپەر ئۇيغۇر ئاھالىسى بار بولۇپ، مال بورداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ جاي ئەسلىدە بىر پارچە چوللۇك بولۇپ، 1958 ـ يىلى لاي تىندۇرۇپ يەر قىلىپ مەيدان قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق قىلىنغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن نام ئالغان.

**بېلىقكۆل**

گۇما بازىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاتلىقسۇ كۆل، كۆلىمى 40 مو. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2~0.6 مېتىر. كۆل تېگىدىكى بۇلاق سۇيىگە تايىنىدۇ، سۇيى شىمالغا قاراپ ئېقىپ بىكتوەن گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېتىدۇ، يېكەن بىلەن قومۇش ئۆسىدۇ. بېقىلغان بېلىق 3000، يىللىق بورا توقۇپ تاپقان كىرىمى 7000 يۈەن، ئىككى ئادەم خەۋەر تاپىدۇ. تەبىئىي كۆل ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ناسىر ئاخۇننىڭ كۆلى ياكى مۇسا يۈز بېشىنىڭ كۆلى دېيىلگەن. گۇما بازىرىنىڭ بېلىق بېقىش مەيدانى بولغاچقا، «بېلىقكۆل» دەپ نام ئالغان.

## ئىستانسا، پونكىت، داۋبەن، ئايرودروملارنىڭ ناملىرى

**سانجۇ سۇ رايى پونكىتى**

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، سانجۇ دەرياسىنىڭ غەربىي ياقىسىدا، شەرقىي شىمالى تەرىپىدىن يېزا تۇرۇشلۇق ئورۇنغىچە تۈز سىزىق ئارىلىقى 21 كىلومېتىر. ئاساسلىق كەسپى سانجۇ دەرياسى سۇيىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەمدە دەريا سۇيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆرسەتكەن يامغۇر، قار يېغىنى، پارغا ئايلىنىش مىقدارى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆلچەپ، سۇ رايى ماتېرىياللىرىنى يىغىش بولغاچقا، «سانجۇ سۇ رايى پونكىتى» دەپ ئاتالغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ رايى باش ئىدارىسىغا بىۋاستە قارايدۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ رايى شۆبە پونكىتىدىن باشقۇرىلىدۇ، گۇما ناھىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 240 كۋادرات مېتىر، 10 ئېغىز خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي بار بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 160 كۋادرات مېتىر. پونكىتتا تېلېگراف ئاپاراتى، ئاپتوماتىك سۇ ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە ھاۋا شارى، كۆندىلىك سۇ، كىلىمات ئۆلچەش ئەسۋابى بار. ئىككى نەپەر خىزمەتچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا 6 ـ 5 مو ئوتياشلىق يېرى بار.

سۇ رايى پونكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 1960 ـ يىلى رەسمىي ئىش باشلىغان. خوتەن ۋىلا-

يەتلىك سۇ رايى شۆبە پونكىتىغا قاراشلىق بولغان، 1961 ـ يىلى گۇما ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارىغان، 1963 ـ يىلى قايتىدىن شىنجاڭ سۇ رايى باش ئىدارىسى خوتەن سۇ رايى شۆبە پونكىتىغا قاراشلىق بولغان. سۇ رايى گېزىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ رايى شۆبە پونكە-تىغا سۇ رايى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## گۇما ترانسپورت بېكىتى

بۇ بېكەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت باش شىركىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئورۇن بولۇپ، گۇمىنىڭ ساغان كەنتىدە تۇرۇشلۇق. چاكو ـ قاغىلىق تاش-يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان. شەرق، غەرب، جەنۇب ئۈچ تەرىپى گۇما بازىرى ساغان كەنتىنىڭ تېرىم يەرلىرى، شىمالىي تەرىپىدىن ناھىيە شەھىرىنىڭ مەركىزىگىچە بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 8 كىلومېتىر، ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا يولدا يولۇچى توشۇش، مال توشۇش ترانسپورتىنى ئىدارە قىلغاچقا، «گۇما ترانسپورت بېكىتى» دەپ ئاتالغان.

1956 ـ يىلى بېكەت قۇرۇلغاندا يولنىڭ شىمالىدا ئىدى، 1962 ـ يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ يولنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلگەن. ئەسلى ئىسمى «گۇما ناھىيە ساغان ترانسپورت بېكىتى» ئىدى. 1975 ـ يىلى بېكىتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا گۇما ساغان بېكىتۇەن بېكىتى گۇما ترانسپورت بېكىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. ھازىرقى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 32 نەپەر، ئۇيغۇر 18، خەنزۇ 14. ئىشخانا، بىلەت ئۆيى، مېھمانخانا، ئاشخانا، ماشىنا كۈتۈش ئۆيى، ماشىنا توختۇتۇپ قويۇش مەيدانى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتاقلىرى بار. ئومۇمىي كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر. 15 ئېغىز مېھمانخانىسى بولۇپ، 80 كارىۋىتى بار، ماشىنا كۈتۈش ئۆيى 70 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ، ماشىنا توختاش مەيدانى 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 50 ماشىنا سىغىدۇ. ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈتۈۋالىدىغان تاماق يەيدىغان ۋە قونۇدىغان يولۇچىلار 300 نەچچە ئادەم قېتىم، توختايدىغان ماشىنا 20~10. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 250 توننا مال مەنبەسىنى بېجىرىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بىر مىليون يۈەن ئەتراپىدا توشۇش كىراسىنى ۋاكالىتەن ھېساب قىلىدۇ، ئومۇمىي كىرىم سوممىسى 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق.

## ياپچان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

گۇما ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ. گۇما بازىرىنىڭ ياپچان كەنتىدە، ياپچان سۇ ئامبىرى چوڭ تۇغىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 5.8 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان، تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن «ياپچان سۇ ئېلېكتر ئىستان-سىسى» دەپ نام بېرىلگەن، گۇما ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىگە قاراشلىق. ھازىر بار ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 37 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25 نەپەر، خەنزۇ 12 نەپەر.

ياپچان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 3700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1445 كۋادرات مېتىر، 1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈل-گەن. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 800×2 كىلوۋات. ئاساسلىقى گۇما ناھىيە شەھىرى،

گۇما بازىرى، كۆكتېرەك، موكويلا، پىشنا يېزىلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ۋە قوشتاغ يېزىسىنىڭ قىسمەن كەنتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەمدە ئاھالىلەر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان توكنى تەمىنلەپ بېرىدۇ.

### گۇما ناھىيە رادىئو ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىگەللىگەن يېرى 50 مو. ئىشچى-خىزمەتچىسى 29 نەپەر، قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى ۋە يۈكلىمە دولقۇنى 1000 كىلوۋاتتىن. 1982-يىلى قۇرۇلغان. ئاساسلىق كەسپى رادىئو ئۇلاپ تارقىتىش. رادىئو-تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش ئىشتاتى بويىچە 810 رادىئو ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

### گۇما ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى

ناھىيە شەھىرىدىكى بوستان يولىنىڭ غەربىي ياقىسىغا جايلاشقان، ئىگەللىگەن يېرى 11 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1300 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر. 1959-يىلى پونكىت قۇرۇلغان. ئۆز جايىنىڭ ھاۋا رايىنى ئۆلچەش، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ماتېرىيال يىغىش، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا ھاۋا رايى ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. پونكىت ئىچىدىكى ئۆلچەش مەيدانىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1375.4 مېتىر. ئىگەللىگەن يەر بىر مو. ئۆزىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن نام ئالغان.

### سانجۇ يېزا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

سانجۇ يېزىسىنىڭ غەربىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمى 125 × 3 كىلوۋات. يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى تەخمىنەن 105 مىڭ كىلوۋات سائەت. 17 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. 1965-يىلى قۇرۇشقا باشلىنىپ 1967-يىلى توك تارقاتقان. ماشىنا ئۆيى بەش ئېغىز. يېزا ۋە ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىدىن قوش رەھبەرلىك قىلىنىدۇ. سانجۇ يېزىسىغا تەۋە بولغانلىقى ھەم كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن نام ئالغان.

### قاراسۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

قوشتاغ يېزا تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 17.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، قاراسۇ كەنت كومىتېتىنىڭ بايدۆۋە كەنتىدە. قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمى 18 كىلوۋات. ئىككى نەپەر ئۇيغۇر خىزمەتچىسى بار. 1970-يىلى ئىش باشلاپ 1971-يىلى پۈتۈپ توك بەرگەن. قاراسۇ كەنتى دائىرىسىدە بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

### كەڭەز سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆت نەپەر خىزمەتچىسى بار. قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمى 80 كىلوۋات. 1978-يىلى پۈتۈپ توك بەرگەن، كەڭەز كەنتىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. كەڭەز تەۋەسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق

ئاتالغان.

**قوشتاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

قوشتاغ يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوشتاغ ئۆستەڭنىڭ ئۈستىدە. 1972-يىلى ئىش باشلاپ 1974-يىلى توك تارقاتقان. گېنېراتور قۇراشتۇرۇلىشى 55 كىلوۋات. 54 ئات كۈچىگە ئىگە 36 كىلوۋاتلىق ۋە 60 ئات كۈچىگە ئىگە 40 كىلوۋاتلىق ئىككى زاپاس سەييوجىلىق توك چىقىرىش ماشىنىسىمۇ بار بولۇپ، سۇ يېتىشمىگەن ۋاقىتلاردا ئوت كۈچى بىلەن توك چىقىرىدۇ. ئىستانسىدا يەتتە نەپەر خىزمەتچى ئىشلەيدۇ. يېزىدىكى ئىدارىلار، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش، يورۇتۇش ئۈچۈن توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قوشتاغ يېزىسىغا قاراشلىق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

**دۆۋا بازىرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بازار تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1981-يىلى پۈتۈپ توك چىقىرىلغان. قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمى 18 كىلوۋات. سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، پەسىيىش پەرقى 14.2 مېتىر، خىزمەتچىسى ئىككى نەپەر. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى دۆۋا بازىرىغا تەۋە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كىلياڭ سۇ رايى پونكىتى**

قوشتاغ يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 32.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ پونكىت 1956-يىلى قۇرۇلغان. پونكىتتا ئىككى نەپەر دۆلەت خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ قارىمىقىدا. سۇنىڭ ئېقىمى، تېزلىكىنى ئۆلچەش، سۇ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش، سۇ رايى توغرىلىق سانلىق مەلۇمات ھەمدە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان. كىلياڭ كەنتىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى**

ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا. ھازىر بار تېرىلغۇ يېرى 315 مو، ئورمان يېرى 2426 مو. قارىمىقىدا تۇگمەنباش، ئاراقۇم، ئاچچىق قاتارلىق ئورمان ئۆچاستكىلىرى بار. پونكىت بويىچە 39 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك كادىر ئالتە نەپەر. 1966-يىلى پونكىت قۇرۇلۇپ، گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى دەپ نام بېرىلگەن. 1959-يىلى «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى»غا قوشۇۋېتىلگەن. 1963-يىلى ئورگانلارنى ئايرىپ تەسىس قىلغاندا قايتىدىن «گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى» قىلىپ تەشكىللەنگەن.

**گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى**

ناھىيە شەھىرىدىكى يېڭىئۆستەڭ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا. ھازىر 45 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك كادىر 32 نەپەر، ئاگرونوم 6 نەپەر، ياردەمچى ئاگرونوم 8 نەپەر. لابوراتورىيە قۇرۇلغان، ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق. گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق

بولغانلىقى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان. 1955 ـ يىلى پونكىت قۇرۇلغان، 1959 ـ يىلى ئورمانچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى دەپ ئاتالغان. 1963 ـ يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۆز ئالدىغا پونكىت بولغاندا قايتىدىن «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1964 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. 1975 ـ يىلى «ئۇرۇقچىلىق پونكىتى» ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن. 1980 ـ يىلى گۇما ناھىيىلىك «دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، 1981 ـ يىلى «دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

## گۇما ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى

ناھىيە شەھىرىدىكى يېڭىئۆستەڭ يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىغا جايلاشقان. 22 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مال دوختۇرلۇق ئۇستىسى 3 نەپەر، ياردەمچى مال دوختۇرلۇق ئۇستىسى 4 نەپەر، تېخنىك 7 نەپەر، لابورانت 1 نەپەر. لابوراتورىيەسى بار بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق. بىر ئاپتوموبىل بار. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پونكىت قۇرۇلغان. 1959 ـ يىلى ئورمانچىلىق پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن قوشۇلۇپ «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى» دەپ ئاتالغان. 1963 ـ يىلى ئۈچ پونكىت ئايرىلغاندا يەنىلا «گۇما ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى» دەپ ئاتالغان.

## ئازغان ئوتلاق پونكىت

پىشنا يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 3.1 كىلومېتىر كېلىدىغان ئازغان كەنتىدە. 32 نەپەر ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇرۇشلۇق. تېرىلغۇ يېرى 5000 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى كۆممىقوناق بىلەن بۇغداي. بۇرۇن بۇ جاي قومۇشلۇق، سازلىق يەر بولۇپ، 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پونكىت قۇرۇلغان. ناھىيىدە سۈتلۈك كالا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن «ئازغان ئوتلاق پونكىت» دەپ ئاتالغان.

## ساغان داۋبەن

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 7 كىلومېتىر كېلىدۇ، چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى 1390 كىلومېتىرلىق يول تاختىسى بار جايدا. 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 مولۇق ئوتياشلىق يەر، باغ بار. 24 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىنىڭ 1373 كىلومېتىرلىق يول تاختىسى بىلەن 1422 كىلومېتىرلىق يول تاختىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى 49 كىلومېتىرلىق يول ئاسفالت يولنى ئاسرايدۇ. گاز ئاپتوموبىلدىن بىرى، كىچىك تىپتىكى موللاقچى ماشىنىدىن ئىككىسى بار. گۇما بازىرىنىڭ ساغان كەنتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، «ساغان داۋبەن» دەپ ئاتالغان.

**مۇجى ساياغ داۋبەن**

مۇجى يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 4.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، چاكۇ-
قاغىلىق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا. 1962-يىلى قۇرۇلغان. 36 ئېغىز ئۆيى بار، 62 نەپەر
ئۇيغۇر ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچى 16 نەپەر. كەڭلىكى 10 مېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىرلىق ئاسفالت يولنى ئاسرايدۇ. مۇجى يېزىسىنىڭ ساياغ كەنتىدە بولغاچ-
لىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. گۇما تاشيول ئۇچاستىكىسىغا قارايدۇ.

**قوشتۇگمەن داۋبەن**

زاڭگۇي يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 6.2 كىلومېتىر كېلىدۇ،
چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا. 1958-يىلى قۇرۇلغان. 10 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى-
سى بار. 22 كىلومېتىر تاشيولىنى ئاسرايدىغان بولۇپ، ھەممىسى ئاسفالتلىق يول. قوشتۇگمەن
دېگەن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

**قارايار داۋبەن**

زاڭگۇي يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 24.5 كىلومېتىر
كېلىدۇ، چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان. 1959-يىلى قۇرۇلغان.
ئىگەللىگەن يېرى 30 مو. ھازىر 66 ئېغىز ئۆي بار. ئىشچى-خىزمەتچىسى 42 نەپەر. 42
كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يولنى ئاسرايدۇ. قارايار كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا بولغاچقا، شۇنداق
نام ئالغان.

**چولاق داۋبەن**

گۇما ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىگە 40 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، چاكۇ-
قاغىلىق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا، ئويتوغراق ئېقىنىنىڭ ئايىغىدا بولۇپ، ھازىر چۆللىشىپ
كەتكەن، ئادەم ئولتۇرمايدۇ. بۇرۇن داۋبەن قۇرۇلغان بولۇپ، بىكار قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ توڭجۇ يىللىرىدا ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇ جايغا لەڭ-
گەر، مەسچىت ۋە ئورنى 5 مو كېلىدىغان چوڭ كۆل سېلىنغان، كېيىنچە رېمونتسىز قېلىپ بۇزۇل-
غان. «چولاق» دېگەن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئايرودروم**

ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. بېتوندىن ياسالغان 10×15 مېتىرلىق
ئايروپىلان توختاش مەيدانى بار. ئۇچۇش بەلبېغى 200×950 مېتىر، يۈگۈرۈش يولى 75×850
مېتىر، يۆنىلىشى 117° دىن 297° قىچە. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلىشى كەڭ، ھاۋا ئۇچۇق بولۇش
شارائىتى ياخشى، سۇ مەنبەسى ۋە قاتناش بىر قەدەر قولاي. 1960-يىلى ياسالغان. ئۇنىڭ تۇرۇش-
لۇق جايى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ھەم ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئايرو-
دروم» دەپ نام بېرىلگەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 7 قېتىم ئىشلىتىلگەن. گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق.

**مۇجى دېھقانچىلىق ئايرودروم**

مۇجى يېزىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ

يەرگە قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بار، 7 ئېغىز ئۆي بار، 181 كۋادرات مېترلىق. بېتوندىن ياسالغان ئايروپىلان توختاش مەيدانى 8×12 مېتر. ئۇچۇش بەلبېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 750 مېتر، كەڭلىكى 90 مېتر، ئايرودروم كۆلىمى 67500 كۋادرات مېتر، شېغىل يۇگۈرۇش يولى بار بولۇپ، يۆنىلىشى جەنۇبتىن شىمالغا، توغرا يانتۇلۇقى $\frac{1}{30}$، ئۇزۇنلۇقى 650 مېتر، كەڭلىكى 50 مېتر. بۇ دېھقانچىلىق ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك ئايرودروم بولۇپ، 1966 ـ يىلى ياسالغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 5 قېتىم ئىشلىتىلگەن. ئورنى مۇجىغا تەۋە بولغىنى ئۇچۇن «مۇجى ئايرودروم» دەپ ئاتالغان.

## كارخانا، كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭناملىرى

### خوتەن ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى

گۇما ناھىيە دۇۋا بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جىلغىدا، دۇۋا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە قاتمۇ ـ قات تاغلار سوزۇلۇپ تۇرىدۇ، جەنۇبىدا دۇۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى بار، شىمالىي تەرىپى دۇۋا بازىرىنىڭ دۆ كەنتى، شىمالىدىن چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىنىڭ قارايار كۆۋرۈكىگىچە بولغان ئارىلىقى 25 كىلومېتر بولۇپ، بارىدىغان تاشيول بار، قاتناش قولايلىق.

1960 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلىغان، 1961 ـ يىلى ئاساسقۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش بولغانلىقى تۇپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1965 ـ يىلى قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1967 ـ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، 1971 ـ يىلى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق يېرىم ماشىنىلاشقان ئۇدا ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى سېمونت. ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى ۋە مەھسۇلاتىغا ئاساسەن «دۇۋا سېمونت زاۋۇتى» دەپ نام بېرىلگەن. 1967 ـ يىلى «دوڭفاڭخۇڭ سېمونت زاۋۇتى» دەپ ئاتالغان، ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ زاۋۇتنىڭ ھازىر بار ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 508 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنۋانى بار قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملار 17 نەپەر.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 43211 كۋادرات مېتر، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىدىغان سېمونت 27 مىڭ توننا. ماشىنا ـ ئېلېكتر، يۇمشىتىش، كۆيدۈرۈش، كۆمۈرنى قۇرۇق ھەيدەش قاتارلىق سېخلىرى ۋە لابوراتورىيىسى بار. ئاپتوموبىل ئەترىتىدە 39 يۈك ئاپتوموبىلى بار. كانىدىكى رودا زاپىسى بىر قەدەر مول. ئاساسلىق ئۇسكۇنىلەردىن 250×500m/m لىق، 250×900m/m لىق مۇجۇپ ئېزىدىغان ۋە 700×1000m/m لىق سوقۇپ ئېزىدىغان ئېزىش ماشىنىلىرىدىن بىردىن بار، 250m³ لىق ياتما شەكىللىك شامالدۇرغۇچتىن بىرى، 2×8m Ø لىق ئادەتتىكى خومدانىدىن بىرى، Ø1.8×6.12m لىق ئۇچۇق ئاقما ئەزگۈچتىن ئىككىسى بار. ئاساسلىقى #325 لىك ئادەتتىكى، سىلە ـ

كات، تەبىئىي داشقاللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئاساسەن قاتناش، خەلق قۇرۇلۇشلىرىنى تەمىنلەيدۇ، ئۆز ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرگە سېتىلىدۇ.

زاۋۇت قۇرۇلغان 30 يىل مابەينىدە ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونت 300689.5 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 572 مىڭ 300 يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 15034 توننا بولدى. مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1985-يىلىدا 30 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى.

زاۋۇتتا مىللىي، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بىردىن بار. دوختۇرخانىسىدا 2 نەپەر دوختۇر، 3 نەپەر سېسترا بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، مۇنچا، رادىئو ئۆزېلى، كۆتۈپخانا، كىنوخانا ۋە مېھمانخانا قاتارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلغان. يەنە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئوتياش، گۆش، قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## خوتەن ۋىلايەتلىك دۇۋا كۆمۈر كان

كاننىڭ ئورنى دۇۋا بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ جىلغىسىدا، دۇۋادەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە قات-قات تاغلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى ۋە دۇۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن خوشنا. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2500 مېتىر.

1954-يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ بولۇپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلكچىلىكىدىكى كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كان بولۇپ، دۇۋا بازىرىدا بولغانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان. 1967-يىلى «خوتەن دۇڭفاڭخۇڭ كۆمۈر كان» دەپ نام بېرىلگەن. 1978-يىلى بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك دۇۋا كۆمۈر كان دېيىلگەن. دەسلەپكى مەزگىلدە 50 نەچچىلا ئادىمى بار بولۇپ، جوتو، تاغار، قارا چىراغقا تايىنىپ ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان بولۇپ، يىللىق ئېلىنغان خام كۆمۈر 1000 توننا ئەتراپىدا ئىدى. ھازىر رەسمىي ئىشچى-خىزمەتچىسى 414 نەپەر، توختام ئىشچى 80 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىم 7 نەپەر.

كان گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكى 0.7 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 2.45 كۋادرات كىلومېتىر، زاپىسى 59 مىليارد 984 مىليون 540 مىڭ تونا. يىللىق خام كۆمۈر ئېلىش پىلانى 120 مىڭ تونا. تاغنىڭ شىمالىدا يانتۇ قۇدۇقتىن كولاپ ئېلىنىدۇ، تاغنىڭ جەنۇبىدا تۈز لەقەمە بولۇپ، ياغاچ تىرەپ مۇھاپىزەت قىلىنغان خاڭ يولى بار. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۈز لەقەمىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكىسى قېزىلىپ تۈگىگەن، غەربىي تەرىپىدىكىسى تىك يانتۇلۇق قېلىن كۆمۈر قاتلام بولۇپ، ئۇنىڭ تاش تورۇس قاتلىمى بوش، كۆمۈرى يۇمشاق، تەبىئىي ئوت چىقىش مەزگىلى 45 كۈن. ھازىر ئادەم كۈچى بىلەن قېزىشتىن تەرەققىي قىلىپ توك ئۇشكىدە تۆشۈك ئېچىپ پارتلىتىش ۋە چېكىنىپ تۇرۇپ باستۇرۇپ قېزىش ئۇسۇلى بىلەن كۆمۈر قېزىپ، ئېلېكتر ماشىنىسى بىلەن توشۇشتىن ئىبارەت يېرىم ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۆتكەن. ۋىلايەت بويىچە 98%

سانائەت، شەھەر ئاھالىلىرى ئىشلىتىدىغان كۆمۈرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 مىڭ توننا كۆمۈر ئالىدۇ، مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1985 ـ يىلىدا 165 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىلغان.

كاندىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشتىن ئورۇنلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 17496 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، كۇتۇپخانا، ئىشچىلار كۇلۇبى، مۇنچا قاتارلىقلار بار. ھازىر 23 نەپەر تىببىي خادىم بار. كاننىڭ مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليون 907 مىڭ 200 يۈەن. ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 27 تونىنا. 1985 ـ يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليون 658 مىڭ يۈەن.

. شىمالدا چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىدىكى قارايار كۆۋرۈكىگىچە بولغان ئارىلىقى 31 كىلومېتىر بولۇپ، تاشيول تۇتاشۇرۇپ تۇرىدۇ، قاتناش قولايلىق.

**خوتەن ۋىلايەتلىك دۇۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى**

ئىستانسىنىڭ ئورنى دۇۋا بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جىلغىدا، دۇۋا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپىدە قاتمۇ ـ قات تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپىدىن 3 كىلومېتىر جايدا دۇۋا كۆمۈر كېنى بار، شىمالدا خوتەن سېمونت زاۋۇتى بىلەن يېقىن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شىمالدىكى چاكۇ ـ قاغىلىق (چىگخەي ئۆلكىسىنىڭ چاكۇ دېگەن يېرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىگىچە) ئۇوق تاشيولىدىكى قارايار كۆۋرۈكىگىچە بولغان ئارىلىقى 28 كىلومېتىر بولۇپ، تارماق لىنىيىلىك تاشيول تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، قاتناش قولاي.

1965 ـ يىلى ئىش باشلاپ، 1967 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. 1971 ـ يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. خوتەن ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇن. تەۋەلىكى، تۇرۇشلۇق ئورنى ھەمدە مەھسۇلاتىغا ئاساسەن «شىنجاڭ خوتەن ۋىلايەتلىك دۇۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1967 ـ يىلى «خوتەن دۇڭفاڭخۇڭ كان رايونى ئېلېكتر ئىستانسىسى» دەپ ئاتالغان. 1979 ـ يىلى بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 7322 كۋادرات مېتىر. ھازىر ئۇيغۇر، خەنزۇ بولۇپ 157 نەپەر رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، يەنە قىسمەن توختام ئىشچىمۇ بار. ئىستانسىدا مەش، ماشىنا، ئېلېكتر 3 چوڭ ئىش ئۇچاستكىسى بار. ماشىنا قۇراشتۇرۇلۇش سىغىمى 1500 كىلوۋاتلىق ئىككى پار تۇربىنىلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى، 75 كىلوۋاتلىق بىر ۋە 120 كىلوۋاتلىق بىر سەييوجەدىن ئىبارەت. توك چىقىرىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1985 ـ يىلىدا 6 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقارغان. ئاساسەن دۇۋا كۆمۈر كان، خوتەن سېمونت زاۋۇت ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 47 ـ تۈەن كان قېزىش لىيەنى قاتارلىق ئورۇنلارنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىدىن ئاشخانا، مۇنچا، دوختۇرخانا، يەسلى، دۈپۈخانالاردىن بىردىن بار، 6 مودىن كۆپرەك ئوتياشلىقى بار، دوختۇرخانىسىدا بىر نەپەر دوختۇر بار.

### گۇما ناھىيىلىك خىش زاۋۇتى

ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 14.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، موكويلا يېزىسىنىڭ مازاردۆڭ كەنتىگە ئورۇنلاشقان. ئورنى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئەتراپىنى قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ، شەرقىي جەنۇبىدىن چودا يېزىسىغا 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىي شىمالىدىن گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا 15 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي شىمالىدىن موكويلا يېزىسىنىڭ مازاردۆڭ كەنتىگە 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىدىن چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغا 8.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئارىلىقىدا شېغىل تاشيول بولۇپ، قاتناش قولاي.

1982-يىلى 3-ئايدا ئىش باشلاپ شۇ يىلى 6-ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. ناھىيە باشقۇرغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئورنى ھېسابلىنىدۇ، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن «گۇما ناھىيىلىك خىش زاۋۇتى» دەپ نام بېرىلگەن. ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 120 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي كادىر ئالتە نەپەر، تېخنىك خادىم بىر نەپەر.

كۆلىمى 99900 كۋادرات مېتىر، 75 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئىككى قۇدۇق بار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، 20 ئىشكىلىك بىر ئايلانما خۇمدان بار، ئۈسكۈنىلەردىن يۇرۇشلەشكەن 350 تەپلىق بىر خىش قۇيۇش ماشىنىسى، 54 ئات كۈچىگە ئىگە 28 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتور، 50 كىلوۋاتلىق تۆت ترانسپورماتور، ئۈچ يۈك ئاپتوموبىلى بار.

ئاساسلىقى ئۆز ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا كېرەكلىك بولغان خىشلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەتراپتىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە سېتىلىدۇ. خىش ماشىنىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 7 مىليون 200 مىڭ دانە. 1985-يىلى ئىشلەپچىقارغان خىش 3 مىليون 700 مىڭ دانە، مەھسۇلات قىممىتى 330 مىڭ يۈەن، پايدا 76 مىڭ يۈەن بولغان.

### گۇما ناھىيىلىك تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى 1-گىلەم كارخانىسى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەينىدىكى خانىقا يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق ئىدارە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. چوڭ كوللېكتىپ كارخانا ئورنى. گۇما ناھىيىلىك تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىغا قارايدىغانلىقى، ئاساسلىقى گىلەم ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن «گۇما ناھىيىلىك تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى 1-گىلەم كارخانىسى» دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 250 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي كادىر يەتتە نەپەر، تېخنىك خادىم بىر نەپەر، گىلەم توقۇش ئىشچىسى 238 نەپەر، باشقىلىرى تۆت نەپەر.

1972-يىلى كارخانا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. دەسلەپتە ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپېراتىپ چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئىچىدىكى بىر چوڭ ئۆيدە بولۇپ، ئىككى ياغاچ جازا، تۆت نەپەر گىلەمچى بولغان. 1974-يىلى 10-ئايدا ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. ھازىر ئۈچ سېخ بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، تۆمۈر نەيچىدىن ياسالغان 34 جازا ئورنىتىلغان. ئاساسلىق مەھسۇلاتى 360

ئۆرۈشلۈك ئېكسپورت گىلىمى بولۇپ، ياپونىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، شۋېتسارىيە، غەربىي گېرمانىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق ئەللەرگە توشۇپ سېتىلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2500 كۋادرات مېتىر، مەھسۇلات قىممىتى 260 مىڭ يۈەن. 1985 - يىلى توقۇلغان گىلەم 2249 كۋادرات مېتىر، مەھسۇلات قىممىتى 225 مىڭ يۈەن بولغان.

كارخانا ئىچىدە بىر ساقلىقنى ساقلاش ئۆيى، بىر يەسلە بار.

**گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى**

زاۋۇتنىڭ ئورنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ھازىرقى گۇما بازىرىنىڭ تۈگمەنبېشى كەنتىدە. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىغا قارايدۇ. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، 64 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار.

ئەسلىدە گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى بولۇپ، 1964 - يىلى قۇرۇلغانىدى. 1970 - يىلى 8 - ئايدا پونكىتتىكى تراكتورلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ھەرقايسى گوڭشې، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىدىغان، ئاددىي دېھقانچىلىق ماشىنا زاپچاسلىرىنى ياسايدىغانغا ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن نامىنى «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى» دەپ ئۆزگەرتكەن.

قورۇلۇش كۆلىمى 9000 كۋادرات مېتىر، ئىككى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش دۇكىنى بار، زاۋۇت ئىچىدە رېمونت قىلىش، ئىش قوشۇش، سېلىسارلىق، سوقۇپ پىرېسلاش، قۇيمىچىلىق قاتارلىق سېخلار بار. ئورنى 90000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قىرىش ستانوكىدىن بەشى، رەندىلەش ستانوكىدىن ئىككىسى، ئۇنىۋېرسال يونۇش ستانوكى، تۈز يۈزنى سىلىقلاش ستانوكى، ئەسۋاپ سىلىقلاش ستانوكى، جەينەكلىك ئوقنى سىلىقلاش ستانوكى، يەل بازغان، 60 توننىلىق ئېتىلىپ بېسىش ستانوكلىرىدىن بىردىن بار، 50 كىلوۋاتلىق دۇگىلاتقۇچلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، توك چىقىرىش ئىقتىدارى 100 كىلوۋات. يەنە ئىككى ئاپتوموبىل بار.

لازىملىق پولات ماتېرىياللىرى ۋە خامئەشيالارنى ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا تارماقلىرى بىلەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى تەمىنلەيدۇ. يىللىق تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى 80 ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ، 1985 - يىلىدىكى مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كۆرگەن پايدىسى 30 مىڭ يۈەن بولغان.

زاۋۇت ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، ياتاق ۋە ئائىلىلىكلەر قورۇسى، ئوتياشلىق يەر قاتارلىق پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى بار.

**گۇما ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ**


گۇما ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيە شەھىرىدىكى گۈلباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان، ئىگەللىگەن ئورنى 45 مو، قورۇلۇش كۆلىمى 5778 كۋادرات مېتىر.

بۇ مەكتەپ 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان. دەسلەپكى قۇرۇلغان چاغدا 90 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 12 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان. 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغان. 1964 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى تەسىس قىلىنغان. 1967 ـ يىلى «گۇما ناھىيىلىك خۇڭۋېيبىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1978 ـ يىلى «گۇما ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

بۇ مەكتەپ ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق مەكتەپ بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن توققۇزى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن توققۇزى بار، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 878 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 85 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 63 نەپەر.

مەكتەپتە نازۇك ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى بار. بىردىن فىزىكا، خىمىيە، فىزىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى بار، ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىر قەدەر تولۇق. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيىدە 16 مىللىمېترلىق بىر كىنو فىلىمى قويۇش ئاپپاراتى بار، بىر ئاپتوموبىلى، 24 ديۇيملىق بىر تېلېۋىزور بار.

مەكتەپ قۇرۇلغان يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان 6671 نەپەر تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ چىققان، ئالىي مەكتەپلەرگە 85 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 134 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ بەرگەن. ھەرقايسى تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان كادىر، ئىشچىلار 301 نەپەر.



دەرسخانىدا تەجرىبە ئىشلەش.

## گۇما ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى بوستان يولىنىڭ غەربىي ياقىسىغا جايلاشقان. مەكتەپ قورۇلۇشى 3543 كۋادران مېتىر، ياتاق قورۇلۇش كۆلىمى 5190 كۋادرات مېتىر.

بۇ مەكتەپ ناھىيىدىكى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن. ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇلۇش ۋاقىت تەرتىپى بويىچە «گۇما ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ نام بېرىلگەن. 1953 - يىلى مەكتەپ قورۇلغاندا، ئەسلىدە «گۇما ناھىيىلىك خەنزۇ - خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى» بولۇپ، 1 - رايون مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىدى. 1954 - يىلى خانىقانىڭ يېنىدىكى بىر پۇقرانىڭ ھويلىسىغا يۆتكەلگەن، 1961 - يىلى ناھىيىلىك باللار باغچىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1964 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى قورۇلغان، پىئونېرلار ئەترىتى، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قورۇلغان، 1965 - يىلى پارتىيە تەشكىلاتى قورۇلغان. 1967 - يىلى نامى «گۇما ناھىيىلىك دۇڭفاڭخۇڭ مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1972 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ «گۇما ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ قىسمى سىرتقا يۆتكىلىپ چىقىپ «گۇما ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ» بولۇپ قورۇلغان.

ئىشخانا، تەجرىبىخانا، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيى، كۇتۇپخانا، داۋالاش ئۆيى، ئامبار، ئاشخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە سېمونتتىن ياسالغان چىراقلىق توپ مەيدانى بار. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيىدە 16 مىللىمېتىرلىق بىر كىنو قويۇش ئاپپاراتى، تۆت كۆلەمگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى بار. كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 2300 پارچىدىن ئارتۇق، گېزىت - ژورنال 44 تۈرلۈك.

تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپى 10، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 367 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىسى 47 نەپەر، بۇنىڭدىن ئوقۇتقۇچى 35 نەپەر، مەمۇرىي رەھبەر 7 نەپەر، ئىشچى 5 نەپەر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى جەھەتتە: داشۆنى پۈتتۈرگەنلەر 2 نەپەر، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 19 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 6 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر 7 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر بىر نەپەر. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچى 130 نەپەر، ھەر خىل ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 15 نەپەر، ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 81 نەپەر.

مەكتەپ ئىچىدە 6 مو ئوتياشلىق يەر بار. مەكتەپ سىرتىدا مەكتەپ باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، 100 مو تېرىلغۇ يېرى بار.

## گۇما ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

سايباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگىچە بولغان ئارىلىقى 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە گۇما بازىرى سەيچىمەھەللە كەنتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى بىلەن قوشنا، غەربىي تەرىپى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋە سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى بىلەن يول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدە ناھىيىلىك تەمىنات -

سودا كوپېراتىپىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى بار. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاچقا، «گۇما ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى» دەپ نام ئالغان.

بۇ دوختۇرخانا 1953-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتىكى ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى «شۈكپەن زاراتلىق» دېگەن يېرىدە بولۇپ، «گۇما ناھىيىلىك داۋالاش پونكىتى» دەپ ئاتالغان، ئۈچ نەپەر تىببىي خادىمى بولغان. 1955-يىلى بىر نۆۋەت كېڭەيتىلىپ «گۇما ناھىيىلىك شىپاخانا» غا ئۆزگەرتىلگەن، تىببىي خادىملىرى يەتتە نەپەرگە كۆپەيتىلگەن. 1965-يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ، نامى «گۇما ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر 114 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 59 نەپەر، خەنزۇ 37 نەپەر، خۇيزۇ 2 نەپەر، چاۋشەنزۇ بىر نەپەر، شىۋە بىر نەپەر.

دوختۇرخانىدا 791 كۋادرات مېترلىق ئامبۇلاتورىيە، 1699 كۋادرات مېترلىق كېسەلخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى بار بولۇپ، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 34679 كۋادرات مېتر. تىببىي خادىم 74 نەپەر بولۇپ، ئۇنۋان بېكىتىلگىنى 19 نەپەر.

ئىچكى ۋە باللار كېسەللىكى بۆلۈمى، تاشقى كېسەل بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، يۇقۇملۇق كېسەللىك بۆلۈمى، جۇڭيى بۆلۈمى ۋە مىللىي تىبابەت بۆلۈمىدىن ئىبارەت 6 داۋالاش بۆلۈمى بار. يەنە رېنتگېن ئۆيى، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆيى، شىندىيەنتۇخانا، تەمىنلەش ئىشخانىسى ۋە دورا بۆلۈمى (جۇملىدىن دورا ياساش ئۆيى) قاتارلىق بەش تىببىي تېخنىكا ئىشخانىسى بار. كېسەلخانىدا 104 كېسەل كارىۋىتى بار. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن بىر ناۋدىيەنتۇ ئاپپاراتى، ئىككى شىندىيەنتۇ ئاپپاراتى، بىر دانە 200 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار بار... ھەمدە باشقا كۈندىلىك داۋالاش سايمانلىرى بار. ئۆت خالتىسى، تال، ئاشقازان (كۆپ قىسمىنى)، بۆرەك، مەزى بېزى، بالىياتقۇ بويۇنى قاتارلىقلارنى ئوپېراتسىيە قىلالايدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامبولاتورىيىدە كۆرىدىغان كېسەل 52786 ئادەم قېتىم، ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغىنى 2224 ئادەم قېتىم بولىدۇ.

## بۇلاق بورا كارخانىسى

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 10 كىلومېتر كېلىدۇ، يېزا باشقۇرغان كارخانا. 69 ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 235. قومۇشلۇق كۆلىمى 500 مو، شال 65 مو، بېدە 125 مو، يىلىغا 50 مىڭ پارچە بورا ئىشلەپچىقىرىدۇ، 13 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ. ھازىر 55 تىپلىق بىر تراكتور بار. بۇ جاي تەبىئىي قومۇشلۇق بولۇپ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدە بۇلاق بار، كارخانا بۇلاقنىڭ يېنىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1966-يىلى قۇرۇلغان.

## دۇۋا قوشچاللىق كۆمۈر كان

دۇۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 5 كىلومېتر كېلىدۇ، 12 نەپەر ئۇيغۇر بار. كۈنلۈكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 توننا كۆمۈر ئالىدۇ. بۇ كۆمۈر كان دۇۋا تەۋەسى-

دىكى ئىككى چوققىنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان.

**گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى**

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى بوستان يولىنىڭ غەربىي ياقىسىغا جايلاشقان. ئورنى 9 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر، ھازىر بار ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 15 نەپەر. ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلار ۋە زاپچاسلىرى قاتارلىقلارنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەسلىدە ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا زاپچاسلىرى ماگىزىنىغا قاراشلىق ئىدى. 1964 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا پونكىت بولۇپ قۇرۇلغان. ئۆزىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى» دەپ نام بېرىلگەن. 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**گۇما ناھىيىلىك تېببىي دورا شىركىتى**

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى يېڭىبازار يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1080 كۋادرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 14 نەپەر. ئاساسەن جۇڭيى ۋە غەربچە دورا ھەم تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدۇ، يىللىق سېتىش سوممىسى 400 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا. 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە تېببىي دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئاتالغان، سەھىيە سىستېمىسىدىن باشقۇرغان. 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**گۇما ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى**

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى يېڭىبازار يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان. ئورنى 65 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مو. ھازىر بار ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 142 نەپەر، قارمىقىدا 8 ئاساسقاتلام كوپېراتىپ بار. 1985 ـ يىلىدىكى سېتىش سوممىسى 16 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىغا 320 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنداق ئاتالغان. 1952 ـ يىلى قۇرۇلغان.

**گۇما ناھىيىلىك كىنوخانا**

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى گۈلباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر. يازلىق كىنوخانىسى 1800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3217 كىشىلىك ئورۇن بار. ھازىرقى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 11 نەپەر. 1985 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمى 99 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقۇرىغا 31 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنداق نام ئالغان. 1950 ـ يىلى قۇرۇلغان.

**گۇما ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى**

ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى كونابازار يولىنىڭ غەربىي ياقىسىغا ئورۇنلاشقان. ھازىر 45 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، ئورنى 25 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3335 كۋادرات مېتىر. 21 ئاپتو-

موبىل، 17 سۇرەتمە، ئىككى ئاپتوبۇس بار. ئاپتوموبىل ئۆيى ۋە رېمونت سېخى بار. مۇقىم مەبلىغىنىڭ قىممىتى 870 مىڭ يۈەن. 1985-يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمى 711 مىڭ يۈەن، پايدىسى 76 مىڭ يۈەن بولغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىي خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنداق ئاتالغان.

### پىيالما يېزا هاك خۇمدان

پىيالما يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 7 كىلومېتر كېلىدۇ. يىللىق هاك مەهسۇلاتى 200 توننا ئەتراپىدا. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مەهسۇلاتىغا ئاساسەن شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى قۇرۇلغان.

### گۇما تاشيول ئۇچاستكىسى

ناهىيە شەھىرى ئىچىدىكى شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىغا ئورۇنلاشقان. قارمىقىدا 6 داۋبەن بار. هازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 132 نەپەر، چاكۇ-قاغىلىق تاشيول ئوق لىنىيىسى (قارايارىدىن سىيلىققىچە) دىن 171 كىلومېتىرلىق ئاسفالت يولنى ئاسرايدۇ. ئۈچ ئاپتوموبىل ۋە باشقا يول ئاسراش ئەسلىھەلىرى بار. 1972-يىلى ئۇچاستكا قۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسىغا قارايدۇ. ئۇچاستكىنىڭ ئورنى گۇما ناهىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە بولۇپ، گۇما ناهىيىسى تەۋەسىدىكى تاشيولنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### گۇما ناهىيىلىك ئورۇق شىركىتى

ناهىيە شەھىرى ئىچىدىكى سايباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا. ئورنى 10 مو كېلىدۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1337 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 14 نەپەر. ئاساسەن هەر خىل زىرائەت ئورۇقلىرى تىجارىتىگە مەسئۇل بولۇپ، سورتلۇق ئورۇقلۇق يېتىشتۈرۈشنى رايونلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورۇقلارنى سېلىشتۇرۇپ سىناق ئېلىپ بارىدۇ. 1958-يىلى قۇرۇلغان، 1985-يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمى 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7900 يۈەن پايدا كۆرگەن.

### خەلق هۆكۈمەت مېهمانخانىسى

ناهىيە شەھىرى ئىچىدىكى يېڭىبازار يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان. ئىگەللىگەن ئورنى 10 مودىن ئارتۇق. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىر، 31 ئېغىزلىق مېهمان ياتىقى، 120 كارىۋات بار، مىللىي، خەنزۇ ئاشخانىلىرى بار. 1985-يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمى 72 مىڭ 800 يۈەن بولغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى قۇرۇلغان.

| ئۆلچەملىك نامى | قۇرۇلغان يىلى | تۇرۇشلۇق ئورنى |
| --- | --- | --- |
| جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇما ناهىيىلىك كومىتېتى | 1950-يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇما ناهىيىلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى | 1959-يىلى | يېڭىئۆستەڭ يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |

| | | |
|---|---|---|
| گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | 1950 ـ يىلى | گۇلباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 1954 ـ يىلى | يېڭىبازار يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | 1950 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى | 1950 ـ يىلى | خانقا يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| شەھەر پەيچۇسو | 1961 ـ يىلى | كونا بازار يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| سانجۇ پەيچۇسو | 1950 ـ يىلى | سانجۇ يېزىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى | 1973 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | 1956 ـ يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | 1950 ـ يىلى | يېڭىبازار يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | 1953 ـ يىلى | كونابازار يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك باج ئىدارىسى | 1950 ـ يىلى | كونابازار يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما بازار باجخانا | 1961 ـ يىلى | كونابازار يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| قوشتاغ باجخانا | 1950 ـ يىلى | قوشتاغ يېزىسىدا |
| كۆكتېرەك باجخانا | 1973 ـ يىلى | كۆكتېرەك يېزىسىدا |
| سانجۇ باجخانا | 1950 ـ يىلى | سانجۇ يېزىسىدا |
| مۇجى باجخانا | 1950 ـ يىلى | مۇجى يېزىسىدا |
| موكويلا باجخانا | 1950 ـ يىلى | موكويلا يېزىسىدا |
| زاڭگۇي باجخانا | 1950 ـ يىلى | زاڭگۇي يېزىسىدا |
| دۇۋا باجخانا | 1976 ـ يىلى | دۇۋا بازىرىدا |
| گۇما ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1979 ـ يىلى | خانقا يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| قوشتاغ يېزا سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى | 1979 ـ يىلى | قوشتاغ يېزىسىدا |

| | | |
|---|---|---|
| مۇجى يېزا سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى | 1979-يىلى | مۇجى يېزىسىدا |
| موكويلا يېزا سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى | 1979-يىلى | موكويلا يېزىسىدا |
| زاڭگۇي يېزا سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى | 1979-يىلى | زاڭگۇي يېزىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1959-يىلى | بوستان يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى | 1953-يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى | 1953-يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك كىنو فىلىم قويۇش-تارقىتىش شىركىتى | 1980-يىلى | گۈلباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى | 1974-يىلى | ساغان كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي شىمالىدا |
| گۇما ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا تەمىنلەش شىركىتى | 1982-يىلى | يېڭىبازار يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى | 1955-يىلى | گۈلباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى | 1952-يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| قوشتاغ پوچتىخانا | 1955-يىلى | قوشتاغ يېزىسىدا |
| سانجۇ پوچتىخانا | 1954-يىلى | سانجۇ يېزىسىدا |
| مۇجى پوچتىخانا | 1955-يىلى | مۇجى يېزىسىدا |
| موكويلا پوچتىخانا | 1972-يىلى | موكويلا يېزىسىدا |
| زاڭگۇي پوچتىخانا | 1956-يىلى | زاڭگۇي يېزىسىدا |
| گۇما ئۈزۈنيوللۇق تېلېگراف سىم ئۇچاستىكىسى | 1960-يىلى | سايباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| جۇڭگو خەلق بانكىسى گۇما ناھىيىلىك تارماق بانكىسى | 1950-يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |

| | | |
|---|---|---|
| جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى گۇما ناھىيىلىك تارماق بانكىسى | 1981 ـ يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |
| جۇڭگو خەلق يېزا ئىگىلىك بانكىسى گۇما ناھىيىلىك تارماق بانكىسى | 1980 ـ يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما بازارتىجارەت پونكىتى | 1980 ـ يىلى | گۇما بازىرىدا |
| قوشتاغ تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | قوشتاغ يېزىسىدا |
| كۆكتېرەك تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | كۆكتېرەك يېزىسىدا |
| سانجۇ تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | سانجۇ يېزىسىدا |
| مۇجى تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | مۇجى يېزىسىدا |
| موكويلا تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | موكويلا يېزىسىدا |
| زاڭگۇي تىجارەت پونكىتى | 1954 ـ يىلى | زاڭگۇي يېزىسىدا |
| پىشنا تىجارەت پونكىتى | 1982 ـ يىلى | پىشنا يېزىسىدا |
| ئۆستەڭبويى مېھمانخانا | 1980 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| شىنخۇا كىتابخانىسى | 1954 ـ يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1938 ـ يىلى | خانىقا يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1953 ـ يىلى | بوستان يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1938 ـ يىلى | يېڭىبازار يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1974 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى | 1953 ـ يىلى | شىمالىي گۇما يولىنىڭ غەربىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك كۇتۇپخانا | 1985 ـ يىلى | يېڭىبازار يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى | 1956 ـ يىلى | خانىقا يولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا |
| گۇما ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1973 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |

| | | |
|---|---|---|
| گوما ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيىنى باشقۇرۇش پونكىتى | 1981 ـ يىلى | سايباغ يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |
| گوما قاتناشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش پونكىتى | 1981 ـ يىلى | شىمالىي گوما يولىنىڭ شەرقىي ياقىسىدا |
| شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ گوما ترانسپورت بىكىتى | 1954 ـ يىلى | ساغان چاكۇ ـ قاغىلىق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا |



گوما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىنىڭ رېمونت سېخىدا.

# سۈنئىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ناملىرى

# سۇنئىي قۇرۇلۇشلارنىڭناملىرى

## سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، زاكۇ، تاشيول، قۇدۇقلارنىڭ ناملىرى

### سانجۇ سۇ ئامبىرى

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، سانجۇ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدا بولغاچقا «سانجۇ سۇ ئامبىرى» دەپ نام ئالغان. توغاننىڭ يۇقۇرىسىدىكى دەريا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 كىلومېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ.

1976 ـ يىلى ئىش باشلىغان، 1977 ـ يىلىدىن باشلاپ توپا ئېقتىپ توغان كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1983 ـ يىلى چوڭ توغاننى تۇتاشتۇرۇپ، توپا توغانلىق قىلىپ ياساپ چىققان. توغاننىڭ ئېگىزلىكى 63 مېتىر، ئۈستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1076 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 600 مېتىر. باش تەرىپىنىڭ يانتۇلۇق نىسبىتى 1:32، 1:5، 1:6؛ ئاياغ تەرىپىنىڭ يانتۇلۇق نىسبىتى 1:3، 1:4. ئامبارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 65 مىليون كۇب مېتىر، تۇختامسۇ سىغىمچانلىقى 4 مىليون كۇب مېتىر. توغان تۆپىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2183 مېتىر، تۇختامسۇ گورىزونتى 2178.5 مېتىر. بېتونلۇق سۇ چىقىرىش تونىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 358.7 مېتىر، تەشمىسىنىڭ دىئامېترى 3 مېتىر، $\frac{1}{400}$ ئوكلونلۇق پىلاندىكى سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 30 كۇب مېتىر، سىلىشتۇرمىسى 35 كۇب مېتىر سېكۇنت. بېتونلۇق كەلكۈن چىقىرىش تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 393.2 مېتىر، تەشمىسىنىڭ دىئامېترى 4.5 مېتىر. $\frac{1}{250}$ ئوكلونلۇق نورمالىنى سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 198 كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ بولغاندا سېكۇنتىغا 207 كۇب مېتىر. بېتونلۇق تۆت چاسا توسمىلىق كەلكۈن چىقىرىۋېتىش ئېغىزىنىڭ توسما كەڭلىكى 30 مېتىر، توسما تۆپىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2178.5 مېتىر، نىسبەتسىز قىلىپ پىلانلانغان بولۇپ، سىلىشتۇرمىسى 63 كۇب مېتىر/سېكۇنت. غەيرىي نورمالىنى سۇ گورىزونتى 210 كۇب مېتىر/سېكۇنت. توغاننىڭ كەينىدە بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پىلانلانغان بولۇپ، پىلاندىكى گېنېراتور سىغىمى 3000 كىلوۋاتلىق.

سانجۇ دەرياسى بىلەن ھازىر سانجۇ، مۇجى، زاڭگوي يېزىلىرىنىڭ 180 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغۇرىلىدۇ، سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن سانجۇ دەرياسى تۆپتىن تېزگىنلىنىپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى يەنە 90 مىڭ مو كېڭەيتىلىدۇ.

## ياپچان سۇ ئامبىرى

بۇ سۇ ئامبىرى گۇما بازىرى ياپچان كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 24.1 كىلومېتر كېلىدۇ. ئامبار 1965-يىلى 3-ئايدا ياسىلىشقا باشلىنىپ، 1969-يىلى 12-ئايدا پۈتكەن. بۇنى ياساشتىكى مەقسەت ۋە رولى: سۇنى توسۇپ جۇغلاش، كەلكۈن سۇنى تەڭشەش، قىش پەسلىدىكى بىكار سۇنى بېسىۋېلىپ ئەتىياز پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىشتىن ئىبارەت. ئامبار سىغىمى 20 مىليون كۇب مېتر. سۇ مەنبەسىنى قوشتاغ دەرياسى تولۇقلايدۇ. قوشتاغ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى گۇما بازىرى، كۆكتېرەك يېزىسى، موكويلا يېزىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارىلارنىڭ بولۇپ 200 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر سۇغۇرىلىدۇ.

سۇ ئامبىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: يىللىق تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە، پىلانلانغان كەلكۈن سۇ گورىزونتى 1663 مېتر، سېلىشتۇرما كەلكۈن سۇ گورىزونتى 1665 مېتر، توختامسۇ گورىزونتى 1643 مېتر، تىنىپ كەتكەن لاتقا مىقدارى 300 كۇب مېتر.

سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلمىسى: ئاساسىي تۇغان توپىدىن ياسالغان بولۇپ، لاي ئېقىتىپ تىندۇرۇپ ئىشلەنگەن. تۇغاننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 29 مېتر، ئەڭ چوڭ ئۇزۇنلۇقى 2100 مېتر، تۇغان تۆپىسىنىڭ كەڭلىكى 15 مېتر. سۇ قويۇۋېتىش تەشمىسى 3 ئېغىزلىق كۇب شەكىللىك سۇڭگۈچ بولۇپ، ھەر بىر ئېغىزنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 1.8×1.5 مېتردىن. ئەڭ كۆپ سۇ چىقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 40 كۇب مېتر، كولۇپچلۇق پولات قاپقىسى بار. چىغىرىق ئۈسكۈنىلىرى قولدا ۋە توك كۈچىدە ئىككى خىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان 50 توننىلىق ئەگرۇنلۇك چىغىرىقتىن ئىبارەت. كەلكۈن چۈشۈرۈش ئۆستىكى: سۇ ئامبىرىنىڭ بېشىدىن باشلىنىدىغان، ئوچۇق كەلكۈن سۇ چۈشۈرىۋېتىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى 40 مېتر، ئەڭ كۆپ سۇ چىقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 70 كۇب مېتر، ئۇنىڭ يېنىدا بەش ئېغىزلىق سۇ باشلاش زاكۇسى پىلانلانغان بولۇپ، ئومۇمىي كەڭلىكى 15 مېتر.

سۇ ئامبارنىڭ قارىمىقىدا بىر كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، 80 تىپلىق سۇ تۇربىنىسىدىن ئىككىسى قۇراشتۇرۇلغان، توك چىقىرىش مىقدارى 55×2 كىلوۋات.

بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلغار، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئىشلىرى بويىچە ئىلغار قۇرۇلۇش، پەن-تېخنىكا زور نەتىجىسى مۇكاپاتىغا شەرەپ بىلەن مۇيەسسەر بولغان.

## غالىبىيەت ئۆستىڭى

غالىبىيەت ئۆستىڭىنىڭ يەنە بىر ئىسمى «ھەمكارلىق ئۆستىڭى» بولۇپ، گۇما بازىرى دائىرىسىدە، ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتر، كەڭلىكى 8 مېتر، تاش بېسىپ سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان. سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 30~25 كۇب مېتر.

بۇ ئۆستەڭ ياپچان سۇ ئامبىرىدىن باشلىنىپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، گۇما بازىرىنىڭ ياپچان، تومشۇقتاللدى، ساغان كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ، ساغان سۇ ئايرىش زاكۇسغىچە بارىدۇ. ئۇ يەردىن نىشاندا ئۆستەڭ، كۆكتېرەك ئۆستەڭ ۋە ئارايار ئۆستەڭلەرگە ئۆلىشىدۇ. ئۆستەڭدە ياپچان سۇ ئايرىش زاكۇسى قۇرۇلغان بولۇپ، موكويلا ئۆستەڭگە ئۆلىشىدۇ، 180 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1968 - يىلى باشلىنىپ، 1969 - يىلى 11 - ئايدا تاش تىزىلغان، قۇرۇلۇش داۋامىدا كۆپ قېتىم كەلكۈن سۇ كېلىپ يار ئېلىپ كېتىپ، تاكى 1975 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن تولۇق پۈتكۈزۈلگەن. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە نىشاندا، كۆكتېرەك، موكويلا گۇگشىلىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلىكتە ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ، ئورتاق تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ 6 يىل جىددىي جەڭ قىلىپ ياساپ چىققان بولغاچقا «ھەمكارلىق ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. 1976 - يىلى 11 - ئايدا نامىنى «غالبىيەت ئۆستەڭ» گە ئۆزگەرتكەن.

## قارايار كۆۋرۈك

بۇ كۆۋرۈك پىيالما يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.7 كىلومېتر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان، تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. غەربىي شىمالىدىن ناھىيە شەھىرىگىچە بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 81 كىلومېتر كېلىدۇ، چاكۇ - قاغىلىق تاشيولى ئۇق لېنىيىسىنىڭ 1341 كىلومېتىرلىق يول تاختىسىنىڭ قېشىدا.

كۆۋرۈك گەۋدىسى پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، شورلۇق سۇ ئامبىرى كەلكۈن چۇشۇرۇش ئۆستىڭگە سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 9 مېتر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتر، كەڭلىكى 7 مېتر كېلىدۇ، ئىككى تەرىپىگە سالاسۇن ئورنۇتۇلغان بولۇپ، سالاسۇننىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتر. ئىككى سۇگگۈچلۈك بولۇپ، سۇگگۈچنىڭ دىئامېتىرى 8 مېتر، ئەڭ كۆپ سۇ ئۆتۈش مىقدارى 400 كۇب مېتر، كەلكۈن مەزگىلىدە كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتر كېلىدۇ، قىش پەسلىدە سۇ ئۈزۈلۈپ قۇرۇپ قالىدۇ.

كۆۋرۈك 1966 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1966 - يىلى 12 - ئايدا رەسمىي ماشىنا قاتنىغان. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مىقدارى 60 تونىنا بولۇپ، مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك، چاكۇ - قاغىلىق تاشيولى ئۇق لېنىيىسىدىكى مۇھىم كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ساغان كۆۋرۈك

ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 7 كىلومېتر كېلىدۇ، گۇما بازىرىنىڭ ساغان كەنتى دائىرىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ساغان كۆۋرۈك» دەپ ئاتالغان. چاكۇ - قاغىلىق تاشيولى ئۇق لېنىيىسىدىكى 1391.8 كىلومېتىرلىق يول تاختىسىنىڭ قېشىدا.

بۇ كۆۋرۈك غالبىيەت ئۆستىڭىنىڭ ئۈستىگە ياسالغان بولۇپ، گەۋدىسى پولات چىۋىق بېتونلۇق قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. ئۇزۇنلۇقى 20 مېتر، ئېگىزلىكى 2.4 مېتر، كەڭلىكى 8.2 مېتر.

ئىككى ياقىسىدا سالاسۇنى ۋە ئادەم ماڭىدىغان كۆپۈنكى يولى بار. ماشىنا يۈرىدىغان يولىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتر، سالاسۇننىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتر، ئادەم ماڭىدىغان يولىنىڭ كەڭلىكى 0.6 مېتر كېلىدۇ. ئىككى سۇئىگۈچلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، ئارتىلىش ئارىلىقى 10 مېتر، سۇئىگۈچىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتر. ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى 60~50 كۇب مېتر، كەلكۈن مەزگىلىدە كۆۋرۈك تېگىدىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتر بولىدۇ، قىش پەسلىدە سۇ ئۈزۈلۈپ قۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى 1966-يىلى 4-ئايدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 12-ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ماشىنا قاتنىغان. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مىقدارى 30 تونىنا. مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى ئۇق لىنىيىسىدىكى مۇھىم كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى.

## چاسكام زاكۇ كۆۋرۈك

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 36 كىلومېتر كېلىدۇ، سانجۇ دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا، سانجۇ يېزىسى چاسكام سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ قېشىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇجى، زاڭگۈي ئۆستەڭلىرىگە ئاقىدىغان سۇ مىقدارىنى كونترول قىلىدۇ ۋە تەقسىم قىلىدۇ، زاكۇ بىلەن كۆۋرۈك بىر گەۋدە قىلىپ قۇرۇلغان، شۇ سەۋەبىلەردىن «چاسكام زاكۇ كۆۋرۈك» دەپ ئاتالغان. ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارايدۇ. ئۈچ نەپەر مەخسۇس باشقۇرۇش خادىمى بار.

چاسكام زاكۇ كۆۋرۈكى مەركىزى قۇرۇلۇش بولۇپ، گويا بىلەن سانجۇ ئارىلىقىدىكى قاتناش تۈگۈنى. كۆۋرۈك بىلەن زاكۇ بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىنغان، شېغىل بېتونلۇق قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. زاكودا خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈچ ئېغىز زاكۇ ئۆيى بار، زاكونىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتر، ئېگىزلىكى 5.4 مېتر كېلىدۇ، تۆت زاكو، 11 سۇئىگۈچلۈك قىلىپ ياسالغان. شەرقتىن غەربكە تىزىلغان: 1-زاكو، ئىككى سۇئىگۈچلۈك بولۇپ كەلكۈن ئېقىتىش زاكۇسى، 2-زاكۇ ئىككى سۇئىگۈچلۈك بولۇپ زاڭگۈي ئۆستەڭگە سۇ ئاقىدۇ، 3-زاكۇ تۆت سۇئىگۈچلۈك بولۇپ مۇجى يېزىسىنىڭ ئۆستىڭىگە سۇ ئاقىدۇ، 4-زاكۇ ئۈچ سۇئىگۈچلۈك بولۇپ كەلكۈن ئېقىتىش زاكۇسى. كەلكۈن ئېقىتىش زاكۇسىنىڭ سۇيى چۆلگە كېتىدۇ. 50 تونىنلىق قولدا چۆرۈيدىغان چىغىرىق بىلەن تۈز تاختاي قاپقا تىزگىنلىنىدۇ. تىك تۆت بۇلۇڭلۇق سۇئىگۈچ ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كەڭلىكى 3 مېتر، ئېگىزلىكى 3.2 مېتردىن بولۇپ، ئەڭ كۆپ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 240 كۇب مېتر.

كۆۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتر، كەڭلىكى 6.2 مېتر، شىمالىي ياقىسىدا 1.2 مېتر ئېگىزلىكتىكى سېمونت سالاسۇن بار، ئارتىلىش ئارىلىقى 3 مېتر، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 30 تونىنا.

زاكۇ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى 1968-يىلى 10-ئايدا باشلانغان. ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى ئۆزى پىلانلاپ، ياساشقا نازارەت قىلىپ، 1970-يىلى 5-ئايدا پۈتكۈزۈلگەن. مەڭگۈلۈك قۇرۇلۇش بولۇپ، ناھىيە ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭراق بولغان سۇ ئايرىش زاكۇ كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

### ساغان سۇ ئايرىش زاكوۋسى

ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 6.85 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا. بۇ سۇ ئىنشائاتى ياپچان سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ قويۇۋېتىش ئۆستىڭىدىكى مۇھىم سۇ ئايرىش تۈگۈنى بولۇپ، گۇما بازىرى، كۆكتېرەك يېزىسى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەمئىي 127 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنى سۇغۇرىدىغان سۇنى كونترول قىلىدۇ.

پولات چۆيقىلىق بېتوندىن ئىشلەنگەن مەڭگۈلۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1963-يىلى 3-ئايدا ئىش باشلاپ، شۇ يىلى 10-ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ پايدىلىنىشقا تاپشۇرۇلغان. پۈتۈن زاكۇ جەمئىي 11 سۇ ئۆتكۈچلۈك بولۇپ، ھەر بىر سۇ ئۆتكۈچنىڭ كەڭلىكى 2.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىر، غەربتىن شەرققە تىزىلغان. ئەڭ غەربىدىكىسى كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ بولۇپ ئۈچ سۇ ئۆتكۈچلۈك سۇ ئېچىش زاكوۋسى، ئۇنىڭغا يانداش بولغىنى ئىككى سۇ ئۆتكۈچلۈك كەلكۈن ئېقىتىش زاكوۋسى، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى گۇما بازىرىنىڭ ئۈچ سۇ ئۆتكۈچلۈك سۇ ئېچىش زاكوۋسى، ئەڭ شەرقىدىكى ئۆستەڭ بىلەن پاراللېل تۇرغان تۆت سۇ ئۆتكۈچلۈك سۇ ئېچىش زاكوۋسى-شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئېچىپ كېلىدىغان ئەسلىھەسى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن زاكوۋغا جەمئىي 11 دانە 3 تونىلىق ئەگرۇنلۈك چىغىرىق ئورنىتىلغان. بۇ سۇ ئايرىش تۈگۈنىنىڭ پىلانلانغان سۇ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 80 كۇب مېتىر.

بۇ قۇرۇلۇش قوشتاغ دەرياسى سۇ سىستېمىسىنىڭ سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا قاراشلىق بولۇپ، بەش نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ.

### پوسكا سۇ ئامبىرى

سانجۇ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريانى توسۇپ ئىشلەنگەن سۇ ئامبىرى. پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 3 مىليون كۇب مېتىر، 7 مىڭ مو يەرنى سۇغۇرىدۇ. توپا تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 64 مېتىر، سۇ چىقىرىش تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر. 1977-يىلى 11-ئايدا ئىش باشلاپ 1978-يىلى 11-ئايدا پۈتۈپ پايدىلانغان. تۇرۇشلۇق يۇرتنىڭ نامى بىلەن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

### ئاراقۇم سۇ ئامبىرى

كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەكشەش سۇ ئامبىرى، پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 3 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر، ياي شەكىللىك تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 7 مېتىر، 7000 مو يەر سۇغۇرىلۇقى. 1955-يىلى ئىش باشلاپ 1957-يىلى پۈتكۈزۈلۈپ پايدىلىنىلغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## خانتۇغ سۇ ئامبىرى

مۇجى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 14.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەڭشەش سۇ ئامبىرى، سۇ بېسىلىش مىقدارى 250000~150000 كۇب مېتىر، توپا تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 7~1 مېتىر. سۇ چىقىرىش زاكو- سىدىن سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 4 كۇب مېتىر. 1000 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1954-يىلى ئىش باشلىنىپ، 1958-يىلى پۈتكەن. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## خوجادۆك سۇ ئامبىرى

زاڭگۇي يېزىسىنىڭ شىمالىغا 11.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەڭشەش سۇ ئامبىرى. پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 3 مىليون كۇب مېتىر. تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، 600 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. بېلىق ۋە ياۋا ئۆردەك بار. 1961-يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىل- گەن. «سۇلتان سىدىق بۇغراخان خوجا» مازىرىنىڭ قېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## شورلۇق سۇ ئامبىرى

دۆۋا بازىرىنىڭ شىمالىغا 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريانى توسۇپ ئىشلەنگەن سۇ ئامبار. پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 4 مىليون كۇب مېتىر. تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 110 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىر، ئېگىزلىكى 17 مېتىر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر، تۇغاننىڭ شەرقىدە ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان كەلكۈن چىقىرىش ئۆستىڭى بار. سۇ ئۆتىدىغان سۇ ئۆتكۈچنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 16 كۇب مېتىر، 12 مىڭ 400 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1978-يىلى 11-ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1979-يىلى 11-ئايدا پۈتۈپ پايدىلىنىلغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## كەڭەز سۇ ئامبىرى

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شىمالىغا 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريانى توسۇپ ئىشلەنگەن سۇ ئامبار. پىلانلانغان ئامبار سىغىمى بىر مىليون كۇب مېتىر. تۇغان تاش ۋە سېمونت لايىدىن قوپۇرۇلغان بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 18 مېتىر، ئېگىزلىكى 19 مېتىر، سۇ ئۆتكۈچنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16.5 مېتىر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 127 مىڭ كۇب مېتىر. 1978-يىلى 4- ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1979-يىلى 5-ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلگەن. تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## ئاقشور سۇ ئامبىرى

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، دەريا توسۇش سۇ ئامبىرى، پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 3 مىليون كۇب مېتىر، توپا تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر. ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر. 4 تۆشۈكلۈك سۇ چىقىرىش سۇ ئۆتكۈچى بار بولۇپ، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر. 1979-يىلى 3-ئايدا ئىش باشلاپ، شۇ يىلى 10-ئايدا پۈتكۈ- زۈپ پايدىلانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئىتتىپاق ئۆستەڭ**

قوشتاغ يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، غەربتە كىلياڭ باش ئازمىدىن باشلىنىپ شەرقتە قوشتاغ كۆۋرۈككىچە بارىدۇ، تاش بېسىپ ئىشلەنگەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32.6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 50~40 كۇب مېتىر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 300 مىڭ مو. 1979 - يىلى 5 - ئايدا پۈتكەن. ئەسلىدىكى پايدىلىنىدىغان گۇڭشې - دۈيلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ ياساپ چىققانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**قوشتاغ ئۆستەڭ**

قوشتاغ كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، غەربتە سۆگەتلىك كەنتىدىن باشلىنىپ قوشتاغ كۆۋرۈك- كىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6650 مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن 5600 مېتىرلىق قىسمى تاش ياتقۇزۇلۇپ ئىشلەنگەن، كەڭلىكى 5 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 4 كۇب مېتىر، 25 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئىسمىسالا ئۆستەڭ**

قوشتاغ يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، ئاقچىغ كەنتىدىن توگمەنبويى كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر. سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 10~8 كۇب مېتىر. 17 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1969 - يىلى 11 - ئايدا پۈتكەن. ئىسمىسالا چوڭ يەر بۆلىكىدە بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

**كىلياڭ ئۆستەڭ**

قوشتاغ يېزىسى دائىرىسىدە بولۇپ، غەربتە كىلياڭ باش ئازمىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالدا ئاقچىغ كەنتىگىچە ئاقىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8.8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.6 مېتىر. چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر. سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 2 كۇب مېتىر، 7 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1968 - يىلى پۈتكەن. كىلياڭدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**نىشاندا ئۆستەڭ**

گۇما بازىرىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، جەنۇبتا ساغان سۇ ئايرىش زاكۇسىدىن باشلىنىپ شىمالدا ئاستاقوش كەنتىگىچە كېلىدۇ. تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 7 كۇب مېتىر، 32 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1960 - يىلى 12 - ئايدا پۈتكەن. بۇ ئۆستەڭ ئەسلىدىكى نىشاندا گۇڭشېگە تەۋە غول ئۆستەڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكتېرەك ئۆستەڭ**

جەنۇبتا ساغان سۇ ئايرىش زاكۇسىدىن باشلىنىپ، غەربتە كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ بەلقۇم كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12.4 كىلومېتىر. كەڭلىكى 5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 7 كۇب مېتىر، 45 مىڭ 600 مو يەرنى

سۇغارغىلى بولىدۇ. 1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتكەن. كۆكتېرەك يېزىسىغا تەۋە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سانجۇ ئۆستەڭ**

سانجۇ يېزىسى دائىرىسىدە بولۇپ، جەنۇبتا باش زاكۇدىن باشلىنىپ، شىمالدا چاسكام زاكوغىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22.8 كىلومېتر، كەڭلىكى 10 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 30 كۇب مېتر، 180 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1965 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتكەن. سانجۇ يېزىسىغا تەۋە بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**ياشلار ئۆستەڭ**

سانجۇ يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، ئاقدۆڭ زاكۇدىن باشلىنىپ، چاسكام زاكوغىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر، كەڭلىكى 2 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 4 كۇب مېتر، 30 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1966 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتكەن. بۇ ئۆستەڭنى ياشلار چاپقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**مۇجى ئۆستەڭ**

مۇجى يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، جەنۇبتا سانجۇ يېزىسىدىكى چاسكام زاكۇدىن باشلىنىپ شىمالدا كونابازار كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر، كەڭلىكى 7 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 7.7 كۇب مېتر. 68 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتكەن. مۇجى يېزىسىغا تەۋە غول ئۆستەڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**موكويلا ئۆستەڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 0.1 كىلومېتر كېلىدۇ، جەنۇبتا ياپچان زاكۇدىن باشلىنىپ، شىمالدا ناغۇت كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتر، ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى 6 مېتر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 3 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇب مېتر، 55 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1964 ـ يىلى پۈتكەن. موكويلا يېزىسىغا تەۋە غول ئۆستەڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**زاڭگۇي ئۆستەڭ**

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتر كېلىدۇ، جەنۇبتا سانجۇ يېزىسىدىكى چاسكام زاكۇدىن باشلىنىپ شىمالدا كۆلئېرىق كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26.6 كىلومېتر، كەڭلىكى 11 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 30~20 كۇب مېتر، 32 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتكەن. زاڭگۇي يېزىسىغا تەۋە غول ئۆستەڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پىيالما ئۆستەڭ**

پىيالما يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، شورلۇق سۇ ئامبىرىدىن باشلىنىپ شەرقتە تۆگمەنبويى

كەنتىگىچە كېلىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13.5 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 5.5 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 16 كۇب مېتىر، 12 مىڭ 400 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1960-يىلى پۈتكەن، 1965-يىلى تاش بېسىلغان. پىيالما يېزىسىغا تەۋە غول ئۆستەڭ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پىشنا ئۆستەڭ**

ئىسمىسالا زاكۇدىن باشلىنىپ پىشنا يېزىسىنىڭ ئاياغ ئازغان كەنتىگىچە بارىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر. كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 5~4 كۇب مېتىر، 32 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1960-يىلى 12-ئايدا پۈتكەن. «پىشنا» سۆزى «پىشا» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، مەنىسى «ئوتلاق». پىشنا يېزىسىغا تەۋە غول ئۆستەڭ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**باشلەڭگەر ئۆستەڭ**

باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، ئىسمىسالا زاكۇدىن باشلىنىپ ئويتوغراق كەنتىگىچە كېلىدۇ، تاش ئۆستەڭ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇب مېتىر، 16 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**موكويلا لەڭگەر كۆۋرۈك**

موكويلا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، چاكۇ-قاغىلىق ئوق تاشيولى بىلەن موكويلا ئۆستەڭنىڭ كېسىشىدىغان يېرىگە سېلىنغان پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر، كۆۋرۈك تاختىسىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 مېتىر، سالاسۇنى يوق، ئېغىرلىق كۆتىرىشى 50 توننا، 1982-يىلى ياسالغان، شۇ يەردىكى جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مۇجى سايباغ تاشيول كۆۋرۈك**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. چاكۇ-قاغىلىق ئوق تاشيول كۆۋرۈكى بولۇپ، مۇجى ئۆستەڭ ئۈستىدە، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق. ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېغىرلىق كۆتىرىشى 30 توننا. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**قارايار ئۆستەڭ كۆۋرۈك**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، پىيالما ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، ئېغىرلىق كۆتىرىشى 10 توننا. 1962-يىلى سېلىنغان. پىيالما غول ئۆستەڭنىڭ قاراياردىن ئۆتىدىغان يېرىگە سېلىنغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سايباغ كۆۋرۈك**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.75 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى سوڭگۈچلۈك ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ، كۆكتېرەك ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، پولات چىۋىقلىق سېمونت كۆۋرۈك.

ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، سالاسۇنى يوق ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 8 توننا. 1968 ـ يىلى سېلىنغان. سايباغ يولىدىكى ئاساسلىق كۆۋرۈك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئوتتۇرا كۆۋرۈك

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوش سۈڭگۈچلۈك ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ، كۆكتېرەك ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، پولات چىۋىقلىق سېمونت قۇرۇلمىلىق، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، سالاسۇنلۇق. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 18 توننىلىق. 1983 ـ يىلى سېلىنغان. سايباغ كۆۋرۈك بىلەن كۆكتاغ كۆۋرۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### كۆكتاغ كۆۋرۈك

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆكتېرەك ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، پولات چىۋىقلىق سېمونت كۆۋرۈك. ئۇزۇنلىقى 10 مېتىر، كەڭلۈكى 8 مېتىر، سالاسۇنلۇق، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 12 توننا. 1964 ـ يىلى سېلىنغان، شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### قوشتاغ كۆۋرۈك

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوشتاغ دەرياسىغا سېلىنغان. پولات چىۋىق ۋە سېمونت قۇرۇلمىلىق 3 سۈڭگۈچلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 7 مېتىر. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 120 توننا، سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 150 كۇب مېتىر. 1982 ـ يىلى سېلىنغان. قوشتاغ دەرياسىنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئەگلىكئېغىز كۆۋرۈك

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 35.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، كەكەز دەرياسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈك. ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ، غەربىي يېنىدا ياغاچ سالاسۇنى بار، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 5 توننا، 1967 ـ يىلى سېلىنغان. مەنىسى «ھاگلىق ئېغىز». چوڭقۇر جىلغا ئېغىزىغا سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قاتلىش كۆۋرۈك

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوشتاغ دەرياسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، پولات چىۋىق بېتون قۇرۇلمىلىق، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر، سالاسۇنى بار، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 5 توننا، 1978 ـ يىلى سېلىنغان. كەكەز دەرياسى بىلەن ئاقشور دەرياسىنىڭ قېتىلىدىغان يېرىگە سېلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قوشتۈگمەن كۆۋرۈك

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 6.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوش سۈڭگۈچلۈك ئەگمە كۆۋرۈك، زاڭگۇي ئۆستەڭگە سېلىنغان، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق، ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر،

كەڭلىكى 8 مېتر، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشى 10 توننا، 1982 ـ يىلى سېلىنغان، چاكۇ ـ قاغىلىق ئوق تاشيولىدىكى كۆۋرۈك. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ياپچان سۇ ئامبىرى كەلكۈن ئايرىش زاكوۇسى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 23 كىلومېتر كېلىدۇ، ئوچۇق 5 سۇڭگۈچلۈك كەلكۈن ئايرىش زاكوۇسى، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق، تۆمۈر قاپقاقلىق، قولدا چۆرۈپ ئېچىلىدىغان بەش چىغىرىقى بار، زاكوۇ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مېتر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 105 كۇب مېتر، 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پۈتكەن، شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### دۆجۈم سۇ ئايرىش زاكوۇسى

قوشتاغ يېزىسىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتر كېلىدۇ، ئوچۇق 2 سۇڭگۈچلۈك سۇ ئايرىش زاكوۇسى، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق. قاپقىقى تۆمۈر، قولدا چۆرۈلىدىغان 2 چىغىرىقى بار. زاكوۇ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 50 كۇب مېتر. 1979 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتكەن. «دۆجۈم»نىڭ مەنىسى «دۆۋە جەم بولغان». شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاقچىغ سۇ ئايرىش زاكوۇسى

قوشتاغ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.3 كىلومېتر كېلىدۇ، ئوچۇق شەكىللىك ئىككى سۇڭگۈچ-لۈك سۇ تەقسىملەش زاكوۇسى بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان، قولدا چۆرۈلىدىغان ئىككى چىغرىق بار. زاكوۇ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتر، سۇ ئۆتۈش مىقدارى 50 كۇب مېتر. 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتكەن، شۇ يەردىكى جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### كەلياك باش ئازما

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32.3 كىلومېتر كېلىدۇ، ئوچۇق شەكىللىك 14 سۇڭگۈچلۈك سۇ باشلاش تۈگۈن قۇرۇلۇشى بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان، تۆمۈر قاپقىلىق. 20 تونىلىق توك كۈچى بىلەن ئېچىلىدىغان چىغىرىقى بار. زاكوۇ كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 مېتر، كەڭلىكى 5 مېتر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 355 كۇب مېتر ، 1979 ـ يىلى پۈتكەن. تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### هاراپ زاكوۇ

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 8.9 كىلومېتر كېلىدۇ. ئوچۇق شەكىللىك ئىككى سۇڭگۈچ-لۈك كەلكۈن چىقىرىۋېتىش زاكوۇسى بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ئىشلەن-گەن، تۆمۈر قاپقىسى بار. ياپچان سۇ ئامبىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، 1979 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتكەن. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### دۆتاپ زاكوۇ

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26.5 كىلومېتر كېلىدۇ، ئوچۇق يەتتە سۇڭگۈچلۈك زاكوۇ، پولات چىۋىقلىق بېتونلۇق قۇرۇلما. قاپقىسى تۆمۈر، قولدا چۆرۈلىدىغان بەش تونىلىق تۆت چىغرىقى بار. زاكوۇ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مېتر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش

مقدارى سېكۇنتىغا 100 كۇب مېتىر، 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پۈتكەن. شۇ يەردىكى جاي نامى بىلەن ئاتالغان.

**ياپچان زاكۇ**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئوچـۇق بەش سۇغىرىلىش سۇ تەقسىملەش زاكۇسى. پولات چىۋىقلىق سېمونت قۇرۇلمىلىق، تۆمۈر قاپقىلىق. قولدا چۆرۈلىدىـ غان ئۈچ چىغرىقى بار، زاكۇ سۇيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر. ئەڭ چـوڭ سۇ ئۆتۈش مقـدارى سېكۇنتىغا 25 كۇب مېتىر، 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتكەن. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**باش زاكۇ**

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوچۇق ئىككى قات 7 سۇغىرىلىشچـ لىق سۇ باشـلاش، كەلكۈن چۈشۈرۈش زاكۇسى. پولات چىۋىقلىق بېتونـلۇق قۇرۇلۇش، پولات قاپـقىسى بار، قولدا چۆرۈلىدىغان 7 چىغرىقى بار. زاكۇ گەۋدىـسىنىڭ ئۇزۇنـلۇقى 30 مېتـر، كەڭلىكى 5 مېتر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مقدارى سېكۇنـتىغا 30 كۇب مېتر، ئەڭ چوڭ كەلـكۈن چۈشۈرۈش مقدارى سېكۇنتىغا 150 كۇب مېتر، 1965 ـ يىلى پۈتكەن. بۇ زاكۇ سانجۇ ئېقىنى ئۆستەڭـ نىڭ بېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قوشتاغ تاشيول**

ناھىيىلىك ترانسپورت بىكىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان ساغان كەنتىدىن قوشتاغ يېزىـسىغا بارىدىغان ئوق تاشيول بولۇپ، يۈزىگە شېغىل ياتـقۇزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 67 كـىلومېتر، كەڭلىكى 8 مېتر. بۇ يول قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنـداق ئاتالغان.

**كۆكتېرەك تاشيول**

جەنۇبتا يېڭىئۆستەڭ يولىغا ئۇلىنىپ، شىمالدا كۆكتېرەك يېزـلىق ھۆكۈمەتـكىچە بارـىدۇ، يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.25 كىلومېتر، كەڭلىكى 10 مېتر. كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**سانجۇ تاشيول**

شىمالدا سانجۇ يېزىسىنىڭ كەتمىلىك كەنتىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا سانجۇ يېزـلىق ھۆكۈمەتـ كىچە بارىدۇ. يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتر. كەڭلـىكى 7 مېتر. سانجۇ يېزىسىغا ياسالغان تاشيول بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**مۇجى تاشيول**

شىمالدا مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن باشلىنـىپ سايـباغ تاشـيول كۆۋرۈكـتە چاكۇ ـ قاغىـلىق تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبتا سانجۇ يېزىسىنىڭ كەتمىلـىك كەنـتىگىـچە بارـىدۇ، يۈزىـگە شېـغىل ياتـقۇزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر. كەڭلىكى 10 مېتـر. مۇجى يېزىـسىغا ياسالغان تاشيول بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**موكويلا تاشيول**

شىمالدا موكويلا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن باشلىنىپ جەنۇبتا موكويلا لەڭـگەر كۆۋرۈكـتە چاكۇ ـ

قاغىلىق تاشيولىغا تۇتىشىدۇ. يېزىگە شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر. موكويىلا يېزىسىغا ياسالغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**پىشنا تاشيول**

شىمالدا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىغا چىقىدۇ، جەنۇبتا پىشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتكىچە بارىدۇ، يېزىگە شېغىل ياتقۇزۇپ ياسالغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، پىشنا يېزىغا ياسالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**دۆۋا كان رايون تاشيولى**

دۆۋا بازىرى دائىرىسىدە. شىمالدا چاكۇ-قاغىلىق تاشيولىدىكى قارايار كۆۋرۈكتىن باشلىنىپ، جەنۇبتا دۆۋا كان رايونىغىچە بارىدۇ، ئايرىم يەرلىرىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر. ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى كەنتلەرنىڭ يوللىرى بۇ تاشيولغا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ يول ئۇدۇل دۆۋا كان رايونىغا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

**خارەتمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق**

گۇما بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ 0.25 كىلومېتىر شىمالىغا كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 61 مېتىر، 80 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1982-يىلى 9-ئايدا كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سەيچەمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق**

گۇما بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 67 مېتىر، 200 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1982-يىلىنىڭ بېشىدا كولانغان. شو جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**قاسقانتېرەك مازار قۇدۇق**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، سۇنئىي قۇدۇق، دىئامېتىر 1 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 7 مېتىر. سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتىر، سۈيى تاتلىق بولۇپ ئادەم ۋە چارۋا ماللار ئىچىشكە بولىدۇ. تەخمىنەن 150 يىل ئىلگىرى كولانغان. شۇ يەردىكى جاي نامى بىلەن ئاتالغان.

**دۆڭمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 43 مېتىر، سۈيىنىڭ قېلىنلىقى 5 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 20 كۇب مېتىر، 1977-يىلى كولانغان. شۇ جايدىكى يەر نامى بىلەن ئاتالغان.

**كىرپەچاپ چوڭ ئېغىزلىق قۇدۇق**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، كەڭلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 14 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 80 كۇب مېتىر، سۈيى تاتلىق، ئادەم كۈچى بىلەن كولانغان. بۇ يەر بىر قۇملۇق دۆڭنىڭ تۈۋى بولۇپ، بۇرۇن كىرپە تولا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**لەڭگەر ماشىنىلىق قۇدۇق**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 28 مېتىر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 16 مېتىر، سەييوجى ئورنىتىلغان، سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 100 كۇب مېتىر، 1981 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**باش چودا ماشىنىلىق قۇدۇق**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 7 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 35 مېتىر. سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 100كۇب مېتىر، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن، 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**بادرائېغىل قۇدۇق**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 13.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، سۇيى تاتلىق بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە بولىدۇ. تەخمىنەن مىلادى 1920 ـ يىلىنىڭ ئىلگىرىدە كولانغان. بۇرۇندا بۇ جايدا توغراقنىڭ بادرىسى بىلەن قاشالاپ ئېتىلگەن ئېغىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**مازارقۇدۇق**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 36 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلاقلىق قۇدۇق، ھازىر قۇم كۆمۈۋەتكەن. 4~3 مېتىر كولىسا سۇ چىقارغىلى بولىدۇ، سۇيى تاتلىق، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە بولىدۇ. بۇ قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر مازار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ھاجىئاخۇن قۇدۇق**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 65.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۇيى ئاچچىق، ئادەم ۋە چارۋىلار پايدىلىنىدۇ. تەخمىنەن مىلادى 1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كولانغان. بۇ قۇدۇقنى ھاجى ئاخۇن دېگەن بىر كىشى كولىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كونابازار ماشىنىلىق قۇدۇق**

موكويلا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 0.25 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىر، سۇيى تاتلىق، سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 40 كۇب مېتىر، 1979 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**بازارئېرىق ماشىنىلىق قۇدۇق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭقۇرلۇقى 58 مېتىر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 45 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 60 كۇب مېتىر، 1979 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**قاتاردۆڭ ماشىنىلىق قۇدۇق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 3.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 60 كۇب مېتىر، 1980 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**داۋۇزئۆستەڭ ماشىنىلىق قۇدۇق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 62 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 49 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 60 كۇب مېتىر، 1979 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئاراجاڭگال ماشىنىلىق قۇدۇق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 40 كۇب مېتىر ، 1979 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئاچاقاش ماشىنىلىق قۇدۇق**

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 3.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 140 كۇب مېتىر، 1982 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**بوستانئېرىق ماشىنىلىق قۇدۇق**

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 2.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 33 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتىگە 60 كۇب مېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، 1981 ـ يىلى كولانغان. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**باغچەقۇدۇق**

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 33.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە چارۋا ماللار سۇ ئىچىدۇ. تەخمىنەن بۇندىن 200 يىل ئىلگىرىدە كولانغان، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا توغراقلىق ئورمان بار بولۇپ، باغچىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

**باشلاق چارۋىچىلىق مەيدان ماشىنىلىق قۇدۇق**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىگە 0.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، ئادەم ۋە چارۋا ماللار پايدىلىنىدۇ، 1981 ـ يىلى كولانغان. «باشلاق»نىڭ مەنىسى «باش بۇلاق»، شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

# تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ نامىلىرى

# تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭناملىرى

## تاغ، تاغ ئېغىزى، ئۆڭكۈرلەرنىڭ ناملىرى

**باسالىغ**

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 43.2 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5708 مېتر، تاغدا ئىككى چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار، بىر داۋان بار. بۇ تاغدا «باسا» دەيدىغان چۆپ كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان

**لەيلىچوق**

دۈۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45.5 كىلومېتر كېلىدۇ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5032 مېتر، ياپچان، كەلەپ، سېرىقئوت قاتارلىقلار بار بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ، يەنە كېيىك، توشقان، داۋىغان، تۈلكە، ئۇلار، كەكلىك قاتار-لىقلارمۇ بار. مەنىسى «يولى تېيىلغاق تاغ». بۇ تاغنىڭ يوللىرى تىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**گەنجىتاغ**

دۈۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 17.2 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1921 مېتر. بۇ تاغدا گەج كان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قوشتاغ تېغى**

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 21.8 كىلومېتر كېلىدۇ، سۇلغاز دەرياسىنىڭ شەرقىدە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2902 مېتر. بۇ تاغ قوشتاغ يېزىسىنىڭ يېقىنىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**جايىقىر**

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 22.7 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2375 مېتر. كۆرۈك، شاپ، ياپچان قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، كەكلىك، ياۋا توشقان بار. گەج، ھاك تېشى، چىنە توپىسى زاپىسى مول. مەنىسى «مازار قىر». رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تىبەتكە ئۇرۇش قاغىلى بېرىپ، ۋەتىنىگە قايتار ۋاقتىدا ۋاپات بولۇپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىن-غاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ياتانچىتاغ**

دۈۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15.6 كىلومېتر كېلىدۇ، تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 7

كىلومېتر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1957 مېتر، گەج كېنى بار (مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

### قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 235 كىلومېتر كېلىدۇ، بۇ تاغ ئېغىزى شىنجاڭدىن ھىندىستانغا چىقىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن كېيىك، ياۋا ئېشەك، ئۇلا قاتارلىقلار بار. «قارا قۇرۇم» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «قارا قۇرام» دېگەن مەنىدە

### سىرىققىر داۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 48.1 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5035 مېتر، قىش پەسلىدە قار يىغىلىپ قېلىپ، ئېرىگەندىن كېيىن شىمالىغا قاراپ ئاققىنى سانجۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، جەنۇبىي يانتۇلۇقتىن ئاققىنى قاراقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ جاي ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر داۋانلارنىڭ بىرى. بۇ داۋاننىڭ تۇپىسى سارغۇچ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### چۇچۇداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 22.6 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5500 مېتر، چارۋا باققىلى بولىدۇ. كەكلىك، تۈلكە، ياۋا توشقان قاتارلىقلار بار. بۇ يەر پوسكىدىن كۆرلەڭگە بېرىشتا ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاي بولۇپ، داۋاننىڭ يولى تىك، ئادەم ۋە ئۇلاغنىڭ مېڭىشى تەس، ئۇلاغ ھەيدەيدىغان كىشى ھەدەپ ئارقىدىن ئىتتىرىپ توختىماستىن «چۇ! چۇ!...» دەپ ۋارقىراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### توپاداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 24.5 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3936 مېتر، ياپچان قاتارلىق چارۋا يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر بار، يەنە كېيىك، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىقلار بار. بۇ يەر بىر قەدەر ئېگىزرەك بىر توپا قىردا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### كۆلداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 27.6 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4426 مېتر، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. يەنە كېيىك، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىقلار بار. بىر ئېقىن داۋاننىڭ قېشىدىكى ئويمانلىققا قۇيۇلۇپ كۆلچەك ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### بەلدۈرداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 27 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتر، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ. ئۇلا، كەكلىك، توشقان، تۈلكە قاتارلىقلار بار. بۇ داۋاننىڭ شەكلى ھەرىلگەندەك بۆلۈم-بۆلۈم

تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### داچۇقداۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 40.6 كىلومېتر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4140 مېتر. سانجۇ يېزىسىدىن چىققان ئادەم ۋە چارۋىلار بۇ يەر ئارقىلىق ناۋئابات تەۋەسىگە بارالايدۇ. «داچۇق»نىڭ مەنىسى «جىلغا». بۇ يەر تىك قىيالىق جىلغا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### كونەسداۋان

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 38.4 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3530 مېتر. كەڭەزدىن قاغىلىق ناھىيىسىگە بارىدىغان مۇھىم يول. بۇ داۋان كونىگەي بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچچىقداۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 41 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3719 مېتر، بۇ داۋاننىڭ قېشىدىكى جىلغىنىڭ سۈيى شورلۇق بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### كوناداۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31.2 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3621 مېتر. ياپچان، كۆرۈك قاتارلىق ئۆتلار بار، يەنە كېيىك، ئۆلا، تۈلكە قاتارلىقلارمۇ بار (نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

### تىكەنئېغىل داۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34.5 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3335 مېتر، چارۋا باققىلى بولىدۇ. مەنىسى «ئېغىلى تىك داۋان». بۇ داۋان تىك بولۇپ، داۋاننىڭ پەسلىگەن ئويمان جايىغا قوتان قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ياريۇت داۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.9 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3442 مېتر، بۇ يەردە چوڭقۇر بىر يار بولۇپ، بۇرۇن بىر ئادەم بۇ يارغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

### ئايكونەس داۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 32.5 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3690 مېتر.

### توڭباش داۋان

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34.7 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3665 مېتر. بۇ داۋاننىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قاراقۇرام

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 52.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5104 مېتر. ئوت-چۆپ بار، مال باقىلى بولىدۇ. بۇ يەردە قارا قۇرام تاشلار كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قاۋاقداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 110.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5114 مېتر، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، چارۋا باقىلى بولىدۇ. قوتاز، كېيىك، بۆرە، ئۈلا، كەكلىك قاتارلىقلار بار (مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

### سۆگەتداۋان

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 107.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5390 مېتر، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدا. ياپچان قاتارلىق مال يەيدىغان ئوت-چۆپلەر بار. يەنە كېيىك، ئۈلا، كەكلىك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ داۋاندا تاغ سۆگىتى كوپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قوتازجىلغا داۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 92.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5228 مېتر، داۋاندا سۇ بار بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار تەمىنلىنىدۇ. كەلەپ، ياپچان ۋە سېرىنغ قاتارلىق ئوت-چۆپلەر ئۆسىدۇ. يەنە قوتاز، كېيىك، تۈلكە، بۆرە، ئۈلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋا ئۇچار قاناتلار بار. داۋاننىڭ تۈۋىدىكى «قوتاز جىلغا» دېگەن جىلغىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### باسالىغداۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 54.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5242 مېتر، داۋاننىڭ شىمالىي تەرىپى تىك، سانجۇ يېزىسىغا بارىدىغان مۇھىم يول. كېيىك، تۈلكە، بۆرە قاتارلىقلار بار. «باسا» بىر خىل چۆپنىڭ نامى

### سېرىقئارت داۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4140 مېتر. ئاقشوردىن بوستانتار تېغى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسىگە بارىدىغان يول. داۋاننىڭ ئەتراپىدىكى سېرىقئارت چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### سېرىقئارت كىچىكداۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 29.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3424 مېتر. بۇ داۋان سېرىقئارت چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ قېشىدا، كۆلىمى كىچىكرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قازنەقۇلۇغ داۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 31.7 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3825 مېتر. داۋاننىڭ قېشىدىكى قازنىقۇلۇغ چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### توزلاداۋان

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 36.7 كىلومېتر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3610 مېتر. گويا بىلەن قاغىلىقنىڭ پاسىلى. ياپچان، كۆرۈك، سېرىقئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ. كېيىك، داۋىغان، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار بار.

### ھەينەزەرنىڭ ئۆڭكۈرى

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 59 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە بەش ئۆڭكۈر بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتر، كەڭلىكى 20 مېتر؛ ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 10مېتر، كەڭلىكى 15 مېتر؛ كىچىكىنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتر، كەڭلىكى 5 مېتر كېلىدۇ. بۇلاردىن ئۆچى كىشىلەر ئۆچۈن يامغۇرغا دالدا بولىدۇ ھەم يېتىپ-قوپقىلى بولىدۇ. تەخمىنەن 600 يىللار ئىلگىرى ھەينەزەر دېگەن ئۆزبېك بۇ يەردە گەمە كولاپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

### ئۆڭكۈر

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 19.8 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە بەش ئادەم پاتقۇدەك بىر تاغ ئۆڭكۈرى بار.

### كەمەكنىڭ گەمىسى

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر كېلىدۇ. چوڭقۇرلۇقى 2 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتر، كەڭلىكى 1.5 مېتر. بۇرۇندا «كەمەك» دەيدىغان بىر كىشى بۇ گەمىنى كولاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

## دەريا، كۆل، بۇلاق، جىلغا، سازلىقلارنىڭناملىرى

### دۇۋا دەرياسى

بۇ دەريا دۇۋا بازىرى دائىرىسىدە بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، دۇۋا بازىرىدىن ئۆتۈپ، پىيالما يېزىسىغا كىرىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 188 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 40 مېتر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 58.9 كۇب مېتر، ھەر يىلى 11-ئايدىن كېيىنكى يىلنىڭ 2-ئېيىغىچە سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئاز ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 0.01 كۇب مېتر بولىدۇ. دەريادا كىچىك تىپتىكى ئۈچ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. سۇغۇرىلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى 22 مىڭ 100 مو. ئاساسىي ئېقىمى ئۆتىدىغان رايوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## قوشتاغ دەرياسى

قوشتاغ دەرياسى قوشتاغ يېزىسىنى قېيپاچ كېسىپ ئۆتىدۇ، ئاساسلىق ئېقىم رايونى قوشتاغ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، گۇما ناھىيىسىدىكى بىرىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، گۇما دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان لامىلۇم، بوستانتار دەريالىرى ئاقشور كەنتىنىڭ ئېغىزىدا قېتىلىپ ئاقشور دەرياسى بولۇپ ئېقىپ قاتلىش كۆۋرۈككە كەلگەندە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى توزلا، باسالىغ داۋاندىن باشلىنىدىغان كەڭەز دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ كىلياڭغا كەلگەندە ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ. بىر تارمىقى غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئېقىپ ئويتوغراقتىن ئۆتۈپ شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ دەشتكە كىرىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تارمىقى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قارامان ئارقىلىق كېيىكچىدە بۇچۇڭنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ قوشتاغقا كېلىپ، قوشتاغ دەرياسىغا قايتا قوشۇلىدۇ. ئاساسىي ئېقىمى كىلياڭدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئېقىپ قوشتاغقا كەلگەندە بىر تارماق ئاجرىلىپ چىقىپ شىمالدا پىشنا يېزىسىغا ئېقىپ كىرىپ، گۇما بازىرى، كۆكتېرەك يېزىسى ئارقىلىق ئاراقۇم سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. ئاساسىي ئېقىمى قوشتاغدىن داۋاملىق شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ئارقىلىق ياپچان سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلۇپ، غالىبىيەن ئۆستەڭ، يېزا-مەيدانلارنىڭ تاش ئۆستەڭلىرى ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا گۇما، كۆكتېرەك، موكويلا يېزىلىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قاراتاغىز سۇ ئامبىرىغا باشلاپ كېلىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىدۇ. دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتردىن 100 مېترگىچە كېلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 1860 كۋادرات كىلومېتر. ئېقىم رايونى قوشتاغ يېزىسىنى ئاساس قىلىدۇ، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، گۇما بازىرى، پىشنا يېزىسى بار، دەريانىڭ ئېقىپ ئۆتىدىغان رايونلىرىدىن يەنە كۆكتېرەك يېزىسى، موكويلا يېزىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ بار بولۇپ، 400 مىڭ مو بوستانلىق، 300 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغۇرىدۇ. پۈتۈن ئېقىم رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2180 كۋادرات كىلومېتر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 270 مىڭ مو.

قوشتاغ دەرياسى تاغ ئېقىنلىرى خاراكتېرىدىكى ئىچكى دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي سۇ مەنبەسى ئېگىز تاغدىكى مۇزلۇق ۋە ئېرىتىلاردىكى ئېرىگەن قارلار بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردىكى تەبىئىي يېغىن بىلەن تولۇقلىنىدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاسان ئۇچرايدۇ. كەلكۈن ۋە سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتلاردا كېلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، سۇ كۆپ كەلگەن يىلى (1966-يىلى)دىكى تاغدىن چۈشكەن ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 235 كۇب مېتر، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان يىلى (1962-يىلى)دىكى ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 0.2 كۇب مېتر بولغان. كۆپ يىللاردىن بىرى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 10.9 كۇب مېتر، يىللىق ئوتتۇرىچە تارچۇقتىن ئۆتۈش مىقدارى 344 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتر،

سۇ كۆپ كەلگەن يىلى 461 مىليون كۇب مېتر، سۇ ئازلىغان يىلى 287 مىليون كۇب مېترلا بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئايلىق تارقىلىش ئېقىش مىقدارى مۇنداق (كۇب مېتر/ سېكۇنت):

1_ئايدا: 1.10، 2_ئايدا: 1.18، 3_ئايدا: 1.68، 4_ئايدا: 3.64

5_ئايدا: 11.0، 6_ئايدا 28.9، 7_ئايدا 36.00، 8_ئايدا: 28.20

9_ئايدا: 11.2، 10_ئايدا 3.85، 11_ئايدا 2.20، 12_ئايدا: 1.34

ھازىر قوشتاغ دەرياسىدا تاش بېسىپ ئىشلەنگەن غول ئۆستەڭدىن يەتتىسى بار، زاكو، كۆۋرۈكلۈك سۇئايرىغۇچ، شاقىراتما قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار بار. يۇقىرى ئېقىمدا ئاقشور ۋە كەكەز تاش ئېغىزلىق سۇ ئامبىرى بار بولۇپ، كەلكۈن پەللىسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، ئامبار سىغىمى ئايرىم_ئايرىم ھالدا 4 مىليون ۋە 1 مىليون كۇب مېتر. تۆۋەن ئېقىمدا ياپچان، ئاراقۇم، قاراتاغىز تۈزلەڭلىك سۇئامبارلىرى بار. ياپچان سۇ ئامبىرىغا سۇ بېسىلىپ توك چىقىرىلىدۇ، ئامبار سىغىمى 20 مىليون كۇب مېتر، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 2×800 كىلوۋات. ئاراقۇم سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمى 2500000 كۇب مېتر، قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمى 5500000 كۇب مېتر، بۇ ئىككىسى كىچىك تىپتىكى تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىپ، قايتا تەڭشەش رولىنى ئۆتەيدۇ. ھازىر سۇ ئامبىرىدا كەلكۈن تەڭشەش — غول ئۆستەڭلەرگە كەلكۈن باشلاش — سۇغۇرۇش — ئامبارغا سۇ بېسىپ توك چىقىرىش — سۇغۇرۇش — تۈزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىدا قايتا تەڭشەشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن مۇكەممەل، مۇۋاپىق بولغان سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش سىستېمىسى ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆۋەنكى تىزگىنلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## سانجۇ دەرياسى

گۇما ناھىيىسىدىكى 2_چوڭ دەريا ھېسابلىنىدىغان سانجۇ دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ سانجۇ سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن سانجۇ غول ئۆستىڭى ئارقىلىق پۈتۈن يېزىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، چاسكام سۇ ئايرىش زاكوسىغىچە كېلىدۇ. بۇ يەردىن مۇجى، زاڭگۇي ئۆستەڭلىرى ئارقىلىق مۇجى، زاڭگۇي يېزىلىرىغا ئېقىپ كېلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە بولسا بىر قىسىم كەلكۈن سۇ باشلاق سۇ ئامبىرىغا ئېقىپ كىرىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش_قۇرۇلۇش بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇقتاچچىق كەنتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇغۇرۇشقا بولىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 123 كىلومېتر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 914 كۋادرات كىلومېتر. ئېقىم رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1070 كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، 180 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

سانجۇ دەرياسى ئاساسىي ئېقىم رايونىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تاغ ئېقىنلىرى خاراكتېرىدىكى ئىچكى دەريا بولۇپ، سۇ مەنبەسى ئېگىز تاغدىكى ئېرىگەن قارلار، يەنە قىسمەن بۇلاق سۈيى ۋە ئاز مىقداردىكى يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. سۇنىڭ كېلىشى بىلەن تېمپېراتۇرا توغرا

تاناسىپ تۈزىدۇ. كەلكۈندىكى ۋە سۇ ئۈزۈلۈپ قالغاندىكى سۇ مىقدارىنىڭ پەرقى چوڭ. سۇ كۆپ كەلگەن يىللىرىدىكى ئەڭ چوڭ كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 192 كۇب مېتىر، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان يىللىرىدىكى ئەڭ ئاز ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 0.2 كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 8.06 كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تارچۇقتىن ئۆتكەن ئېقىم مىقدارى 254 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر. سۇ كۆپ كەلگەن يىللىرى 331 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان يىللىرى بولسا 188 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئايلىق سۇ ئۆتۈش مىقدارى مۇنداق (سېكۇنت/كۇب مېتىر):

1-ئايدا: 0.85، 2-ئايدا: 0.87، 3-ئايدا: 0.96، 4-ئايدا: 2.14

5-ئايدا: 7.63، 6-ئايدا: 21.4، 7-ئايدا: 28.0، 8-ئايدا: 23.1،

9-ئايدا: 7.15، 10-ئايدا: 1.83، 11-ئايدا: 1.22، 12-ئايدا: 0.96

ھازىر سانجۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدا جەمئىي تۆت تاشمۇستەڭ بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 77.1 كىلومېتىر، ئۇلارغا قوشۇمچە قىلىپ زاكۇ، كۆۋرۈكلۈك سۇ گۈگۈچ، شاقىراتمىلاردىن 2463 ى ياسالغان. تۆۋەن ئېقىمىدا باشلاق، خانتوغ تۈزلەڭلىك تەڭشەش سۇ ئامبارلىرى بار بولۇپ، ئامبار سىغىمى 5 مىليون كۇب مېتىر. سانجۇ دەريا توسۇش سۇ ئامبىرى ھازىر قۇرۇلۇۋاتىدۇ، پۈتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 65 مىليون كۇب مېتىر، توغاننىڭ كەينىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ پىلانلانغان گېنېراتور قۇراشتۇرۇلۇشى 3000 كىلوۋاتلىق. بۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇپ پۈتكەندىن كېيىن، سانجۇ دەرياسىدا سۇ بېسىش (سانجۇ دەريا توسۇش سۇ ئامبىرى)←توك چىقىرىش (توغان كەينىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى)←سۇغۇرۇش←قايتا تەڭشەش (تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى)دىن ئىبارەت بىر يۈرۈش مۇكەممەل، مۇۋاپىق بولغان سۇ ئىنشائات، سۇ-ئېلېكتر قۇرۇلۇش سىستېمىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، سانجۇ دەرياسى تۈپتىن تىزگىنلىنىپ، ئۇنىڭدىكى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ.

### پوسكا دەرياسى

بۇ دەريا سانجۇ يېزىسى بىلەن كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، تاغ ئېقىنى خاراكتېرلىق پەسىللىك دەريا. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، قىزىلچەمەن كەنتى ئارقىلىق ئاياغ پوسكا كەنت كومىتېتى تەۋەسىگىچە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 52 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 15 مېتىر. ھەر يىلى 7~5- ئايلار كەلكۈن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 33.5 كۇب مېتىر، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىلىدىكى ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 0.01 كۇب مېتىر. سۇغۇرۇلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى 6700 موغا يېتىدۇ. ئاساسىي ئېقىمى ئۆتىدىغان رايوندىكى يەر بۆلىكىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### سۇلغاز دەرياسى

تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا بولۇپ، قوشتاغ يېزىسى دائىرىسىدە. ئاتباققۇ يار بىلەن قوشماقيار جىلغىلىرىدىن باشلىنىپ، تۆشۈكتاش مازاردا قوشۇلۇپ ئېقىپ، سۇلغاز كەنتىگە

كىرىپ، موكويلا يېزىسىغا كېتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتر. كەڭلىكى 50~40 مېتر. ھەر يىلى 6 ـ ~5 ـ ئايلاردىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 25 كۇب مېتر بولىدۇ، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىلدىكى ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا بىر كۇب مېتر بولىدۇ. 1500 مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ئاساسىي ئېقىمى ئۆتىدىغان رايوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## كەڭەز دەرياسى

تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ كەڭەز رايونىغا ئېقىپ كېلىپ، قاتلىش كۆۋرۈكىدە قوشتاغ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21.5 كىلومېتر. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 مېتر. ھەريىلى 9 ـ ~5 ـ ئايلار كەلكۈن مەزگىلى ھېسابلىنىپ، ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 80 كۇب مېتر بولىدۇ، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردىكى ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا بىر كۇب مېتر بولىدۇ. دەريادا كىچىك تىپتىكى بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. سۇغۇرىدىغان يەر كۆلىمى 1400 مودىن ئارتۇق. ئاساسىي ئېقىم رايونىنىڭ نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

## ئاقشور دەرياسى

تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى دائىرىسىدە. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، ئاقشور كەنتى ئارقىلىق قاتلىش كۆۋرۈكىدە كەڭەز دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ قوشتاغ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 19 كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 مېتر كېلىدۇ. ھەر يىلى 6 ـ 5 ئايلاردىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 120 كۇب مېتر، سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان مەزگىلدىكى ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا بىر كۇب مېتر بولىدۇ. دەريانى توسۇپ ياسالغان بىر سۇ ئامبىرى بار. سۇغۇرىدىغان كۆلەم 1500 مو ئەتراپىدا. ئاساسىي ئېقىم رايونىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## دۆستانتار

تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى دائىرىسىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 كىلومېتر، كەڭلىكى 30 — 20 مېتر كېلىدۇ. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تالۇڭ، پاسپۇ، سېرىقئارت ۋە ماندارلىق قاتارلىق جىلغىلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ ئېقىن بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئاقشور كەنتىدە لاملۇم دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ، ئاقشور دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. دەريا بويلىرىدا تاغ سۆگىتى ۋە مالغۇنلار كۆپ بولۇپ، قېلىن سايە تاشلاپ تۇرىدىغانلىقى، دەريا قىنى تار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، شۇنداق ئاتالغان.

## لاملۇم دەرياسى

تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى دائىرىسىدە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 25 مېتر كېلىدۇ. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى لاملۇم، داچۇق قاتارلىق جىلغىلارنىڭ سۈيى يىغىلىپ بۇ دەريانى

ھاسىل قىلىدۇ. شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئاقشور كەنتىدە بوستانتار دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاقشور دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . بۇ دەريانىڭ ئاساسىي سۈيى لاملۇم جىلغىسىدىن كەلگەچكە، شۇنداق نام ئالغان.

## ياماس

تاغ ئېقىنى خاراكتېرلىق پەسىللىك دەريا بولۇپ، دۆۋا بازىرى دائىرىسىدە. لەيلىچوق تېغىدىن باشلىنىپ شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئېقىپ ياماس ئېغىزدا تومان دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 25 مېتر كېلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتر، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردە بولسا تەخمىنەن 0.2 مېتر چىقىدۇ.

## تومان دەرياسى

دۆۋا بازىرى دائىرىسىدە بولۇپ، تاغ ئېقىنى خاراكتېرىدىكى پەسىللىك دەريا. لەيلىچوق تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 10 مېتر كېلىدۇ.

## بۇلۇڭكۆل

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.5 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر، كەڭلىكى 40 مېتر، كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10~1 مېتر كېلىدۇ. يېكەن ۋە قومۇش ئۆسىدۇ، ياۋا ئۆدەك بار. بۇ كۆل كەنتنىڭ ياقىسىدا، كەنت بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراقراق بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

## قارايانتاق كۆل

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 22 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر، كەڭلىكى 150 مېتر، كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتر. سۈيى تاتلىق، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5~1 مېتر. يېكەن ۋە قومۇش بار، مال باققىلى بولىدۇ. كۆلنىڭ ئەتراپىدا يانتاق كۆپ بولۇپ، كۆكىنى مال يەپ، كۆتىكى قارىيىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## ئاچچىقسۇ كۆل

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 7.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە، كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر. سۇ مەنبەسىنى كۆلنىڭ ئىچىدىكى بۇلاق تولۇقلايدۇ. يىل بويى سۇ يىغىلىپ تۇرىدۇ، سۈيى شورلۇق، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بولىدۇ، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5~0.5 مېتر، سۇ بېسىلىش مىقدارى 200 كۋادرات مېتر. كۆلنىڭ سۈيى شورلۇق، تەمى ئاچچىقراق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## خېنەكۆل

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىگە 9.5 كىلومېتر كېلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 150 مو، سۈيى تاتلىق، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5~0.5 مېتر، كۆلنىڭ ئىچىدە بۇلاق بار. يېكەن ۋە قومۇش كۆپ، مال باققىلى بولىدۇ. بۇرۇندا بۇ يەر خانلىققا تەۋە ھۆكۈمەت يېرى بولغاچقا، شۇنداق

ئاتالغان.

**قاراكۆل**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 11.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 300 مېتىر، سۈيى يوق (يەر ئاستى سۈيى بىر قەدەر كۆپ). قومۇش تولا، مال باقىدىلى بولىدۇ. بۇ يەردە سېغىز كۆپ بولۇپ، 4 خىش خۇمدىنى بار. خىش پۇشۇرغان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئادەم ئولتۇرمايدۇ. بۇ يەرنىڭ قومۇشلىرى قويۇق يېشىل، ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپى سېرىدق، ئاق قۇملۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاقكۆل**

موكويلا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاقتىكەن كەنتىنىڭ شىمالىدا، شەرق، غەرب، شىمال ئۈچ تەرىپىنى قۇم ئوراپ تۇرىدۇ. كەلكۈن سۇ يىغىلىپ ھاسىل بولغان تەبىئىي كۆل. كۆلىمى تەخمىنەن 250 مو كېلىدۇ. 1959-يىلىدىن كېيىن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغاچقا، سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ قۇرۇق كۆلگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئەتراپى ئاق قۇملۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**بۇلۇڭكۆل**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ ئايىغىدا. كۆلىمى تەخمىنەن 100 مو كېلىدۇ. تۆت ئەتراپى قۇملۇق، يەر تۈزلۈكى ئويمان، يەر ئاستىدىن ئاز مىقداردا سۇ سىزىپ چىقىپ تۇرىدۇ. يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. ئاراقۇم كەنتىنىڭ چېتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**سۇتبۇلاق**

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، پەسىل خاراكتېرلىق بۇلاق. ھەريىلى 8-5- ئايلاردا سۇ چىقمايدۇ. سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 100 كۇب مېتىر بولۇپ، 150 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. يەنە بىر كۆز بۇلاقتىن سۇتكە ئوخشاش سۇ چىقىدىغانلىقتىن، شۇنداق نام ئالغان.

**پاشاسۆگەت بۇلاق**

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 22.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، سۈيى تاتلىق. سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 30 كۇب مېتىر. قاراسۇ، كېيىكچى كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ قوشتاغ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، 3890 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغۇرىدۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا سۆگەت بولۇپ، پاشا جىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تامچىبۇلاق**

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 19 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ يەردىكى قىيادىن سۇ سىزىپ چىقىپ، تىرناق چوڭلۇقىدىكى سۇ تامچىلىرى ئۈزۈلمەي چۈشۈپ بۇلاق ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان.

### سېسىقبۇلاق

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 50.8 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇلاقنىڭ ئاغزى ئاياقتەك بار. ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە بولىدۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپى لايدان بولۇپ، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### شاھلىباغ ئۆستەڭ

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 10.5 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 5 مېتر. يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، يەر سۇغارغىلى بولىدۇ. بۇ تىك قىيانىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ يىل بويى توختىماي شامال ۋە قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغانلىقى، باغ ئىچىدىكى ئۆستەڭگە ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قوشماقيار

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 34.3 كىلومېتر كېلىدۇ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتر، كەڭلىكى 20~15 مېتر كېلىدۇ. بۇ ئېقىن بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى ئاتباقىقۇ يار جىلغىسى پاراللېل سوزۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاتباقىقۇ يار

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 35.3 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتر، كەڭلىكى 15 مېتر، يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ جىلغا ئاتباقىقۇ چارۋىچىلىق نۇقتىسىدىن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### چىچەكلىكئۆستەڭ

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 19 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتر. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 10 مېتر. داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. تاغ سۆگىتى كۆپ. جىلغىنىڭ ئىككى قېشىدا ياۋا گۈللەر كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچچىقجىلغا

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 28.9 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتر، كەڭلىكى 1 مېتر. جىلغا سۈيىنىڭ تەركىبىدە شور مىقدارى كۆپ بولۇپ، سۈيى ئاچچىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچچىق

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 22 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتر، كەڭلىكى 50 مېتر كېلىدىغان قۇرۇق جىلغا. چاكاندا، شاپ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. جىلغىنىڭ ئايىغىدىكى بۇلاقتىن سۇ سىزىپ چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، سۈيى شورلۇق، ئاچچىق بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

### مەللىجىلغا

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 27.6 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتر، كەڭلىكى 0.5 مېتردىن 2 مېترگىچە كېلىدۇ. داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ.

ئېيتىلىشچە بۇرۇندا مەلىلى ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**سۆگەتجىلغا**

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 10~2 مېتىر كېلىدۇ، داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. جىلغىدا تاغ سۆگەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**كەڭشۋە**

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 30 مېتىر. داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئىككى ياقىسىدا تىك قىيا بار. بۇ جىلغىنىڭ ئېغىزى كەڭ كەتكەن شۋە ـ سازلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**لاملۇمجىلغا**

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 3.5 مېتىر، جىلغىدا سۇ بار، ياۋا پىياز ئۆسىدۇ. «لاملۇم»نىڭ مەنىسى «لۆم ـ لۆم يەر». جىلغىدىكى بۇلاق سۈيى لاملۇم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**بەلدىۈر جىلغىسى**

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر. بىر بۇلاق بار. بۇ جىلغىنىڭ بېشى بەلدىۈر داۋاندىن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاچچىقجىلغا**

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 15 مېتىر، چىغ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. باش تەرىپىدە بۇلاق بار بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ دۆۋا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. جىلغىدىكى سۇ شورلۇق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**تاۋۇغاز**

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 49.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 2 مېتىر. جىلغىدىكى مۇزلۇقتىن ئېرىپ چۈشكەن سۇ دۆۋا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بولىدۇ. مەنىسى «تار جىلغا»، جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيا تار ھەم تىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئازغانلىق**

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 56.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 40 مېتىر. ئېقىن سۇ بار، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بولىدۇ. بۇ جىلغىدا ئازغان كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### داۋاجىلغىسى

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 65 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 50 مېتر چىقىدۇ. يۇلغۇن، چىغان قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. سۈيى بار بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىپ پايدىلىنىدۇ. مەنىسى «داۋىغان». بۇ جىلغىدا داۋغان تولا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### گۇرۇشگالىق

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 70 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 15 مېتر. يۇلغۇن، چىغان، قومۇش قاتارلىقلار بار. مەنىسى «گۇرۇچگاھلىق». ئېيتىلىشىچە بۇرۇندا ھىندىستانغا بارىدىغان بىر كىشى گۇرۇچ ئېلىپ ماڭغان بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن تاغىرى يېرتىلىپ كېتىپ گۇرۇچلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. كېيىنكىلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەرنى «گۇرۇشگالىق» دەپ ئاتاشقان.

### تېرىچى

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 26.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 35 كىلومېتر، كەڭلىكى 3.5 مېتر كېلىدۇ. جىلغىدا شور كۆپ، بۇلاق بار، سۈيى ئاچچىق، چىغ ئۆسىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇندا كۆن-تېرە ئىشلەيدىغانلار كۆپىنچە بۇ يەرگە كېلىپ جىلغىدىن شور ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قوتازجىلغا

ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 97.7 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتر. كەڭلىكى 500 مېتر چىقىدۇ. ياپچان، سېرىغ ۋە يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. سۈيى بار بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بولىدۇ. بۇ جىلغىدا ياۋا قوتاز كۆپ بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### سۇلغازيار

موكويلا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ عەربىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ. تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 5 مېتر كېلىدۇ. جىلغىدا سېغىز جىق بولۇپ، گويا ناھىيىلىك خىش زاۋۇتى مۇشۇ جايغا سېلىنغان. بۇ جىلغا بۇرۇن سۇلغاز دەرياسىدىن كەلگەن سۇنىڭ يار ئېلىپ كېتىشى بىلەن ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچچىقيار

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 10.5 كىلومېتر كېلىدۇ، تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 250 مېتر كېلىدۇ، سۈيى بار، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، قومۇش بار. سۈيى ئاچچىق بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### تۇغبېشى ئېقىن

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 25.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر، كەڭلىكى 100 مېتر چىقىدۇ، يۇلغۇن، توغراق بار. بۇرۇندا مالچىلار سۇ قايدۇرۇپ

مال سوغۇرۇش ئۈچۈن يارنىڭ بېشىغا تۇغان سالغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**ياپقۇچېبغىز**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر.

**نېرىتۈز**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 13.5 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 كىلومېتر، كەڭلىكى 15 مېتر چىقىدۇ، تەسكەن، شاپ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

**قوشچاللىق**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 10 مېتر. جىلغىنىڭ ئىككى ياقىسى تىك قىيالىق بولغاچقا، شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

**كىتابتاش**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ، تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلو-مېتر. جىلغىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قات-قات تاش قىيالىق خۇددى تىكلەپ قويغان كىتابتەك تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**شورجىلغا**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 18 كىلومېتر كېلىدۇ، تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر، تەخمىنىي كەڭلىكى 15 مېتىر چىقىدۇ. بۇ جىلغىدىكى سۇ تەركىبىدە شور مىقدارى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئارقايار**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تەخمىنىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتر، كەڭلىكى 50 مېتر چىقىدۇ. بۇ يار ئۆتەڭ كەنتىنىڭ ئارقىسىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**چۇكۇلاڭ**

دۆۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ. بۇلاق بار. ياپچان، شاپ، ئەمەن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. يەنە ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋا ھايۋاناتلار بار. مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**ئاچچىقيار**

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.5 كىلومېتر كېلىدۇ، تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر، كەڭلىكى 20 مېتىر چىقىدۇ. داۋاملىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىپ پايدىلىنىدۇ. يۇلغۇن، شاپ، تەسكەن، سېرىت ئوت قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. ھەمدە كېيىك، تۈلكە، ياۋا توشقان بار. جىلغىنىڭ سۈيى شورلۇق بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قاراجىلغا**

پېشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 20.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 17 كىلو-مېتىر، كەڭلىكى 150 ـــ 80 مېتىر چىقىدۇ.

**باشدارا**

كۆكتېرك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 32 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى ئويمان. بۇرۇن سۈيى بار ئىكەن، ھازىر بۇ يەردە توغراق، يۇلغۇن، قومۇش ۋە يانتاقلار ئۆسىدۇ. مەنىسى «باش ئېقىن». بۇرۇن بۇ ئەتراپتا ئۈچ ئېقىن بولۇپ، بۇ ئويمان ئەڭ باشتىكى ئېقىننىڭ بويىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**سايام**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاراقۇم سۇ ئامبىرى-نىڭ شىمالىدا. يەر تۈزلۈكى ئويمان، شورلۇق جاي، قومۇش ئۆسىدۇ. مەنىسى «قومۇشلۇق». بۇ جايدا پاكار كىچىك قومۇش كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## قۇملۇق، چۆل، يەر بۆلەكلىرىنىڭ ناملىرى

**جاڭگالقۇم**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 49 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. بۇ يەر ئوت-چۆپ ئۆنمەيدىغان قۇملۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**لايقاجاڭگال**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 22.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاز مىقداردا قومۇش، يانتاق ئۆسىدۇ. بۇ يەر لايقا كەنتىنىڭ چېتىدىكى جاڭگال بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كۆكتېرەك جاڭگال**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا قومۇش ۋە يانتاق بار. كۆكتېرەك كەنتىنىڭ شىمالىدىكى جاڭگاللىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كەڭسىرىق**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 8.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىر تەبىئىي قۇدۇق بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 5 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر كېلىدۇ، سۈيى شورلۇق، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە بولمايدۇ. بۇ جايدا قومۇش، يانتاق، يۇلغۇنلار كۆپ بولۇپ، كۆز ۋە قىش پەسلىدە قۇرۇپ سارغىيىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئامۇتداۋان**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 32 كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇملۇق داۋاننىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئەتراپىدا يۇلغۇن، توغراق، يانتاق قاتارلىقلار بار، يەنە چىغىر يول ۋە

سېغىز بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇندا باشقا يۇرتلۇق بىر كىشى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاراقوەدىن ئاموت ئېلىپ كەلگەن بىر ئادەم بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىپ، دۆڭ تۆپىسگە چىقىپ ئاموت يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتىكەن. شۇسەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

## ئالاقۇم

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 27.5 كىلومېتر كېلىدۇ. بىرقەدەر تۈزلەڭ، ئاز مىقداردا قۇمۇش، يانتاق بار. بۇ قۇملۇق سانسىزلىغان ياي شەكىللىك ئالا ـ بالداق قۇملاردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## چوگۇچۇنلۇقداۋان

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 22.5 كىلومېتر كېلىدۇ، چوگراق بىر قۇم دۆڭى بار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1354 مېتىر. قۇمۇش، يۇلغۇن بار. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. ھەر يىلى 6 ـ ~4 ـ ئايلاردا بوران كۆپ چىقىدۇ. بۇرۇندا بۇ داۋاننىڭ ئۈستىدە چوگۇچۇن ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## لىڭگىلچاق

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12.5 كىلومېتر كېلىدۇ، قۇمۇش، يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە بولىدۇ. بۇ قۇملۇقنىڭ شەكلى ئۇلاغنىڭ لىڭگىلچىقىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## جاڭگال

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.4 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاراقۇم سۇئامبىرىنىڭ يۇقۇرىسىدا، يەر تۈزۈلىشى ئېگىزرەك. قۇمۇش قاتارلىقلار بار؛ چارۋا باققىلى بولىدۇ. بۇ يەر قۇملۇق جاڭگال بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

## تېرىمىيۇلغۇنلۇق

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 12.1 كىلومېتر كېلىدۇ، يەر تۈزۈلىشى تۈزلەڭ. بۇ يەردىكى يۇلغۇنلار خۇددى ئادەم تېرىپ قويغاندەك تەپ ـ تەكشى ۋە بولۇق ئۆسكەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

## غوجاشمەت

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 15 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا قۇمۇش، يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىقلار بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇندىن 200 يىل ئىلگىرىدە «غوجاشمەت» ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ مال باققان ئىكەن. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇ يەرگە نام قىلىۋالغان.

## ھاڭگىتلىق

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 8.7 كىلومېتر كېلىدۇ، يۇلغۇن، توغراق ۋە يانتاق ئۆسىدۇ. بىردىن چوڭ ـ كىچىك قۇدۇق بار بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىشكە بولىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە كۆل بار بولۇپ، ھاڭگىت كۆپ چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**بەلقۇم**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 5.1 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاز مىقداردا قومۇش ۋە يانتاق ئۆسىدۇ. بۇ قۇملۇقتا شەكلى بەلگە ئوخشايدىغان بىر قۇم بارخىنى بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**تالliq**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 6.4 كىلومېتر كېلىدۇ. يولغۇن، توغراق، قومۇش بار. بۇ يەردە توغراق كۆپ بولۇپ، يىلتىزىنىڭ تۈۋىدىن ئۈششاق توغراق تالliri كۆپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تۆلكىلىك**

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 11.7 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا يۇلغۇن، توغراق، قومۇش، يانتاق قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە تۈلكە تولا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاققىر**

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتر كېلىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 500 مو چىقىدۇ. ئاز مىقداردا ياپچان قاتارلىق چارۋا يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر بار. يىل بويى بوران چىقىپ تۇرىدۇ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. بۇ جايدا بىر قۇم دۆڭى بار بولۇپ، شەكلى خۇددى ئاق ئاتقا ئوخشاش تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چاچقۇم**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 37.7 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا يانتاق بار. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C دىن ئېشىپ كېتىدۇ، داۋاملىق بوران چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە قۇم بارخانلىرى كۆپ بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغقۇم ئېقىن**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 48.3 كىلومېتر كېلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C تىن ئېشىپ كېتىدۇ، بوران كۆپ. بۇ يەر ئاياغقۇمنىڭ غەربىدە بولۇپ، بىر ئېقىنى بار بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياغقۇم**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 44.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا يانتاق بار. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C قا چىقىدۇ. مۇجى يېزىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان قۇملۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاۋاتئېقىن بويى**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 24.5 كىلومېتر كېلىدۇ. قۇرغاقلىق قومۇشى كۆپ، بۇ يەر ئاۋاتئېقىننىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**خانتوغ يولېشى**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ شىمالىغا 14.3 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ قۇملۇق خانتوغ دېھقانچىلىق

مەيدانىغا بارىدىغان يولنىڭ بېشىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاققۇم**

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 26.7 كىلومېتر كېلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. بۇ قۇملۇقتا گىيا ئۈنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**بوستان**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 22 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاز مىقداردا يۇلغۇن، توغراق قاتارلىقلار بار، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. ئېيتىلىشىچە بۇرۇن بۇ يەر قويۇق توغراقلىق بولۇپ، بىر پارچە يېشىللىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**يۇلغۇنلۇق**

زاڭگۈي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.5 كىلومېتر كېلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 4 كۋادرات كىلومېتر، يۇلغۇن كۆپ. قىشىدىكى كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**پاكاريۇلغۇن**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15.2 كىلومېتر كېلىدۇ، توغراق، يۇلغۇن بار. بۇ يەرنىڭ يۇلغۇنلىرى پاكار بولغانلىقىدىن شۇنداق ئاتالغان.

**قارايانتاق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 14.6 كىلومېتر كېلىدۇ. يۇلغۇن، يانتاق ئۆسىدۇ، بۇ يەرنىڭ يانتاقلىرى قۇرۇپ قارىيىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ئالاقۇملۇق**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.8 كىلومېتر كېلىدۇ. يۇلغۇن، يانتاق ئۆسىدۇ، ياۋا توشقان بار. بۇ قۇملۇقتا سېغىزلىق ئارىلاش بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قوشماقيار**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتر كېلىدۇ. يۇلغۇن، يانتاق بار. بۇ يەردە كەلكۈن سۈيى قوشۇلىدىغان بىر يار بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قارادۆڭ**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتر كېلىدۇ. يۇلغۇن، يانتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. 1968 ـ يىلى بۇ يەردىن 1000 مو يىنىم ئېچىلغان، سۇ مەنبەسى بولمىغاچقا تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان. بۇ جايدا يوغانراق بىر دۆڭ بار بولۇپ، يىراقتىن قارىسا قارا كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**چوناقتاش**

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.5 كىلومېتر كېلىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 36 كۋادرات كىلومېتر چىقىدۇ، ياپچان، شاپ قاتارلىق چۆپلەر ئۆسىدۇ، بۇران جىق چىقىدۇ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50°C. بۇ يەردە قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن قوشتاغ يېزىسىغا بارىدىغان ئىككى چىغىر يولنىڭ ئاچىلى بار بولۇپ، يولدىن ئېزىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاچالغا تاش

تىكلەپ بەلگە قىلىپ قويۇلغان. بۇ، يىراقتىن قارىغاندا قۇلىقى يوق ئادەمگە ئوخشاش كۆرۈن-
دىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ياندامساي**

موكويىلا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.3 كىلومېتر كېلىدۇ، شەرقىي شىمالىغا پەسىيىپ بارىدۇ. ئاز مىقداردا تىكەنلىك چۆپلەر بار. مەنىسى «يانىباغىر ساي». بۇ يەر يانتۇ سايلىق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تۇزلۇقساي**

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ سايلىقتىن تاش تۇز چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تاۋۇغاز**

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 22.1 كىلومېتر كېلىدۇ. مەنىسى «جىلغا» (كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

**يىگاز**

پىشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.4 كىلومېتر كېلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 50 كۋادرات كىلومېتر چىقىدۇ، شەكلى ئۇزۇنچاق، ئاز مىقداردا يانتاق قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ (مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

**قاراقىر**

پىشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى نىسبەتەن ئېگىز بولۇپ، قارا تاشلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**بوراقىر**

باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 15 كىلومېتر كېلىدۇ، قاغىلىق بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېگىز ۋە چوڭ قىرلار كۆپ، شۇنداقلا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بورا كەنتىگە يېقىن تۇرىدىغان-لىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

(يەر بۆلىكى)

**تۆگمەنبېشى**

گۇما بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىكتە جايلاشقان. ئۇنىڭ دائىرىسى ساغان، توغرائېرىق ۋە تۆگمەنبېشى ئۈچ كەنت كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەمئىي 12 تەبىئىي كەنت بار. يېرى قۇم تۇپراقلىق، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. چاكۇ-قاغىلىق تاشيولى بۇ يەرنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. يەنە گۇما ترانسپورت بىكىتى، ساغان داۋبەن، ساغان سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ۋە نېفت شىركىتى تۇرۇشلۇق. ئېيتىلىشىچە بۇندىن 250 يىل ئىلگىرىدە مەسۇپ ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەردە ئۈچ تاش تۆگمەن ماڭدۇرغان، كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

(يەر بۆلىكى)

**ئىسمىسالا**

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى

قىشلاق، ئۇلباغ، تېرەكتالدى، تۆگمەنبويى ۋە بومۇغا قاتارلىق بەش كەنت كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەمئىي 15 تەبىئىي كەنتتىن تەركىب تاپقان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ بارىدۇ. تەخمىنەن 390 يىلنىڭ ئىلگىرىدە سوپۇر سالا دېگەن كىشى يەكەندىن خوتەنگە جەڭ قىلغىلى مېڭىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەندە جەڭدە ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى 1000 مو مازارلىق يەر سېتىۋېلىپ ئۇنى دەپنە قىلغان. 1884-يىللىرى ئەتراپىدا قاسىم شېيخىم دېگەن كىشى ئۇنىڭغا تەرجىمىھال يېزىپ چىققان ھەمدە بۇ مازارغا «سوپۇر سالاخان مازار خوجام» دەپ نام بەرگەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۆزگىرىپ «ئىسمىسالا» بولۇپ قالغان.

## يار (يەر بۆلىكى)

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بازاريار، كۆكيار، ئاياغيار ئۈچ كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق بولۇپ، جەمئىي توققۇز تەبىئىي كەنتتىن تەركىب تاپقان (ئاقئوتۇن يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ جاي چوڭ بىر يارنىڭ بويىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## ساۋا (يەر بۆلىكى)

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتر كېلىدۇ، سانجۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، سەل ئويمان. بۇ يەردە باش ساۋا، ئاياغ ساۋا، جايتېرەك ۋە دۆڭچاقا تۆت كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق بولۇپ، جەمئىي 12 تەبىئىي كەنت بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، 55 تىپلىق تراكتوردىن ئۈچى، ئاپتوموبىلدىن بىرى بار (نامىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

## پوسكا (يەر بۆلىكى)

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 14 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلۈكى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، كۆلىمى 5500 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. باش پوسكا، ئاياغ پوسكا، جاڭگاللباغ ۋە قۇمباغ تۆت كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق بولۇپ، جەمئىي 14 تەبىئىي كەنتتىن تەركىب تاپقان (مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس).

## كۆيەكجىگدە (يەر بۆلىكى)

پىشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 18.2 كىلومېتر كېلىدۇ، ئادەم ئولتۇرمايدۇ، 300 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ھازىر تېرىلماي تاشلانغان. بۇرۇندا بۇ يەردە جىگدە كۆپ بولۇپ، كېيىن قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ قۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## يالغۇزئۆي (يەر بۆلىكى)

دۇۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 30 مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، 1968-يىلى تاشلىنىپ قالغان. بۇ يەردە 60 ئادەم پاتقۇدەك بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

## قوشتاغ يولئېغىزى (يەر بۆلىكى)

پىشنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتر كېلىدۇ، يول ئېغىزى (چوڭ ماشىنىلار ئۆتەلـ

مەيدۇ)، بۇ يولدىن قوشتاغقا بارغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

(يەر بۆلىكى)

**گۈمبەز**

كەڭقىر قىرغىز ملللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 50.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھىندىستانغا ماڭىدىغان تاغ يولىنىڭ بويىدا، ھازىر ئادەم ئولتۇرمايدۇ. بۇرۇندا بۇ يەردە گۈمبەز شەكىللىك بىر ئۆي ياسالغان بولۇپ، يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار قونالغۇ قىلغان. شۇڭلاشقا شۇنداق ئاتالغان.

(يەر بۆلىكى)

**يۇلچۇڭمازار**

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. گۈڭگۈرت، گەج، زەمچە قاتارلىق كانلار بار. بۇ يەر تۆگە بېقىشقا ئەپلىك. مەنىسى «يولى چوڭ مازار». رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇندىن 600 يىل ئىلگىرى سىرتتىن كەلگەن «سۇلتان ۋەئىس قىدان» ۋە «خوجا ئابدۇللا» دېگەن كىشىلەر بۇ يەردە تۆگە باققان. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. كېيىن ئۇلارنىڭ تۇغقىنى موللا مەمەيىم شېيخ قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، شادا-تۇغ تىكىلەپ قايتىدىن مازار قىلغان. كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا-تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىپ، يولمۇ كېڭەيگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**ھەسەنپاششىيىم مازىرى**

باشلەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 9 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەسەنپاششىيىم كەنتىدە. رىۋايەتتىن قارىغاندا بۇندىن 880 يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە ھەسەن پاششىيىم دېگەن ئىسلام ئاچقۇچى بۇ يەرگە كەلگەندە قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېلىپ تۇغ باغلاپ مازار قىلغان ئىكەن.

(يەر بۆلىكى)

**كۆمۈرچىيولى**

چودا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 34.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. چۆلگە بارىدىغان بىر چىغىر يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆمۈرچىلەر كۆپىنچە بۇ يول بىلەن جاڭگالغا بېرىپ، توغراق كېسىپ كۆمۈر كۆيدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

# مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ناملىرى

# مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەرنىڭناملىرى

## خانىقا، قەدىمكى خارابە، سۇرەتتاش، قورۇ ناملىرى

**گۇما خانىقا**

ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى مەسچىتلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولغاچقا «گۇما خانىقا» دەپ ئاتالغان.

خانىقانىڭ ئۇزۇنلۇقى 67 مېتىر، كەڭلىكى 57 مېتىر، ئىگەللىگەن ئورنى 3819 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئىبادەتخانا ۋە ئىچكى، تاشقى ھويلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1216 كۋادرات مېتىر. ئىچكى ھويلا ئىبادەتخانىسىغا تۇتاش، پىششىق خىشلىق قورۇ تامىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 178 مېتىر. پولات چىۋىقلىق سېمونت دەرۋازا راۋىقى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ ، ئېگىزلىكى 17 مېتىر. راۋاقنىڭ چوققىسىدىكى بوغۇم-بوغۇم شەكىللىك زىننەت قۇرۇلۇشىدا پولات چىۋىق تىرەپ تۇرىدىغان ئاي-يۇلتۇز بەلگىسى بار بولۇپ، كىچىك رەڭدار چىراقلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋىتى يۇمىلاق تورۇسلۇق «ئەزانخانا» بولۇپ، نامازغا ئەزان توۋلىنىدۇ. ئىچكى، تاشقى ھويلىلارنىڭ دەرۋازا بىناسى بار. سىرتقى ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ماڭلاي تەرەپ ئوتتۇرىسىغا توك سائەت ئورنىتىلغان ۋە قوغۇن، ئۈزۈم، گۈللەر قاپارتما قىلىپ نەقىش قىلىنغان. دەرۋازا تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسما چىراق بېكىتىلىپ، ئەتراپىغا سېمونتتىن ياسالغان قوغۇن، ئۈزۈم ۋە گۈللەر ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق، شەكلى ئەينەن، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

ئىچكى ھويلىدا خىشلىق سۇپا، ئىبادەتخانا، تۈنەكخانا ۋە ئىسھاق ۋەلىنىڭ خاتىرە ئۆيى بار. بەش تۈپ قامەتلىك قەدىمكى سېدە دەرىخى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدا قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە بىردىن يان ئىشىك ۋە توققۇز ئېغىزدىن ھۇجرا بار. ھۇجرىلاردىن پەس چىقىرىلىپ، قىرلىق كىچىك تۈۋرۈكلەر بىلەن تىرىلىپ پېشايۋان ھاسىل قىلىنغان. خانىقا ئىچىنىڭ ئەمەلىي كۆلىمى 2560 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 5 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ.

بۇ خانىقا ھىجرىيەنىڭ 1237-يىلى ياسالغان بولۇپ، 144 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئېيتىلىشىچە ئەينى ۋاقىتتا كۆكتېرەكلىك يۇسۇپ ئاخۇن دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۆزى

راسخوت چىقىرىپ مۇشۇ جايغا كۆلىمى 180 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر «تۆنەكخانا» سالدۇرغان بولۇپ، هازىرقى خانىقانىڭ تەكتى ئەنە شۇ ئىكەن.

مىلادى 1865-يىلى بۇ مەسچىتنىڭ ئىچكى هويلىسى ياساپ چىقىلىپ، ئۇنىڭغا «مەسچىت ئالدى» دەپ نام بېرىلگەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي قاغىلىقتىن توختى ئىشان سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گۇمىغا كېلىپ، «مەسچىت» دېگەننى «خانىقا» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، هازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مىلادى 1944-يىلى جامادىل ئەلەم ئاخۇنۇم ئىمام بولغان. خانىقا ۋەخپىسىنىڭ ئىجارىسى بىلەن هەم ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ يۇمىلاق تورۇسلۇق هۇجرىنىڭ ئالدىدىكى پەشلىرىنى ياساتقان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 94 كۋادرات مېتىر چىقىدۇ. 1981-يىلى مۇسۇلمانلار خانىقانى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، تاشقى هويلىنى ياسىغان. يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇستىلىق ۋە ماهارەت بىلەن ياساپ چىققان. پىلانلىنىشى هەيۋەتلىك، ئىنچىكە سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن. ناهىيە بويىچە ئەڭ چوڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، ناهىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى هېسابلىنىدۇ.

## ئاۋات پومېشچىك قورۇسى

بۇ قورۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خوتەن دېهقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېهقانچىلىق مەيدانىنىڭ چاڭگامەهەللە كەنتىدىكى ئېگىزلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان بىر قۇملۇق دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، مەيدان تەشكىلى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شەرقىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىلادى 1929-يىلى ياسالغان. ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قەسىر شەكلىدە بولۇپ، هەشەمەتلىك ۋە كەڭ-كۇشادە. بىنانىڭ ئىچىدە ئىككى ئايۋان، مېهمانخانا، ياتاقخانا، دەهلىز، ئاشخانا، قازناق قاتارلىق جەمئىي 14 ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، ئورنى 10 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تاملىرى يۇلغۇن قوشاملىق بولۇپ، سىرتى سېغىز بىلەن، ئىچى گەج ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سۇۋالغان. قەسىرنىڭ ئالدى ۋە شەرقى ئىككى تەرىپىدە پېشايۋان بار. پەشىنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرغان قىسمى تېرەك ياغىچىدىن بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ ياسالغان بولۇپ، يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر تىرەپ تۇرىدۇ. پەنجىرىلىرىنىڭ تاللىرى ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ نەپىس ئىشلەنگەن. تەكچىلىرىگە هەر خىل گۈل-نەقىشلەر چېكىلىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇ جايلاردا كەم ئۇچرايدۇ. ئالدىنقى مېهمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئايەت سىزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋاننىڭ تۆت تېمى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن تولغان. ئوڭ تەرەپ غەربىي هۇجرىنىڭ جەنۇبىي تېمىدا تۇردى هاجى قورۇسىنىڭ پىلان خەرىتىسى بار بولۇپ، هازىرمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ، رەڭگى ئوچۇق، خەرىتىنىڭ ئاستىدا مورا ئوچاق بار، ئوچاقنىڭ ئەتراپى گەج بىلەن گۈل چىقىرىپ نەقىشلەنگەن. مېهمانخانىنىڭ ئارقا تېمىغا قۇرۇلۇش قىلغان ۋاقتى هىجرىيە كالىندارى بويىچە خاتىرىلەنگەن. غەرب تەرىپىگە ئۆتسە بىر هۇجرا بولۇپ، ئىچ تېمىدا نەقىش قىلىپ سىزىلغان گۈل-گىيا، تەشتەكلىك گۈل، خەت، ئايەت

قاتارلىقلار بار. توساق تامنىڭ پەنجىرىلىرى ھەر خىل نۇسخىدا نەقىش چىقىرىلىپ ئىشلەنگەن. تورۇستا ھەل بېرىلگەن كاتەكچە ۋە سىزىقلار بار. ھويلىنىڭ ئالدىدا 10 مېتر كەلگىدەك يەردە قاتار سېلىنغان قەدىمكى سۆگەت دەرەخلىرى بار (ھازىرمۇ تۆت تۈپ بار)، شەرقىي جەنۇبىغا 20 مېتر كەلگىدەك جايدا ئەتراپىدا 11 تۈپ سۆگەت بار بىر كۆل بار بولۇپ، ئەتراپى تام بىلەن قاشالانغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆگەتلەر بۇ ئىمارەتنى سالغان چاغدا تىكىلگەن، 50 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەجدىھاردەك غەلىتە كۆرۈنۈشتە تۇرىدۇ. ھويلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن 20 مېتردەك كېلىدىغان جايدا جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ، ئۈستىگە بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغان. ھويلىنىڭ ئالدىدىن 50 مېتر جايدا ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، قاتار-قاتار رەتلىك ئۈزۈملەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ئارىلىقىغا ھەرخىل زىرائەتلەر تېرىلغان. ئۇنىڭ كۆلىمى گويا ناھىيىسىدە بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنىي زات مەتنىياز ئەلەم دېگەن كىشى تۇردى ھاجى قاتارلىق يەتتە كىشىنى باشلاپ كېلىپ سۇ تۇغلاپ بىنەم ئېچىپ بۇ يەرنى كۈندىن-كۈنگە ئاۋاتلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايلار «ئاۋات» دەپ ئاتالغان.

مەتنىياز ئەلەم ئۆلگەندىن كېيىن، تۇردى ھاجى بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 60 دەك ئادەمنى باشلاپ ئۈزۈمە سالدۇرغان ھەمدە قورۇنىڭ قەسىر شەكلىدىكى ئاساسىي گەۋدىسىنى ياساتقان.

ھازىر قەسىر شەكلىدىكى ئىمارەتنىڭ توققۇز ئېغىز ئۆيى تېخىچە ساقلانغان، 5 ئېغىزى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئارقا ھويلىدىكى ئون نەچچە ئېغىز يىللىقچىلار ئولتۇرىدىغان ئۆي ۋە شەرق تەرەپتىكى كۆۋرۈك، ئېرىق ھازىر قالمىغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ياخشى ئاسرالماي، بوران ئۇچۇپ قالغان، كەپتەر ۋە قۇشقاچلار ئۇۋا سېلىۋالغان، قىسمەن تام سۇرەتلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن.

بۇ قورۇلۇش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىناكارلىق، نەققاشچىلىق ئىشلىرى بويىچە ئىنتايىن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

## سانجۇ سۇرەتتاش

سۇرەت كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئۇلاچى كەنتىدىكى تاغقا يانداش بىر قىزىل قۇمتاشنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكىچە بولغان ئارىلىقى 21 كىلومېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىغا بارىدىغان تاغ يولىنىڭ شەرق تەرىپىدە. سۇرەت ئويۇلغان قۇمتاش غەرب تەرەپتىكى تاغنىڭ تۈۋىدە تىك تۇرىدۇ، يۈزى غەربكە قارايدۇ، ئالدىدا تاغ يولى بار. يولنىڭ غەربىدىكى تاشلىق سايدا بىر كىچىك ئېرىق بولۇپ، يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، ياز پەسلىدە چىغىرتماق گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئوتلار ئەتراپتىكى يەرلەرنى قاپلاپ تۇرىدۇ، مەنزىرىسى گۈزەل. بۇ سۇرەتتاشنىڭ ئورنى بۇرۇنقى سانجۇ يېزىسى تەۋەسىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

قۇمتاش قىزغۇچ جىگەررەڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 مېتر، كەڭلىكى 3 مېتر، يۇمشاقراق. ئۇنىڭ يۈزى تۈز ۋە سىلىق بولۇپ، قاتتىق سايمان بىلەن چوقۇپ سۇرەت ھاسىل قىلىنغان. سۇرەت يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتر، كەڭلىكى 2 مېتر كېلىدىغان بولۇپ، بىر چەۋەندازنىڭ ئات

ئۈستىدە تۇرۇپ ياغا ئوق سېلىپ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغانلىقى، بىر نەچچە كىشىنىڭ ئۇنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ بىر توپ كېيىكنى قوغلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. سۈرەتلىك يۈزىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇلۇڭىدا خەتكە ئوخشايدىغان ئىز بار. بۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئويۇلغان ۋاقتى سۇڭ زامانىسغا توغرا كېلىدۇ.

سۈرەتتاشنىڭ قېشىدىكى سانجۇ سۇ رايى پونكىتىنىڭ جەنۇبىغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى كەڭلىكى 30 مېترغا يېقىن كېلىدىغان قىزىل قۇمتاشتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاش سۈرەت بار. بۇلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. ئاسرىلىشى ئوبدان بوامغاچقا، بەزىلەر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن سۈرەتتاشنىڭ ئۈستىگە ئىسىم-فامىلىسىنى ۋە بەش يۇلتۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئويۇپ قويغان.

**ياغاچئۆيلۈك قەدىمكى شەھەر خارابىسى**

قەدىمكى شەھەر خارابىسى گوما ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تەخمىنەن 140 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان خارابە. ئۇنىڭدا قەدىمكى زاماندىن قالغان نەرسىلەر ئىنتايىن مول بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1972-يىلى ئېلان قىلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدۇلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. ئەتراپتىكى ئاھالىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ۋە ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ خارابە بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلىپ بىر سىزىق ھاسىل قىلغان.

بىرىنچى قىسمى باشبازار دەپ ئاتىلىدۇ: 5 كىلومېتىر دائىرىدە تۆت كوچا بار، ئۇزۇك-ئۇزۇك تاملار، قەبرىلەر ساقلانغان، تاسادىپىي قۇرۇق جەسەتلەر ئۇچراپ قالىدۇ، يەر ئۈستىگە ساپال پۇچۇقلىرى تولۇپ كەتكەن.

ئىككىنچى قىسمى بۇلاقكۆل: باشبازار بىلەن ئارىلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئايلانمىسى 7 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇق كۆل بار بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىدا قەدىمكى ئۆيلەر، ئېرىق، ئېرىلغۇ ئېتىزلارنىڭ ئىزى بار. يەر يۈزىدە ساپال پۇچۇقلىرى، قەدىمكى پۇل، مارجان ۋە ياقاق، شاپتۇل، جىگدە، كۇنجۇت، بۇغداي، كۆممىقوناق غوللىرىنىڭ قالدۇق ئىزى بار. قەدىمكى قەبرىستانلىقتا قۇرۇق جەسەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى ئىبادەتخانا: ئايلانمىسى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ قېشىدا ياغاچ شادا بىلەن قاشالانغان قەبرىلەر، سۇ تۈگمىنىنىڭ تېشى ساقلىنىپ قالغان.

تۆتىنچى قىسمى كەندىركۆل بولۇپ، بىر كۆل بار. ئورنى 5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى شورلۇق بولۇپ پۇتۇنلەي قومۇش ئۆسكەن. كۆلنىڭ لېۋىدە پادىچىلار ئۆيلىرىنىڭ قالدۇق ئىزى، ئۆسۈپ تۇرغان جىگدىلەر بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن بۆرە، ئېيىق، ياۋا بۇغا، ياۋا توخۇ، ياۋا ئۆدەك ۋە باشقا ئۇچار قاناتلار بار.

بەشىنچى قىسمى سېپىللىك: كەندىركۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدىغان

قەدىمكى شەھەر مەركىزى بولۇپ، ئورنى 25 كۋادرات كىلومېتىر چىقىدۇ، چۆرىسىدە سېپىل بار. سېپىلنىڭ يېرىمىنى قۇم بېسىۋالغان، ئۇنىڭ ئېمىنى سېغىز توپا بىلەن چىڭداپ ياسىغان. قەدىمكى شەھەردىكى كوچىلار ئۇيان-بۇيانغا چاپراس كەتكەن، ئۆيلىرى قاتار قىلىپ سېلىنغان، ئۇلىغا پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان، تاملىرى سېغىزدىن قوپۇرۇلغان. ئىشىك-دەرىزىلىرىگە جىگدە ياغىچىنىڭ شېلى ئىشلىتىلگەن، تورۇسلىرى ھازىر قالمىغان، كوچىلىرىنى تونغىلى بولىدۇ. خەلق ئىچىدىكى ئىزدەنگۈچىلەر بۇ جايلاردىن ساپال پۇچۇقلىرى، مىس يارماق، مارجان، يامبۇ، موھۇر، ياغاچقا يېزىلغان خەتلەرنى تاپقان. قەبرىستانلىقتىكى مېيىت ساندۇقلىرىنىڭ ياغاچلىرى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، جەسەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر ھويلىدا تامغا يۆلەنگەن بىر ئايالنىڭ يېرىم ئولتۇرغان ھالەتتىكى قۇرۇق جەسىتى بار بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز-كۆزلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

### سۇلتان سىدىق بۇغراخان مازىرى

زاگگۈي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 7.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، قارايدىغان بىر ئادەم بار. بۇ مازار 650 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەتراپىدا باراقسان توغراقلىق بار. ئەسلىدە ئىككى مەسچىت، ئىككى ئېغىز تۈنەكخانا، بىر گەمە، بىر داش قازان، بىر كۆل بار بولۇپ، ھازىر گەمە، داش قازان ۋە مازاردىكى تۇغ-شادىلار قالغاندىن سىرت، باشقىلىرى ۋەيران بولۇپ كەتكەن. قەشقەرلىك ۋە خوتەنلىكلەر كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئافغانىستاننىڭ كاسانى شەھىرلىك «سۇلتان سىدىق بۇغراخان» دېگەن كىشى مىلادى 1320-يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

### غازىئالىم خوجا مازىرى

گۇما بازارلىق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى خارابە ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە دۇئا قىلىپ ئاندىن يولغا ماڭىدۇ. ئەسلىدە ئىككى مازار، بەش تۈپ توغراق، بىر مەسچىت بار بولۇپ، ئورنى 30 مو كېلەتتى. 1958-يىلدىن كېيىن ۋەيران قىلىنغان، ھازىر 10 موچە يېرى قالغان. قەدىمكى خارابە ئىگەللىگەن ئورۇن كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو كېلىدۇ، بىر ئادەم قارايدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە بىر پارچە قۇملۇق بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئافغانىستانلىق بوبا سۇرھەيي ۋە ئوغلى خوجا پىقىر مەمەت ئىككىسى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ سېۋەت توقۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. كېيىن ئۇلار شېيخ ھوججاز قېشىغا زىيارەت قىلىپ بارغاندا غازىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بارغان، ئۆلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانمىش. كىشىلەر ئۇ زاتنى «غازىئالىم خوجا» دەپ، بۇ مازارنى بولسا «غازىئالىم خوجا مازىرى» دەپ ئاتايدۇ.

### خوجا ئوبۇلقاسىم مازىرى

دۇۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ.

دۆۋا تاغ چوققىسىدا. ئازادلىقتىن بۇرۇنلا مەدەنىي يادىكارلىق مازار بولغان. ئورنى 4 پۇڭ كېلىدۇ. ئەسلىدە مەسچىت، شادىلىق سالاسۇن بار بولۇپ، ھازىر ۋەيران بولۇپ كەتكەن. مىلادى 1260 ـ يىلى ئىراقلىق خوجا مەلىكشا بۇ يەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتقىلى كەلگەندە بىر نەچچە يىل كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان. 1271 ـ يىلى ئىراقلىق «ئوبۇلقاسىم خان» دېگەن كىشى ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ جايغا دەپنە قىلىنىپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

## تۆشۈكتاش مازار

قوشتاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 31.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ قېشىدا سىرتقى دىئامېترى 2~1.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدىغان، ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم تەس پاتقۇدەك تۆشۈكى بار چوڭ بىر يۇملاق تاش بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاياللار تۇغمىسا، كىچىك باللارغا يارا چىقىپ قالسا بۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزسە ئاياللار تۇغارمىش، باللارنىڭ يارىسى ساقىيارمىش.

## ياغاچكەستى مازار

ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 22 كىلومېتىر كېلىدۇ، «سۇلتان لېچىن پەرۋاز ئاتا»نىڭ مازىرى. مازارلىقتا ئەسلىدە بىر نەچچە تۇپ توغىراق ۋە تۇنەكخانىسى بار بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تەخمىنەن بۇندىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بىر قېرى ئادەم كاساڭ ئەتمەكچى بولۇپ مازارلىقتىكى توغراقنى كېسۋاتقاندا پالتىنىڭ سېپى چىقىپ كېتىپ، بىسى كاللىسىغا چۈشۈپ نەق مەيداندا ئۆلگەن ئىكەن. كېيىنكىلەر شۇندىن تارتىپ بۇ يەرنى «ياغاچكەستى مازار» دەپ ئاتاشقان.

## ئاقپوتەي

مۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 9.8 كىلومېتىر كېلىدىغان سايلىقتا بولۇپ، يول مۇساپىسىنى كۆرسىتىدىغان پوتەي. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 4 مېتىر، خام خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، ئاق سېغىز بىلەن سۇۋالغان. ئۇ، مۇجى يېزىسى بىلەن زاڭگۇي يېزىسى ئارىلىقىدىكى كىچىك يول (ئىلگىرى خانلىق يول)نىڭ ئۈستىدە. ھازىر بۇ ئىككى يېزىنىڭ چېگ-رىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككى يېزىنىڭ خەلقى ھازىرغىچە مۇشۇ يول بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدۇ. چىڭ خاندانلىقىنىڭ تۇڭجۇ يىللىرى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يول نىشانىسى قىلىپ بۇ پوتەيىنى سالدۇرغان. پوتەي ئاق سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغاچقا ئاق كۆرىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

## سالاسۇنپوتەي

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. داۋگۇاڭ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پادىشاھىسى پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ يەردە يول مۇساپە نىشانىسى قۇردۇرغان. بۇ يەردىكى يول زاڭگۇي، مۇجىلارغا بارىدىغان مۇھىم يول بولغان (ھەر 4 كىلومېتىر بىر پوتەي ھېسابلىنىدۇ). پوتەي سېغىز توپىدىن ياسالغان بولۇپ، ھازىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بۇرۇن

بۇ يەردە مازار بار بولۇپ، ياغاچ سالاسۇن بىلەن قاشالانغان، پوتەي بۇ مازارنىڭ قېشىغا سېلىنغان بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

## ئۇژمىلىك قەدىمكى شەھىرى

ناھىيە شەھىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدىغان قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قېشىدا. قەدىمكى زامان خارابىلىرى ئىنتايىن مول، بۇت سۇنۇقلىرى، ساپال پۇچۇقلىرى، قەدىمكى زامان ئۆيلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ ئىزلىرى تېخىچە ساقلانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىن 1957-يىلى ئېلان قىلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ جاي خەن سۇلالىسى زامانىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئىكەن. ئەسلىدە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئۇژمىلىك جاي بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

## بۇتلۇق

زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. خۇاڭ ۋېنبى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى بوغاي (باغىيا) خارابىسىنىڭ ئىزى ئىكەن، دەپ گۇمانلانغان. ھازىرمۇ ھېچقانداق گىيا ئۈنمەيدىغان بۇ بىر پارچە زېمىندىن ساپال پۇچۇقلىرى، بۇت پارچىلىرى، بەش مىسقاللىق پۇل ۋە تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن يىللىرىدىكى تۇڭباۋ يارمىقى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا يىراق بولمىغان جايدا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت قەبرىستانلىق بار بولۇپ، «شېھىتلىك» دېيىلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا توغرا كېلىشى كېرەك.


## قىزىلتام

پىيالما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 17 كىلومېتىر كېلىدىغان، شامالدا يېمىرىلگەن دۆڭلۈكتە بولۇپ، قەدىمكى زامانغا ئائىت خارابە بار. جەنۇبىدىن شىمالغىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 4 كىلومېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر نەچچە 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. دائىم ئۇچرىتىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن قۇم ئارىلاشقان ساپال، تاش قوراللار بار. مىستىن ياسالغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى تېپىۋالغۇچىلارمۇ چىقىپ قالىدۇ. ھازىرقى مەدەنىي يادىكارلىق ئەھۋالىدىن كۆرگەندە بۇ يەرنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى خەن سۇلالىسى زامانىدا بولۇشى كېرەك.

## سۇلتان سادىق بۇغراخان مازىرى

گۇما دېھقانچىلىق مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ قېشىدا بىر مەسچىت بار (مازار بىلەن مەسچىت 1981-يىلى رېمونت قىلىنغان). رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇندىن مىڭ يىل ئىلگىرى سۇلتان سادىق بۇغراخان دېگەن كىشى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ خوتەنگە كاپىرلارنى بويسۇندۇرغىلى ماڭغاندا جەڭدە قازا قىلىپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن. بۇ يەرگە يەنە مەسچىتمۇ بىنا قىلىنغان. ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار يىراق جايلاردىن كېلىپ زىيارەت قىلىپ، دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ.

# ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن دېھقان-
# چىلىق مەيدانىنىڭ نامىلىرى


بەكتۇەن گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسى
1:135000
1:135000
قازاقمەھەللە
قاراتاغىز ئاتىسۇل
قىغلىقدۆڭ
قاراتاغىز سۇ ئامبىرى
بالاقاش
كوناكۆل
قامغاقلىق
چاچلىقوم قۇدۇق
بولۇۋاسچىققان ئار
چاچقوم
مازارقۇدۇق
تېرەكئاچچىق
خادىلىق
كۆمۈرچىيولى
بولىقىزى دۆڭ
ئېگىزئېغىل
قاقاتاستى
قاقاتاستى قۇدۇق
تېتىر
ئاۋاتنىڭ قورۇ
ئاۋات
جىگدىلىككۆل
چاڭگادۆڭ مەھەللە
ئاقسۇ كۆل
قورۇقچىنىڭ چاڭگال
ئاۋاتنىڭ بويى
نەخۋاز مەھەللە
كونا قاراتاغىز
مىچىتئالدى
قورۇقچىنىڭ جاڭگالىيېشى
ئېقىنبويى
خېيەكمەھەللە
باشئازما
دىخاتتۇغ
جالدىرمەھەللە
شاخارلىق
ئاداقمەھەللە
كۆنچىمەھەللە
چاڭگامەھەللە
قىزىر
ئېغىلمەھەللە
بەكتۇەن گۇما دېھقانچىلىق مەيدان
كىشىكمەھەللە
ئۆزمىلىك
پالمەھەللە
بولۇڭكۆل
كاللىكمەھەللە
لەڭگەر
مەمەتمازار
تۇگمەن
تۇقاي
تۆگمەھەللە
كۆكتىرەك جاڭگال

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

دېھقانچىلىق مەيدان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى يېزىسى بىلەن، غەربتە كۆكتېرەك يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا موكويلا يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 21 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13.2 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 277.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارمىقىدا 10 دېھقانچىلىق دادۈيى، 42 ئىشلەپچىقىرىش ئولتۇرۇش-شياۋدۈيى، 37 تەبىئىي كەنت، مەيدانغا بىۋاستە قاراشلىق 11 ئورۇن بار. 3092 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، نوپۇسى 12366 (بۇنىڭ ئىچىدە غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 311 نەپەر، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 12055 نەپەر)، ئۇيغۇر 11944 نەپەر، خەنزۇ 406 نەپەر، خۇيزۇ 16 نەپەر.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق بولۇپ، مەيدان تەشكىلى ئاچماق كەنتىدە تۇرۇشلۇق. بۇ جاينى يەرلىكلەر «قاراتاغىز» دەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردە خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر «ياغاچئۆيلۈك» كە بارىدىغان قارا لايلىق بىر جاي بولغاچقا «قارا تار ئېغىز» دېيىلىپ، كېيىنچە بۇ سۆز «قاراتاغىز»غا ئۆزگىرىپ قالغان. بۇ مەيدان 1955-يىلىنىڭ بېشىدا گۇما ناھىيىسىنىڭ ئۆلگە دېھقانچىلىق مەيدانى بولغان، 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى بىلەن گۇما ناھىيىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «دۆلەت ئىگىلىتۈرۈش كىددىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكەن. 1980-يىلى ئۇنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلۈپ تەسىس قىلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا بولغان ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتالغان. 1982-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ مەيدان تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200~1000 مېتر، ئىقلىمى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ. ئەڭ چوڭ شامال كۈچى 8 بال، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $11.8°C$، ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولغاندىكى (1-ئايدىكى) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $-3.6°C$، ئەڭ ئىسسىق بولغاندىكى (7-ئايدىكى) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $24.9°C$ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە $40.2°C$ قا چىقىدۇ، ئەڭ تۆۋەنلىگەندە $-14.1°C$ قا چۈشىدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 215 كۈن ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 49.4 مىللىمېتر بولىدۇ. ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، كۆچمە قۇم ۋە بوراندىن ئىبارەت. 1979-يىلىدىكى بىر قېتىملىق 8 بالدىن ھالقىغان قاقاس ئىسسىق بوراندا دەل-دەرەخلەر يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چۈشكەن، ئاشلىق مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە كامىلاپ كەتكەن.

مەيدان بويىچە سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 69825 مو بولۇپ، قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۈيى ھەممىدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنىپ 12 كۆز ماشىنىلىق قۇدۇق، قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. بۇ سۇلار پۈتۈن مەيداندىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 218 كىلومېتر كېلىدىغان 573 تاناپ ھەر دەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەر بىلەن باشلاپ كېلىنىدۇ. بۇلاردىن تاش ياتقۇزۇپ ئىشلەنگەن ۋە سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان ئۆستەڭلەر 36.74 كىلومېتر، كۆۋرۈكلۈك سۇڭگۈچ، زاكۇ، شاقىراتما قاتارلىق قوشۇمچە ياسالغان ئىنشائاتلار 227.

دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىم يەر كۆلىمى 42900 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، پۇرچاق تۈرلىرى بولۇپ، يەنە مايلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، ئوتياش قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇنىڭ قوغۇنى پۈتۈن ۋىلايەن بويىچە داڭلىق. 1985-يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتى 11 مىليون 230 مىڭ جىڭ، پاختا 6720 دەن، مايلىقدان 200 مىڭ جىڭ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 148 مىڭ 200 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 361.98 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 908 جىڭ بولغان.

شىمالىي قىسمىدا 1176 مو تەبىئىي توغراق ئورمانزارلىقى بار. جەنۇبىي قىسمىدا سۈنئىي ئۆستۈرۈلىدىغان ئورماندىن تېرەكنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا جىگدە، ئۈژمە ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ ئۆستۈرىدۇ. بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 8078 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز مۇھاپىزەت ئورمىنى 6774 مو، 1985-يىلى تىكىلگەن دەرەخ 365 مىڭ تۈپ. چارۋىچىلىقتا قوي كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئات، ئېشەك، چوشقىلارمۇ بار. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 20815 تۇياق. مەيدان دائىرىسىدە كېيىك، ياۋا توشقان، تۈلكە، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار بار.


مەيداندا يېزا سودا بازىرى، ئۇنىۋېرسال ماگىزىن قۇرۇلغان بولۇپ، سودا تور نۇقتىلىرى 30. مەيدان باشقۇرغان كارخانىلاردىن تەمىنات-سودا شىركىتى، كارخانا، ئاپتوموبىل ئەترەت، ماشىنىلىق تېرىلغۇ ئەترەت، قۇرۇلۇش ئەترەت، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار بار. يۈك ئاپتو-

موبىلدىن يەتتىسى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپلىق تراكتوردىن 22 سى، كومباينىدىن بىرى، 120 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن بىرى، 35 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن بىرى بار. تېشىش، رەندىلەش ستانوكلىرىدىن بىردىن، ھەرخىل سۆرتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 18 ى بار. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 2959. 1985-يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 846 مىڭ 400 يۈەن، كۆرگەن پايدىسى 127 مىڭ يۈەن بولغان.

مەيداندا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 13 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرى 126 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 15 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 103 نەپەر. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1608 نەپەر. ئوتتۇرا مەكتەپتە تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانا، داۋالاش ئۆيى قۇرۇلغان. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، 43 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىنغان، بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بار، ئىشچى-خىزمەتچىسى 30 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تىببىي خادىم 27 نەپەر، ئاساسقاتلام دۆلەردە ئون ساقلىقنى ساقلاش ئۆيى، ئون نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار.

مەيداندىكى تاشيول كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئاددىي تاشيولغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، مەيدان ئىچىدىكى ھەرقايسى دادۆيلەرگە قاتناشقا بولىدۇ.

دائىرىسى ئىچىدە خەن دەۋرىدىكى «ياغاچئۆيلۈك» قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى بار بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىدىن «ئاۋات پومېشچىك قورۇسى» ۋە «مېچىت ئالدى مازار»لار بار.



بىپايان قۇملۇقتىكى ئېكولوگىيىلىك شارائىت.

# ئۆلچەملىك نامـلىرى

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيـدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى

(«گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالـى»غا قارالسۇن)

### ئاچماق

مەيدان تەشكىلىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. 479 ئائىلە، 1477 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 250 نەپەر. تېرىلغۇ يېرى 1389 مو. بۇ كەنت ئېرىقتا سۇ ئايرىلىدىغان يەردە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### قۇرۇقئاچچىق داۋىي

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇراتوگمەن

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 12.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 97 ئائىلە، 388 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2700 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ قېشىدا سۈيى ئاچچىق بىر شورلۇق جىلغا بولۇپ، كېيىن سۇ كەلمەي قۇرۇپ قالغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

بۇ داۋىي ئەسلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا قارايتتى، 1962-يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ 1-داۋىيى قىلىنغان. 1978-يىلى «قۇرۇقئاچچىق داۋىي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىۋاتىدۇ.

### ئوتتۇراتوگمەن

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 12.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 50 ئائىلە، 192 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1350 مو. بۇرۇندا قۇربان غوجام دېگەن كىشى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۈچ جايغا توگمەن قۇرغان. بۇ يەر ئوتتۇرىدىكى توگمەن جايلاشقان يەر بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاياغتوگمەن

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، 47 ئائىلە، 196 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1350 مو. بۇرۇندا قۇربان غوجام دېگەن بىر كىشى بۇ ئەتراپتا ئۈچ جايغا سۇ توگمىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ يەر ئاخىرىدىكى بىر توگمەننىڭ ئورۇنلاشقان جايى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

### توگمەن داۋىي

تۇرۇشلۇق ئورنى: توگمەن

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 419 ئائىلە، 1291 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 7054 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق،

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-ئايدا «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 2-دادۇيى» قىلىپ ئايرىلغان، 1978-يىلى «تۆگمەن دادۇي»دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**تۆگمەن**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.1 كىلومېتر كېلىدۇ، 109 ئائىلە، 314 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 715 مو. بۇرۇندا بۇ يەردىن بىر توغرا ئېرىق چېپىلىپ، تالابەگ دېگەن كىشى ئىككى تاش سۇ تۆگمىنى ياساپ، كېيىن كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**تورغايمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتر كېلىدۇ، 103 ئائىلە، 304 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1661 مو. بۇرۇن كۆكتېرەكلىك پاسار دېگەن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى تورغايغا ئوخشىتىپ «تورغاي»لەقىمى قويۇۋالغان ۋە كېيىنچە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**لەڭگەر**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ، 90 ئائىلە، 288 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1573 مو. بۇرۇندا ئىمىن ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەردە لەڭگەر ئېچىپ يولۇچىلارنى كۈتۈۋالغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**بەدەشقانمەھەللىسى**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتر كېلىدۇ، 92 ئائىلە، 311 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1699 مو. بۇرۇندا پوسكاملىق خۇدابەردى ئاخۇن دېگەن بىر كىشى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان دېگەن يېرىدىن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. «بەدەخشان» دېگەن سۆز يەرلىك تەلەپپۇزغا «بەدەشقان» دەپ ئۆزلەشكەن.

**پالمەھەللە دادۇي** تۇرۇشلۇق ئورنى: پالمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ، تۆزلەڭلىككە جايلاشقان، قارمىقىدا 6 كەنت بار، 443 ئائىلە، 1677 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 7103 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلگەن. 1978-يىلى «پالمەھەللە دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**پالمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدۇ، 86 ئائىلە، 305 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1505 مو. بۇرۇن كۆكتېرەكلىك مەتيۇسۇپ ئاخۇن دېگەن كىشى بۇ يەرگە ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ پال سېلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىمۇ پالچى-

لىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئۇژمىلىك**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ، 90 ئائىلە، 313 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1109 مو. تەخمىنەن 160 يىلنىڭ ئالدىدا سايىت ھاجى دېگەن بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ 10 مودىن كۆپرەك يەرگە ئۈژمە سېلىپ باغ قىلغان، كېيىنچە كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

**كانايمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، 58 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 957 مو. بۇرۇندا مەتقۇربان غوجا ئىسىملىك بىر كىشى بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئەسكەرلىكتە ئىشلەپ كاناىچى بولغانلىقى ئۈچۈن، «كاناي» لەقىمى سىڭىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئەۋ-لادلىرىمۇ «كاناي» لەقىمى بىلەن ئاتالغاچقا، شۇنداق نام ئالغان.

**كىشىكمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر كېلىدۇ، 86 ئائىلە، 317 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1225 مو. مەنىسى «كاج مەھەللە». بۇرۇندا «تاتلىق بارىكام» دەيدىغان بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مىجەزى كاج، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان بولغاچقا «كىشىك» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان ۋە كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

**شېيىخمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، 63 ئائىلە، 245 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 946 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئارىسىدىكى نەۋىر غوجا دېگەن بىر كىشى مازار خەۋەر ئالىدىغان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «شېيىخ» دەپ ئاتاشقان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق نام ئالغان.

**كاللەكمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.25 كىلومېتىر كېلىدۇ. 60 ئائىلە، 258 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1861 مو. بۇرۇندا ئەڭ دەسلەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلە كىشى-لىرىنىڭ ھەممىسى سېمىز ھەم پاكار بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «كاللەك» دەپ ئاتاشقان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، كاللەكمەھەللە دەپ نام قالغان.

**كۆنچىمەھەللە دادۈيى** تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆنچىمەھەللە

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا بەش كەنت بار، 419 ئائىلە، 1491 نوپۇسى بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 5877 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كوممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋ-چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى»نىڭ 4-دادۈيى بولۇپ ئايرىلغان. 1978-يىلى «كۆنچە-مەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىۋاتىدۇ.

**كۆنچىمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 157 ئائىلە، 455 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1517 مو. دەسلەپتە گۇما بازىرىنىڭ كۆنچىمەھەللىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**تازمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ. 68 ئائىلە، 233 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1057 مو. بۇرۇن دەسلەپتە بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئابلىمتىكام دېگەن كىشىنىڭ بېشىدا تۈك بولمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «تاز» دېگەن لەقەمنى قويۇۋالغان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

**چېقىرمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىگە 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 342 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1385 مو. ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدۇللا ئاخۇن دېگەن كىشى بىنەم ئېچىپ چېقىر ئۆزمە سالغان. كېيىن كەنت پەيدابولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**چاڭگامەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 0.8 كىلومېتر كېلىدۇ. 65 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1056 مو. بۇرۇن بۇ جايدا تۇردى ھاجى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساقىلى ھەم جىق ھەم ئۇزۇن، خۇددى قۇش چاڭگىسىدەك قالايمىقان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «چاڭگا ساقال» دەپ ئاتاشقان. كېيىنچە كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**شاخارلىق**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتر كېلىدۇ، 57 ئائىلە، 222 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 862 مو. بۇ جايدا بىر پارچە توغراقلىق بولۇپ، كىشىلەر توغراقنى چاتاپ شاخار كۆيدۈرىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاياقمەھەللە دادۇي**     تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياقمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىكتە جايلاشقان. قارىمقىدا بەش كەنت بار. 384 ئائىلە، 1518 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 6246 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلگەن. 1978-يىلى «ئاياقمەھەللە دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئاياقمەھەللە**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتر كېلىدۇ. 77 ئائىلە، 810 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1217 مو. بۇرۇندا يەكەنلىك ياغاچچى «موللا قۇز» دېگەن كىشى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ياغاچ ئاياق قىرىش كەسپى بىلەن تىرىكچىلىك

قىلغان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

**ئېغىلمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 106 ئائىلە، 332 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1296 مو. بۇرۇندا بۇ يەردە بىر ئۇزۇن قۇم دۆڭى بولۇپ، ئەتراپى ئوت-چۆپلۈك ئىكەن. كەنت پەيدا بولغاندىن كېيىن كىشىلەر دۆڭ تۆپىسىگە نۇرغۇن ئېغىل ياساپ بۇ يەرلەردە مال باققان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قاقىنمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 76 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1275 مو.

**بوغماقمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. 75 ئائىلە، 320 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1265 مو. بۇرۇن دەسلەپ قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان توختى دېگەن كىشى قاپاقتا ئوخشاش سېمىز كىشى بولغاچقا «بوغماق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. كېيىنچە ئۇ كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**دىخانتوغ**

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. 70 ئائىلە، 236 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1139 مو. مەنىسى «دېھقان توغ». بۇرۇن نەسۇللا داخان بۇ يەردە توغ سېلىپ سۇ باشلاپ كېلىپ يەر سۇغارغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ توغنى «دىخانتوغ» دەپ ئاتاشقان. كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا كەنت نامى بولۇپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى: شىيىنمەھەللە

**مېچىتئالدى داۋۇي**

مەيدان تەشكىللىنىڭ شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمقىدا بەش كەنت بار. 390 ئائىلە، 1535 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 6015 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. ئۇز قارىمىقىدىكى «مېچىتئالدى» كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى 12-ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گوما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلگەن. 1978-يىلى «مېچىتئالدى داۋۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**شىيىنمەھەللە**

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 74 ئائىلە، 289 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1226 مو. بۇندىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى مەمتىز ئاخۇن دېگەن بىر كىشى ئەڭ دەسلەپ قىلىپ بىر شىيىن كۆتۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تارازا تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

### باشئازما

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ. 85 ئائىلە، 341 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1145 مو. بۇ يەر بۇرۇن كەنت بولغان بولۇپ، كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياغاچتىن ياسالغان ئىككى سۇئگۈچلۈك بىر ئازما بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### خىيەكمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتر كېلىدۇ. 72 ئائىلە، 285 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1124 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىمىن ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆپكە كېسلى بولۇپ، داۋاملىق خىرقىراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «خىيەك» دەپ ئاتىۋالغان. كېيىنچە كەنت پەيدا بولغاندا ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

### مېچىتئالدى

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.9 كىلومېتر كېلىدۇ، 90 ئائىلە، 339 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1300 مو. تەخمىنەن 600 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ جايغا ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇراقلاشقان «ئاق سوپى»دېگەن كىشى ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىر مەسچىت سالدۇرغان، كېيىن مەسچىتنىڭ ئالدىدا بارا ـ بارا كەنت ھاسىل بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

### نەخۋازمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 69 ئائىلە، 281 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1215 مو. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 170 يىلنىڭ ئالدىدا مۇساكام دېگەن بىر كىشى ئوقەتچىلىك بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، بىر نەرسە ساتسا ھەرگىز نىسىر بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «نەخۋاز» دەپ ئاتىشىدىكەن. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

### ئاۋات دادۈي

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاۋات

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.2 كىلومېتر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا تۆت كەنت بار. 272 ئائىلە، 1003 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 5330 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى خوجەن گۇڭشېنىڭ 7 ـ دادۈيى بولۇپ قۇرۇلغان، 1959 ـ يىلى گوما ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلىپ 3 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان، 1960 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گوما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلىپ 7 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان، 1978 ـ يىلى «ئاۋات دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ.

### ئاۋات

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.2 كىلومېتر كېلىدۇ. 75 ئائىلە، 295 نوپۇسى بار، تېرىلغۇ يېرى 1430 مو. دەسلەپتە بۇ يەرلەر چۆللۈك بولۇپ، مەتنىياز ئەلەم قاتارلىق يەتتە ئائىلىلىك كىشى گومىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۇ يەرنى جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تېرىم يەر

قىلىپ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، كۈندىن-كۈنگە ئاۋاتلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئۆپكەمەھەللە

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.8 كىلومېتىر كېلىدۇ، 57 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 370 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۆكتېرەكلىك سايىم ئاخۇن دېگەن كىشى ئۆپكە قۇيۇشقا ئۇستا بولغاچقا «ئۆپكە» لەقىمى سىڭىپ قالغان. كېيىنچە كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

### چاڭگادۆڭ مەھەللە

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. 52 ئائىلە، 224 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1140 مو. بۇ جايدا يوغان بىر قۇم دۆڭى بار بولۇپ، دۆڭنىڭ ئۈستى توغراقلىق، ئالدىدا چوڭ كۆل بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئۇچار قۇشلار بۇ يەرنى ماكان قىلىۋالغان، كىشىلەر بۇ جاينى «چاڭگا دۆڭ» دەپ ئاتاشقان. 1970-يىلىدىن كېيىن كەنت پەيدا بولغان. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاقسۇ كۆل

مەيدان تەشكىللىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 88 ئائىلە، 305 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1440 مو. ئىلگىرىسىدە بۇ جايدا بىر تەبىئىي كۆل بولۇپ، تاغدىكى قارلاردىن ئېرىپ چۈشكەن كەلكۈنسۇ بۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ تۇرغان. كېيىن كۆل قۇرۇپ كېتىپ قومۇش ۋە ياۋا ئوت-چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن. تەخمىنەن 130 يىلنىڭ ئالدىدا كەنت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

### تۇغمەھەللە دادۈي

تۇرۇشلۇق ئورنى: تۇغمەھەللە

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئىككى كەنت بار، 48 ئائىلە، 239 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 135 نەپەر، ئۇيغۇر 40 نەپەر، خۇيزۇ 14 نەپەر. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 1935 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى سەۋزە. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1962-يىلىدىن ئىلگىرى بۇ يەر ئادەم ئولتۇرمايدىغان جاي بولۇپ، كېيىن باشلاق چارۋىچىلىق مەيدانىدىن بىر بۆلۈك خەنزۇ دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى كۆچۈرۈپ كېلىنىپ 8-دادۈي قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1978-يىلى «تۇغمەھەللە دادۈي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

### تۇغمەھەللە

مەيدان تەشكىللىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، 23 ئائىلە، 119 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 900 مو. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر يار بولۇپ، كىشىلەر يارنىڭ ئىچىگە تۇغ سېلىپ سۇ باشلاپ يەر سۇغارغان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ شۇنداق ئاتالغان.

قازاقمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 25 ئائىلە، 120 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1025 مو. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاۋۇت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ بوۋىسى قازاق مىللىتىدىن بولغاچقا، كەنت پەيدا بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئاتالغان.

جالدىر مەھەللە داد ۋي تۇرۇشلۇق ئورنى: جالدىرمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان. قارىمىقىدا ئۈچ كەنت بار. 225 ئائىلە، 897 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 3432 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1975 ـ يىلى كۆنچىمەھەللە، ئاياقمەھەللە، مېچىتئالدى داد ۋيلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن شياۋدۈينى ئاجرىتىپ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۈما دېھقانچىلىق مەيدان 9 ـ داد ۋي» قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1978 ـ يىلى ھازىرقى «جالدىرمەھەللە داد ۋي» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن.

جالدىر مەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 97 ئائىلە، 387 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1416 مو. دەسلەپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھوشۇر موللا دېگەن كىشى پاختا ئېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، پاختا ئاتىدىغان دۈكىنىنىڭ سىپىگە تۆمۈر ھالقىلارنى بېكىتىپ قويغان، پاختا ئاتقىلى تۇرغاندا "جالدۇر ـ جۇلدۇر" ئاۋاز چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «جالدىر» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا بۇ لەقەم كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

پاگىر مەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، 67 ئائىلە، 265 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1007 مو. دەسلەپتە ئابدىرىيىم دېگەن بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا داۋاملىق ئالقانات سايىقلارنى توغرا يولغا باشلاپ، خۇددى خېمىر ئۆرلىتىدىغان پاگىردەك رول ئوينىغاچقا، جامائەت ئۇنى قەدىرلەپ «پاگىر» دەپ ئاتاشقان. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

پاكىنەكمەھەللە

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، 61 ئائىلە، 245 نوپۇسى بار. تېرىلغۇ يېرى 1009 مو. ئاۋۋال بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان موللا ساۋىر غوجا دېگەن ئاقساقالنىڭ بويى پاكار، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ پاكار كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارنى «پاكىنەك» دەپ ئاتاشقان. كېيىن كەنت پەيدا بولغاندا، ئۇ سۆز كەنتكە نام بولۇپ قالغان.

قېزىر داد ۋي تۇرۇشلۇق ئورنى: قېزىر

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭلىككە جايلاشقان، قارىمىقىدا بىر كەنت بار. 120 ئائىلە، 548 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 4260

مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، ئۈزۈم. تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1959 ـ يىلى ھەرقايسى دادۇيلەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىنىپ كەنت ھاسىل قىلىنغان. 1962 ـ يىلى 10 ـ دادۇي قىلىپ تەشكىللەنگەن. 1978 ـ يىلى «قىزىر دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان.

**قىزىر**

ئومۇمىي ئەھۋالى دادۇينىڭكىگە قارالسۇن. مەنىسى «قىزىش». 1959 ـ يىلنىڭ ئىلگىرىدە بۇ يەر بىر پارچە قاقاسلىق بولۇپ، يۇلغۇن، سېغىز كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر داۋاملىق بۇ يەردىن سېغىز، يۇلغۇن كولايتتى. كېيىن كەنت پەيدا بولۇپ، شۇنداق ئاتالغان.

**مەمەتمازار** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىلىنىڭ جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتر كېلىدۇ، 500 مو تېرىلغۇ يەر بار. ئاساسلىق ئېلىنىدىغان مەھسۇلات بۇغداي بىلەن كۆممىقوناق. بۇرۇندا مەمەت ئاتلىق بىر كىشى بۇ يەرگە مال بېقىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. مەيدان تەشكىلىگە قارايدۇ.

**ئېقىنبويى** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 1200 مو تېرىلغۇ يەر بار. ئادەم ئولتۇرمايدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن. بۇرۇندا كەلكۈن كېلىپ بۇ يەردە ئېقىن ھاسىل بولۇپ قالغان بولۇپ، تېرىم يەرلەر بۇ ئېقىننىڭ بويىدا بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. مەيدان تەشكىلىگە قارايدۇ.

**جىگدىدامكۆل** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.5 كىلومېتر كېلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 200 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، بېدە. بۇرۇندا بۇ يەرنىڭ ئورنى پەس بولغاچقا سۇ يىغىلىپ كۆل بولۇپ قالغان، ئۇ يەردە جىگدە كۆپ بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان. كۆنچەمەھەللە دادۇيدىن تېرىيدۇ.

**كونا قاراتاغىز** (دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.6 كىلومېتر كېلىدۇ. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 2500 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، مايلىقدان. مەنىسى «كونا قارا تار ئېغىز». ھازىرقى قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ قېشىدىكى تار جىلغىدا قارا لاي كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلگىرىدە بۇ جىلغا خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەرگە بارىدىغان بولۇپ، كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يولنى ئۆزگەرتىپ، جىلغىنىڭ ئېغىزى بارغانسىرى غەربىي جەنۇبىي ياقىغا يۆتكەلگەن. قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە كۆچمە قۇمنىڭ تۈپەيلىدىن قەدىمكى شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، جەنۇب تەرەپكە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. مىچىتئالدى دادۇيدىن تېرىيدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**ئۈزۈنتوغراق**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1500 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن. بۇ يەردە يوغان بىر ئېگىز توغراق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. 1962 ـ يىلى بىنەم ئېچىلىپ دېھقانچىلىق نۇقتىسى قىلىنغان. مېچىتئالدى دادۇيىدىن تېرىيدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**تېتىر**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئائىلىلىك يەتتە ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 1500 مو، باغ كۆلىمى 100 مو. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، بېدە. بۇ يەر قۇملۇقنىڭ بويىغا جايلاشقان چۆللۈك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. ئاۋات دادۇيىدىن تېرىيدۇ.

(دېھقانچىلىق نۇقتىسى)

**قاغائاستى**

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 600 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، بېدە. بۇرۇن كىشىلەر بۇ جايدىكى بىر ئېگىز دۆڭگە ئۆلۈك قاغىنى ئېسىپ قويۇپ يول نىشانىسى قىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. مەيدان تەشكىلىگە قارايدۇ.

# كەسپىي تارماقلارنىڭ ناملىرى

## كارخانا ئورۇنلىرى

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ماشىنىلىق تېرىلغۇ ئەترىتى

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىگە 0.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئورنى 35 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر. كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 94 نەپەر، 155 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن ئىككىسى، ئاپتوموبىلدىن يەتتىسى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 31 ى، ھەر خىل سۈرتىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىدىن 34 ى بار. يەنە تېشىش ستانوكى، ئېلېكترلىق كەپشەرلەش ماشىنىسى قاتارلىقلارمۇ بار. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭ مو يەردە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدۇ، 13 مىڭ مو يەرگە ئورۇق سالىدۇ، 100 مىڭ كىلوۋات سائەت ئەتراپىدا توك چىقىرىدۇ. گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان تېرىلغۇ ئەترىتى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەترەت 1958-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلى ئىسمى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان تراكتور پونكىتى» ئىدى. 1964-يىلى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ماشىنىلىق تېرىلغۇ ئەترىتى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتالغان. 1980-يىلى ھازىرقى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ماشىنا ئەترىتى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن.

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلۇش ئەترىتى

ئورنى مەيدان تەشكىلىنىڭ ئىچىدە. 67 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، لاي ئېتىش ماشىنىسى، ئېگىزگە يۈك چىقىرىش ماشىنىسى، موللاقچى ئاپتوموبىل قاتارلىق قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى بار. ئۆز مەيدانىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئىشلەيدۇ. 1985-يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 580 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي تاپقان پايدىسى 76 مىڭ يۈەن بولغان. گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1959-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئىسمى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى» ئىدى، 1980-يىلى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلۇش ئەترىتى»گە ئۆزگەرتىلگەن.

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان كارخانىسى

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىگە 0.2 كىلومېتر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 2159 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 38 نەپەر. ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق ئاشلىق ۋە مايلىقنى پىششىقلاپ

ئىشلەيدىغان ماشىنىلاردىن 26 سى بار. ماشىنا ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغانىدىكى كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈن 25 مىڭ جىڭ، چىقىرىلىدىغان پاختا سائىتىگە 4000~700 جىڭ، ياغ سائىتىگە 300 جىڭ. گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان كارخانىسى» دەپ ئاتالغان. 1958-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئىسمى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى»، ئورنى تۆگمەن كەنتىدە ئىدى. 1964-يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، نامىنى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئۇنىۋېرسال كارخانا» دەپ ئۆزگەرتكەن. 1980-يىلى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان كارخانىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

## كەسپىي ئورۇنلار

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئوتتۇرا مەكتەپ

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 35 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 21 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 85 نەپەر. تەجرىبەخانا، كۇتۇپخانا، داۋالاش ئۆيى بار. 1980-يىلى نامى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئوتتۇرا مەكتەپ»كە ئۆزگەرتىلگەن.

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئورمانچىلىق پونكىتى

ئورنى مەيدان تەشكىلىنىڭ ئىچىدە. 24 ئائىلە ئولتۇرۇشلۇق، 241 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، باشقۇرىدىغان كۆچەتخانا 23 مو، ئورمان بەلبېغى 6424 مو. 1980-يىلى قۇرۇلغان. گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى، پۈتۈن مەيداننىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولغانلىقى، ئۆز دائىرىسىدىكى ئورمان بەلبېغى ۋە كۆچەتخانىنى باشقۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق نام ئالغان.

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان دوختۇرخانىسى

مەيدان تەشكىلىنىڭ جەنۇبىغا 0.45 كىلومېتر كېلىدۇ. ئورنى 30 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر. 30 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 8 نەپەر. رېنتگېن ئاپپاراتى، كۆلەڭگىسىز چىراق قاتارلىق ھەر خىل تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن 15 ى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدىن بىرى بار. يىللىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامبولاتورىيىدە كۆرىدىغان كېسەل 19 مىڭ ئادەم قېتىمغا، كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغان كېسەل 1205 ئادەم قېتىمغا يېتىدۇ. بۇ دوختۇرخانا گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولۇپ، پۈتۈن مەيداندىكى خەلق ئاممىسىنى داۋالاش ۋە قۇتقۇزۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان دوختۇرخانىسى»دەپ ئاتالغان. 1958-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما دېھقانچىلىق مەيدان شىپاخانىسى» دەپ ئاتالغان، 1980-يىلى نامى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان دوختۇرخانىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

### گۇما دېھقانچىلىق مەيدان سۇ باشقۇرۇش پونكىتى

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىگەللىگەن ئورنى 700 كۋادرات مېتىر، 35 ئېغىز ئۆيى بار. ئىشچى-خىزمەتچىسى 23 نەپەر. باشقۇرىدىغان دېھقانچىلىق ئېرىق-ئۆستەڭ-لىرى 573 تاناپ بولۇپ، 218.32 كىلومېتىر. زاكو، كۆۋرۈكلۈك سۇغۇچ، شاقىراتما 227. پۈتۈن مەيدانىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراپ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 1958-يىلى قۇرۇل-غان بولۇپ، ئەسلىدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۇما ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدان سۇ باشقۇرۇش پونكىتى» دەپ ئاتالغان، 1980-يىلى «گۇما دېھقانچىلىق مەيدان سۇ باشقۇرۇش پونكىتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

## سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ناملىرى

### قاراتاغىز سۇ ئامبىرى

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. توپا تۇغاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.4 كىلومېتىر، پىلانلانغان ئامبار سىغىمى 10 — 5 مىليون كۇب مېتىر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 167 مىڭ كۇب مېتىر. قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۈيى كېلىدۇ، ئاز مىقداردىكى بۇلاق سۈيى ۋە ماشىنىلىق قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. سۇغۇرۇش كۆلىمى 46 مىڭ مو، پىلانلانغان ئەڭ چوڭ سۇغۇچتىن ئۆتىدىغان سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا 8 كۇب مېتىر. سۇ ئامبىرىدا بېلىق بېقىلىدۇ، قومۇش بار (قومۇشتىن كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 11 مىڭ يۈەن). بۇ سۇ ئامبىرى گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولۇپ، بۇ جايلارنى ئۇيغۇرلار «قاراتاغىز» (مەنىسى: «قارا تار ئېغىز») دەپ ئادەتلەنگەچكە، شۇنداق ئاتالغان. 1957-يىلى ئىش باشلىنىپ 1958-يىلى 11-ئايدا پۈتۈپ، «يېڭىچىن سۇ ئامبىرى» دەپ نام بېرىلگەن. 1982-يىلى نامى «قاراتاغىز سۇ ئامبىرى»غا ئۆزگەرتىلگەن.

### قاراتاغىز تاشيولى

بۇ تاشيول گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات كەنتىدىن باشلىنىپ مەيدان تەشكىلىدىن ئۆتۈپ، كۆكتېرەك ئۆستەڭنىڭ 2-زاكوسىدا كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ تاشيولىغا تۇتىشىپ، ناھىيە شەھىرى ۋە چاكو-قاغىلىق تاشيولىغا كېتىدۇ. يولنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 7 كىلومېتىر، قالغانلىرى توپا يول، مەيدان دا-ئىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 21.5 كىلومېتىر. ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىدىن 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولدا شور ئۆرلەپ پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تاشيول گۇما دېھقانچىلىق مەيدان دائىرىسىدە بولغانلىقى، گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. 1961-يىلى ياسالغان، 1963-يىلى پۈتكۈزۈلگەن. 1981 — 1980

يىللىرى 7 كىلومېتر جايغا شېغىل ياتقۇزۇلغان.

### قاراتاغىز ئۆستەڭ

بۇ غول ئۆستەڭ قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ كۆلچىدىن باشلىنىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاۋات كەنتىگىچە بارىدۇ. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 4 مېتر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 17.95 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سولىياۋ رەخت سېلىپ سۇ ئۆتمەس قىلىپ ياسالغىنى 7.33 كىلومېتر. قوشۇمچە 11 زاكوۇ، 5 كۆۋرۈكلۈك سۇ كۆچ ياسالغان. سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇب مېتر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 60 مىڭ مو. بۇ ئۆستەڭ گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دائىرىسىدە بولغانلىقى، گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق بولغانلىقى، «قاراتاغىز سۇ ئامبىرى»نىڭ سۇيى كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن «قاراتاغىز ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. 1959-يىلى 12-ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1962-يىلى 12-ئايدا پۈتكۈزۈلگەن.

### ئارايار ئۆستەڭ

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، گۇما بازىرى دائىرىسىدىكى ساغان زاكوۇدىن باشلىنىدۇ. قوشتاغ دەرياسىنىڭ سۇيى باشلاپ كېلىنىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ قاراتاغىز سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 6 مېتر. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتر، بۇنىڭدىن تاش ئۆستەڭ قىسمى 7.5 كىلومېتر، ئەڭ چوڭ سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكۇنتىغا 12 كۇب مېتر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 62 مىڭ مو، گۇما بازىرى دائىرىسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتر، ئۆز مەيدانى دائىرىسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتر. بۇ ئۆستەڭ گۇما بازىرىنىڭ ئارايار كەنتىدىن كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، «ئارايار ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. 1964-يىلى ياسالغان.

### ئارپىلىقتوقاي ماشىنىلىق قۇدۇقلىرى

1-نومۇرلۇق قۇدۇق مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.1 كىلومېتر كېلىدۇ؛

2-نومۇرلۇق قۇدۇق مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.4 كىلومېتر كېلىدۇ؛

3-نومۇرلۇق قۇدۇق مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 14.6 كىلومېتر كېلىدۇ.

بۇ ئۈچ كۆز ماشىنىلىق قۇدۇقنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 مېتردىن. سۇ چىقىش مىقدارى سائىتىگە 80 كۇب مېتردىن بولۇپ، قاراتاغىز سۇ ئامبىرىنىڭ تولۇقلىما سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. 1982-يىلى كولانغان. بۇلار «ئارپىلىقتوقاي» غا تارالغان قۇدۇقلار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### چاچقۇم قۇدۇق

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 22 كىلومېتر كېلىدۇ. قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 1.5 مېتردىن، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 15 مېتر، سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.6 مېتر، سۇيى سەل تۇزلۇقراق، قۇدۇقنىڭ دىۋارىغا ياغاچ قويۇلغان، ئەتراپىدا يۇلغۇن، توغراق ۋە يانتاق قاتارلىقلار بار. بۇ قۇدۇقنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئۇ يەر-بۇ يەردە تارقاق قۇم بارخانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. تەخمىنەن 130 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كولانغان.

### چىقىرمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.2 كىلومېتىر كېلىدىغان چىقىرمەھەللە كەنتىدە. چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتە 80 كۇب مېتىر، سۈيى تاتلىق، قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە سۇ مۇنارىسى ياسالغان بولۇپ، مەيدان تەشكىلى ھەمدە ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى سۇ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. 1981 ـ يىلى كولانغان. 1982 ـ يىلى سۇ مۇنارىسى ياسالغان.

### كۆنچىمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىگە 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆنچىمەھەللە كەنتىدە. چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، سۇ چىقىش مىقدارى سائەتتە 80 كۇب مېتىر، سۈيى تاتلىق. 1981 ـ يىلى كولانغان.

### قاغائاستى قۇدۇق

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 6 مېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 2 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.6 مېتىر، سۈيىنىڭ تەمى تۇزلۇق. بۇ قۇدۇقنىڭ ئورنى قاغائاستى دېھقانچىلىق نۇقتىسىدا بولغاچقا، شۇنداق نام ئالغان، ھازىر قۇمدا كۆمۈلۈپ قالغان.

## تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرى

### ئاۋاتئېقىن

مەيدان تەشكىلىنىڭشەرقىگە 4.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، چودا يېزىسىدىكى باشلاق بېلىقكۆلىدىن باشلىنىپ، غەربىي جەنۇبتا گۇما بازىرىدىكى بېلىقكۆل بىلەن تۇتىشىپ، مەيدان دائىرىسىدىكى ئاۋات كەنتىگىچە كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، ئىككى تەرىپى قۇملۇق بولۇپ قومۇش ئۆسىدۇ. بۇ جىلغىنىڭ سۈيى ئاۋات كەنتىگە ئېقىپ كىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### قومۇشلۇقيار

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8.9 كىلومېتىر كېلىدۇ، قىغىلىقدۆڭگە يېقىن، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1 مېتىر، يارنىڭ ئىچىدە يىل بويى سۇ سىزىپ چىقىپ تۇرىدۇ. مەخسۇس ئادەم باشقۇرىدۇ. بۇرۇندا كەلكۈن كېلىپ يار ھاسىل بولغان، ئىچىدە قومۇش ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

### ئارپەلىقتوقاي (سازلىق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، قاراتاغىز سۇ ئامبىرى كەلكۈن چىقىرىش زاكۇسىنىڭ قېشىدا، كۆلىمى 1000 مو كېلىدۇ، قومۇش ئۆسىدىغان بولۇپ، قومۇشلۇق كۆلىمى 100 مو ئەتراپىدا. بۇرۇن بىر چوڭقۇر جىلغا بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئەگىپ قايىنام ھاسىل قىلىپ، كېيىنچە ئويمانلىق بولۇپ قالغان، ئۇ يەردە ياۋا ئارپىخان كۆپ ئۈنىدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئاۋاتئېقەن بويى** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتر كېلىدۇ، قومۇش، يۇلغۇن ئۆسىدۇ، مال باقىلى بولىدۇ. بۇ قۇملۇق ئاۋاتئېقىنىنىڭ بويىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**ئېگىز ئېغىل** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 11.7 كىلومېتر كېلىدۇ، يۇلغۇن، يانتاق ھەمدە ئازراق توغراق بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلگىرى بۇ يەردە ئېگىز بىر قۇملۇق دۆڭ بولۇپ، بۇندىن 150 يىلچە بۇرۇن بىر ئادەم بۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر قوي ئېغىلى سالغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**يولئېغىزى دۆڭ** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالىغا 13 كىلومېتر كېلىدۇ. بىر ئېگىز قۇم دۆڭى بولۇپ، توغراق ۋە يۇلغۇن ئۆسىدۇ. بۇ دۆڭ ئاۋات كەنتىدىن قۇملۇققا ئۆتۈن ئالغىلى بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان.

**تېرەمئاچچىق** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 14 كىلومېتر كېلىدۇ. توغراق، يۇلغۇن بار بولۇپ ھازىر قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن. ئېيتىلىشچە تەخمىنەن 150 يىلنىڭ ئالدىدا ئاۋاتلىق قۇربان ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن يەر ئېچىپ پالەك تېرىسا، مايسا چىقىرىپلا ئۇسساپ قۇرۇپ قاپتىكەن. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغان.

**خادىلىق** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15 كىلومېتر كېلىدۇ، ئورنى تەخمىنەن 300 مو، ئاز مىقداردا توغراق بار، مال باقىلى بولىدۇ. بۇرۇندا بۇ يەردە توغراق جىق بولۇپ، كىشىلەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ خادا كېسىپ ئاپىرىپ ئۆي ياپىدىغان، ئۆتۈن قىلىپ قالايدىغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**كوناكۆل** (قۇملۇق)

مەيدان تەشكىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 23.6 كىلومېتر كېلىدۇ، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتر، توغراق، يۇلغۇن ئۆسىدۇ، كېيىك، ياۋا توشقان بار. ئىلگىرىدە بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى قۇم دۆڭلىرى ئوراپ تۇرىدىكەن. 500 يىلنىڭ ئالدىدا سانجۇ دەرياسىدىن تېشىپ كەلگەن كەلكۈن سۇ بۇ يەرگە يىغىلىپ قېلىپ كۆل پەيدا بولغان، كېيىن قۇرۇپ كېتىپ بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇمدا كۆمۈلۈپ قالغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**يولۋاسچىققان تار** (قۇملۇق)

